2007.5


شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بويىچە مۇنەۋۋەر ژۇرنال
شىنجاڭ ژۇرنال مۇكاپاتىغا نائىل ژۇرنال




# بۇلاق

源泉(布拉克) ⊙ BULAK

ISSN 1005-0876
10>
9 771005 087006



تۇرپان بېزەكلىك مىڭئۆيىنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى



چەرچەن قەدىمىي شەھىرىنىڭ ئىزناسى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورىنىڭ
قوش ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

28 ـ يىل نەشرى
ئومۇمىي 116 ـ سان

دوستۇم، ياشلىقنى غەنىيمەت بىل،
ئۆزۈڭنى قېرىلىق مۇشەققىتىدىن قۇتۇلدۇر. ئاداۋەت
ۋە ھەسەتتىن ساقلان. ھەر يول بىلەن بىر نەچچە
كۈن بولسىمۇ كۆڭلۈڭنى خۇشال تۇت.

چۈن كەتتى يىگىتلىك ۋە ئۇزاردى قېرىلىق، ❁ ئەپسۇسكى، ئۆمۈر نەۋجۇۋانلىق كەتتى،
دەم ساۋۇدى ۋە قالمادى قان ھەم ئىسسىغ. ❁ تەنگە قېرىلىق، ناتىۋانلىق يەتتى،
ئاغرىنغا ھايات شەربىتى بولدى ئاچچىغ، ❁ گەر ئۆزرى بىل ئۆلكى كامرانلىق ئەتتى،
ئۆلدەك خۇشراق بۇ نەۋئ ئۆمرى ئولسا قاتتىغ. ❁ چۈن تاپمادى مەركەس ئامانلىق يەتتى.

«مەھبۇبۇل قۇلۇب» تىن ئېلىندى

# بۇلاق

2007 ـ يىللىق 5 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئابلەت ئىمىن    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كلاسسىك خاتىرە ئەدەبىياتىدىن

«تارىخى رەشىدىي» ( داۋامى ) ........................................ (5)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

### شەرق كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

مۇقىمىي شېئىرلىرىدىن ........................................ (32)
نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن نىمەتۇللا

### تارىخ تەتقىقاتى

تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولى .................... شۈي شۈيا (52)
تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى

### ئەدەبىي مۇھاكىمە

رېئال مۇھەببەت سىمفونىيىسى «خالىدەم» ھەققىدە .............. ئەلانۇر يۇسۇپ ھاجى ھەسەن (72)

## بىزنىڭ سەنئىتىمىز

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى ........................ نەبىجان مەمەت (77)

ئۇيغۇر كلاسسىك تىياتىرچىلىقى ۋە ئۇيغۇر ئىتوت سەنئىتى ...................... گۈلبەھرەم قەييۇم (79)

## بىزدىكى ئەخلاق ـ پەزىلەت

ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە ياتلىشىش ................................ ھۆرنىسا (81)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن

رىۋايەتلەر ...................... توپلاپ رەتلىگۈچى: نىياز كېرىمى (85)
مەلىكە زىبا چېھرە .................... نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەرە ھەبىبۇللاھ نۇر (91)
بېيىت ـ قوشاقلار ...................... رەتلىگۈچى: ئابدۇغېنى سېيىت (100)

## مەشھۇر شەخسلەر ھەققىدە ھېكايە

مەشرەب ھەققىدە ھېكايىلەر .................. نەشرگە تەييارلىغۇچى: تاشقارى يۈسۈپ (تۇلپار) (103)

## دەۋرىمىز سەھىپىلىرىدىن

ياشلار ئويلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار ........................ ئابدۇرېھىم دۆلەت (107)

※

مۇقاۋىنىڭ بىرىنچى بېتىدە: تارىم قىسسىسى (2) ( پەرھات ئىبراھىم سىزغان )

※ ※ ※

مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەزىز تۇردى
مەسئۇل كوررېكتورى: ئادالەت مەخسۇت
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئەكبەر سالىھ

تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2815971 (0991)
تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 (0991)



# تارىخى رەشىدى (داۋامى)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇردى مىرزىئەخمەت

**نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن:** «تارىخى رەشىدى»نىڭ تاشكەنتتە ساقلىنىۋاتقان تۈركىي تەرجىمىسى ھىجرىيە 1253 (مىلادىيە 1837 — 1838) ـ يىلى قەشقەرنىڭ ھۆكۈمدارى ئەمىر زۇھۇرىددىن تاجىبەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن نامەلۇم تارىخچى ۋە تەرجىمان تەرىپىدىن تەرجىمە قىلىنغان. بۇ قولىيازمىنىڭ ھەر بېتىگە 19 قۇردىن خەت كۆچۈرۈلگەن. قولىيازمىغا كېيىنكىلەر تەرىپىدىن بەت نومۇرى قويۇلغان. قولىيازمىنىڭ بېشىدا باشقا بىر كىتاب كۆچۈرۈلگەن. قولىيازمىنىڭ قولىمىزغا كەلگەن مىكرو فىلىمدە بۇ كىتابنىڭ 111 ـ بېتىدىن باشلاپ بار، بۇ كىتاب ئەسلىي قولىيازمىدا تولۇقسىزمۇ ياكى بىزگە كەلگەن مىكرو فىلىمدە تولۇقسىزمۇ؟ ھازىرچە بۇنى ئېنىقلاپ ئۈلگۈرمىدۇق، بۇ كىتاب قولىيازمىنىڭ 121 ـ بېتىدە ئاخىرلىشىدۇ. ئاندىن 122 ـ بەت ئاق تاشلىنىپ، 123 ـ بەتتىن باشلاپ 128 ـ بەتكىچە بولغان بەتلەرگە «تارىخى رەشىدى»نىڭ مۇندەرىجىسى بېرىلگەن. مۇندەرىجىدىن كېيىن ئىككى بەت ئاق تاشلىنىپ، 131 ـ بەتتىن باشلاپ «تارىخى رەشىدى»نىڭ تېكىستى باشلىنىدۇ. «تارىخى رەشىدى»نىڭ بىرىنچى دەپتىرى 312 ـ بەتنىڭ يېرىمىدا ئاخىرلاشقان؛ ئىككىنچى دەپتەر يەنە شۇ بەتنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كۆچۈرۈلگەن. «تارىخى رەشىدى»نىڭ ئىككىنچى دەپتىرى بۇ قولىيازمىنىڭ 686 ـ بېتىنىڭ يېرىمىدا ئاخىرلاشقان. 686 ـ بەتنىڭ يېرىمىدىن باشلاپ «تارىخى رەشىدى» داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان. داۋاملاشتۇرۇپ يازغان قىسمىدا ئەينى دەۋرىدىكى مىرزاھەيدەر يېزىشقا ئۈلگۈرمىگەن ۋەقەلىكلەردىن باشلاپ تاكى 1830 ـ يىللاردىكى قەشقەر ھۆكۈمدارى زۇھۇرىددىن ھېكىمبەگ دەۋرىگىچە، يەنى 1838 ـ يىللىرىغىچە بولغان تارىخىي جەريان يىل تەرتىپى بويىچە رەتلىك بايان قىلىنغان. بۇ قىسىم قولىيازمىنىڭ 830 ـ بېتىدە ئاخىرلاشقان. بۇ قولىيازمىدا «تارىخى رەشىدى»نىڭ ھەربىر ماۋزۇسىغا تېكىست ھاشىيەسىدە ۋە مۇندەرىجە قىسمىدا «بىرىنچى فەسىل، ئىككىنچى فەسىل...» دېگەندەك باب نومۇرلىرى بېرىلگەن. بۇ قولىيازمىدا «تارىخى رەشىدى»نىڭ بىرىنچى دەپتىرى بىرىنچى فەسىل (باب)دىن باشلىنىپ ئەللىك سەككىزىنچى فەسىلنىڭ (باب) تۈگىشى بىلەن ئاخىرلاشقان. ئىككىنچى دەپتىرى ئەللىك توققۇزىنچى فەسىلدىن باشلىنىپ، بىر يۈز توقسىنىنچى فەسىلدە ئاخىرلاشقان. داۋاملاشتۇرۇپ يېزىلغان قىسمى بىر يۈز توقسان بىرىنچى فەسىلدىن باشلىنىپ، ئىككى يۈز سەكسەن توققۇزىنچى فەسىل تۈگەش بىلەن ئاخىرلاشقان. قولىيازمىنىڭ داۋامىغا زۇھۇرىددىن ھاكىمبەگنىڭ قەشقەردىكى سەييىد جەلالىددىن بەغدادىي زىيارەتگاھىنىڭ ئۇدۇلىدا ھىجرىيە 1248 (مىلادىيە 1832 — 1833) ـ يىلى مەدرىسە بىنا قىلغانلىقى ۋە بۇ مەدرىسە ئۈچۈن ۋەقپە قىلغان مال ـ مۈلۈك، يەر ـ زېمىنلارنىڭ ھىجرىيە 1254 (مىلادىيە 1838 — 1839) ـ يىلى پۈتۈلگەن بىر پارچە ۋەقپىنامە تەۋلىيىسى قوشۇپ كۆچۈرۈلگەن.

قولىيازمىنىڭ 131 ـ بېتىدە: «سىنە 1300»(ھىجرىيە 1300 ـ يىلى) دېگەن خەت بار. قولىيازمىنىڭ 279 ـ بېتىنىڭ ھاشىيىسىدە يەنە: «سىنە 1300»، «بىر مىڭ ئۈچ يۈز»، «فەقىر كەمىنە موللا خدىرعلى» دېگەن خەت بار.

بۇ يىلنامە بۇ قولىيازمىنىڭ كۆچۈرۈلگەن ۋاقتىمۇ؟ «موللا خدىرعلى» (خۇدا يارئەلى بولسا كېرەك) دېگەن كىشى بۇ قولىيامىنى كۆچۈرگۈچى كاتىپمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەكشۈرۈپ، ئىشەنچلىك دەلىل ـ ئىسپاتقا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئاندىن بىرنەرسە دېيىشكە توغرا كېلىدۇ.

«تارىخى رەشىدىي»نىڭ بۇ نۇسخىسىنى تەرجىمە قىلغۇچى كىشى بۇ قولىيازمىنىڭ 136 ـ بېتىدە ئۆزىنىڭ زۇھۇرىددىن تاجىبەگنىڭ پەرمانىغا بىنائەن ھىجرىيە 253 ـ يىلى بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشنى باشلىغانلىقىنى ئېنىق يازغان. ئەمما، ئۆز ئىسمىنى ئېنىق يازماي ئۆزىنى بۇ فەقىر بىبىزائەت ۋە ھەقىر كەم ئىستىتائەت» (بۇ ئىقتىدارسىز پېقىر ۋە قابىلىيەتسىز خارۇ زار) دېگەن سۆزلەر بىلەن ئاتىغان. شۇڭا، تەرجىماننىڭ ئىسمى نېمە؟ كىتابنىڭ ئاخىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ يازغۇچى كىشى تەرجىماننىڭ ئۆزىمۇ ياكى باشقا بىرىمۇ؟ دېگەن سوئاللارغىمۇ ھازىرچە جاۋاب بېرىش قىيىن. بۇ ھەقتە يەنە داۋاملىق ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن بۇرۇن، بۇ ئەسەرنىڭ ئۆزىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇنىدۇق. بۇ ئەسەر «تارىخى رەشىدىي»نىڭ داۋامى سۈپىتىدە ئۇلاپ يېزىلغانلىقى، ئۇنىڭ ھازىرچە باشقا ئىسمى مەلۇم بولمىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ نۇسخىنى ھازىرچە «تارىخى رەشىدىي» (داۋامى) دەپ ئاتاپ تۇردۇق.

※ ※ ※

# «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

## مەۋلانا كەمالىددىن ئەبۇلخەيرنىڭ زىكرى

مەۋلانا كەمالىددىن ئەبۇلخەير ئۇلۇغ بۇزرۇكۋارلاردىن بولۇپ، قارا سۇلتان پادشاھ بەلخ ۋىلايىتىنىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان زاماندا بەلختە خالايىققا دەرس ئېيتىپ، فىقھى ئىلمىدىن تەلىم بېرەتتى. كۆپلىگەن ئىلىم تەلەپكارلىرى ئۇ زاتنىڭ ئىلمىدىن بەھرىمەن بولغانىدى. ئۇ زات ئىنتايىن خۇشخۇي، شېرىن سۆز، سېخى كىشى ئىدى، ساخاۋەت داستىخانلىرى ھەمىشە ئوچۇق ئىدى، شېئىرىيەت ئىلمىدىمۇ تەڭداشسىز ئىدى، گاھىدا كۆڭۈللىرى شېئىرىيەت تەرەپلىرىگە ئىلتىپات قىلىپ، ھىجراندىن دىۋانلار يېزىپ، مەشۇقنىڭ قوشۇما قاشلىرىنى، ھالقا ـ ھالقا چاچلىرىنى، شەمشاد نوتىسىدەك بويلىرىنى، پەرىزاتلاردەك يۈزلىرىنى تەرىپ ـ تۆسۈپ قىلاتتى؛ ئۆزىگە «ئاشىقىي» دەپ تەخەللۇس قويىدى ۋە مۇشۇ تەخەللۇس بىلەن بېيىتلەرگە زىننەت بەردى؛ ئاخىر تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىز[1] بولغاندا بۇ مەجازى ئالەمنىڭ تەئەللۇقاتىدىن قول ئۈزۈپ، ھەقىقىي مەشۇقنىڭ ۋىسالىغا يېتىشتى. نازۇك تەبىئەتلىك شائىرلاردىن بىرى ئۇ زاتنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى «فەۋتى ئاشىق» (ئاشىقنىڭ ۋاپاتى) دېگەن سۆزنىڭ ھەرپلىرىدىن تېپىپ چىقىپتۇ[2]. ئۇ زات بەلخ ۋىلايىتىدە ھەزرىتى سۇلتان خىزىرۋىيە — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ نۇرلۇق ۋە پەيزىلىك مازارلىرى يېنىدا دەپنە قىلىندى.

ئىقلىملار ھەققىدىكى كىتابلاردا: بەلخنىڭ قەلئەسىنى كەيۇمەرس بىنا قىلدى، تەھمۇرەس دىۋبەند تاماملىدى، ئاندىن كېيىن لۇھراسىپ پەيغەمباشتىن تەئمىر(رېمونت) قىلدى، دېيىلىدۇ. بەزىلەر: ئاختۇخنىڭ ئوغلى بەلاخ دېگەن كىشى تەئمىر قىلغان دەيدۇ. بەلخنى نۇرغۇن جامائەتلەر ئىرەجنىڭ نەۋرىسى، فەرىدوننىڭ ئوغلى مەنۇچىھر بىنا قىلغان، دەيدۇ. دېمەك، مۇشۇنداق بىر ـ بىرىگە زىت

---

① ھىجرىيە 938 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1531 ــ 1532 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «فوت عاشيق» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى·جەملەنسە ھىجرىيە 938 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

رىۋايەتلەر بىلەن بەلخ شەھىرىنىڭ كىم تەرىپىدىن بىنا قىلىنغانلىقىنى ھېچ كىشى مۇقىمدىيالماپتۇ. تەھقىقلىگۈچى كىشىلەر بەلخنى قۇببەتۇل ـ ئىسلام، ئۇممۇل ـ بىلاد، يەنى ئىسلامنىڭ گۈمبىزى، شەھەرلەرنىڭ ئانىسى، يەر يۈزىنىڭ جەننىتى ۋە تۇپراقلارنىڭ ياخشىسى، دەپ ئاتاپتۇ.

### شەيخ جەمالىددىن ئەتائۇللاھ مەشھەدى — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ زىكرى

شەيخ جەمالىددىن ئەتائۇللاھ مەشھەدى سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغاندا ئۇنىڭ دەرگاھىدا ۋەزىرلىك ئورۇندۇقىدا ئولتۇرۇپ ۋازارەت ئىشىنى قىلاتتى ھەم شۇ يەردە تۇرۇپ زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىقنى ئادەت قىلىپ، يوقىرى مەرتىۋىگە يەتكەنىدى؛ ئەمىرلەر ئارىسىدا ئەزىزلىنىپ ۋازارەت ئايۋىنىدا قۇياشتەك نۇر چاچقانىدى؛ تەۋلىيە، يارلىق نىشان، خەت ـ ئالاقە ۋە دەستەكلەرگە ئەلا دەرىجىدە زىبۇ زىننەت بېرىپ پۈتەتتى. شۇ سەۋەبتىن سۇلتان ھۈسەيىن مىرزا بۇ زاتقا كۆپتىن ـ كۆپ پەرۋىشلەر قىلاتتى. ئۇلاردىن كېيىن سۇلتان ھۈسەيىن بايقارانىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ خىزمىتىدە بولدى. ئۇلاردىن كېيىن جەمشىد سۈپەتلىك، ئىسكەندەر نىشانلىق پادىشاھ مۇھەممەد شايبانىخانغىچە ئاشۇ ئورۇندا مۇقىم ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ زاتنىڭ ھىممەت دەرياسى جۇش ئۇرۇپ، بۇ تۇراقسىز مەنسەپنى قوبۇل قىلماي، «شۆھرەت — ئاپەت دېمەكتۇر، خىلۋەت — راھەت دېمەكتۇر» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى بويىچە بىر خالىي ئورۇننى ئىختىيار قىلىپ، پىنھان ھاياتنى ئىزدەپ نەچچە ۋاقىتقىچە خىلۋەتتە ئولتۇردى. ۋاقتىكى تەڭرىتائالانىڭ ئەمرى بىلەن ئۆلۈم ئاغرىقىغا مۇپتىلا بولۇپ، تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىز رەبىئەل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ ئىككىسى يەكشەنبە كۈنى پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە كۆچتى، مۇبارەك جەسەتلىرىنى ھەزرىتى شەيخ ئەلى سۇفى — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ مازارلىرىدا دەپنە قىلدى. بۇ قىتئە ئۇ زاتنىڭ ۋاپات بولغان تارىخى ھەققىدە ئېيتىلغان، رۇبائىي:

خاجەئى سالىكان ئەتائۇللاھ ،
مەيل قىلدى دىلى بەسۇيى جىنان.

«جانىبى خۇلد رەفت» تەئرىخ بىل[①]
دەھرى ئەشغالىدىن چۇ تاپتى ئەمان.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### ئەبدۇلئەزىزخاننىڭ زىكرى

ئەبدۇلئەزىزخان ئەبدۇللاھخاننىڭ ئوغلى، ئەبدۇللاھخان مەھمۇد سۇلتان پادشاھنىڭ ئوغلىدۇر. ئەبدۇلئەزىزخان سائادەتمەن كىشى ئىدى، دەرۋىشلەرگە ئەقىدە ـ ئىخلاس قىلىپ، ئۇلارنىڭ سۆزلىرىنى جان دىلى بىلەن قوبۇل قىلاتتى، كامالەت ئەھلىنىڭ مۇرشىدى ۋە تەرىقەت ئەھلىنىڭ يولباشچىسى

① «جانب خلد رفت» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرىنى جەملىگەندە، ھىجرىيە 938 (مىلادىيە 1531) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

ھەزرىتى شەيخ جەلال — تەگرى ئۇنىڭ سىرلىرىنى مۇقەددەس قىلغاي — نىڭ سىلسىلىلىرىگە كىرگەنىدى، ھەزرىتى شەيخ مەۋلانا شەمسىددىن روھىي — تەگرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — نىڭ مۇرىتلىرىدىن ئىدى. ئەبدۇلئەزىزخان جاھاندارلىق مەشغۇلاتى، مەملىكەتنىڭ ئوي پىكرى، پادىشاھلىقنىڭ ھاۋايى - ھەۋەسلىرىگە پەرۋا قىلمايتتى. پاك ۋە بەرھەق تەگرىتائالانىڭ بەندىچىلىكىدىن ھەرگىز غاپىل بولمايتتى؛ ھەمىشە تائەت - ئىبادەت قىلاتتى، ئەمىر - مەرۇپ، نەھىي - مۇنكەرنى تولۇق بەجا كەلتۈرەتتى. ئەمما، ئۇ پادىشاھ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان مەزگىلدە پادىشاھلار ئارىسىدا بىر قانچە قېتىم تەپرىقىچىلىك پەيدا بولدى. شۇنداق بولسىمۇ خان شەرەپلىك خاتىرىلىرىنى مالال قىلماي، مەسچىت، مەدرىسە، خانىقا ۋە باشقا ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدۇردى. يەنى ياخشىلارنىڭ ئۇلگىسى، ئەۋلىيالار سەرخىلى ھەزرىتى خاجە باھائىددىن نەقشىبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ بەرىكەتلىك ۋە پەيزىلىك مازارلىرىدىكى خانىقاھ ۋە شۇنىڭغا ئوخشىغان ئالىي ئىمارەتلەرنى بىنا قىلدى؛ يەنە بۇخارا قەلئەسىنىڭ تېشىدا بىر مەسچىت بىنا قىلدى، ئۇنى «مەغاك مەسچىتى» دەپ ئاتىدى. خان بۇنىڭغا ئوخشىغان نۇرغۇن ئىمارەتلەرنى ئۆز كۈچى بىلەن بىنا قىلغانىدى. ئۇ زاتىنىڭ ياشلىرى قىرىققا يەتكەنىدى، تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز سەككىز بولغاندا روھ قۇشلىرى تەن قەپىسىدىن چىقىپ يۈكسەكلىك ئالەمىگە قاراپ پەرۋاز قىلدى، ياخشىلارنىڭ ئۇلگىسى خاجە بەھائىدىن نەقشىبەندى — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ نۇرلۇق ۋە پەيزىلىك مازارلىرىدا، ئاتىسى ئەبدۇللاھخاننىڭ يېنىدا دەپنە قىلىنىدى. ئىنچىكىلەپ تەكشۈرىدىغانلارنىڭ كۆڭلىدىن يوشۇرۇن، ھەقىقەت ئەھلىنىڭ كۆزلىرىدىن مەخپىي قالمىسۇنكى، بۇ پايدىسىز رەزىل دۇنيا تۈرلۈك ھادىسىلەرنىڭ مەنزىلى ۋە ماكانىدۇر. خاننىڭ بەخت دۆلەت ئاسمىنىنىڭ قۇياشى سۇبھىدىن بەلگە بېرىپ تېخى تولۇق تۇغمىغانىدى، زاۋاللىق چېكىگە يېتىپ بارماي تۇرۇپلا كېچىگە ئالماشتى، سەلتەنەت بىناسىنىڭ ئۇلى تېخى ئاسمان تەرەپكە كۆتۈرۈلمەستىلا، يوقىلىشىنىڭ تەتۈر شامىلى ئۇنىڭغا بەرھەم ئۇردى، رۇبائىي:

دەھرىنىڭ ھەرگىز ۋەفاسى بولماغاي،
شەمئى دەۋلەتنىڭ زىياسى بولماغاي.
ھەرنە مەۋجۇد بولسە ئاندىن كۆڭلۈڭ ئۈز،
باغلاساڭ دىل، جۆز جەفاسى بولماغاي.

ۋاقتىكى، ئەبدۇلئەزىزخان ئالەمدىن ئۆتتى، ئۇنىڭ سەلتەنەت تەختىدە مۇھەممەديار سۇلتان ئولتۇردى. ھالبۇكى يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تارىختا بۇرھان خان تۈركىستان ناھىيىلىرىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ گويياكى شاھرۇخ دەرياسى سۇيىدىن لەھەڭلەر كۆتۈرۈلۈپ چىققاندەك، ئالتۇن كىيىملىك ۋە تۆمۈر ساۋۇتلۇق لەشكەرلەرنى تەييار قىلىپ، ھەددى ھېسابسىز ۋە گۇرۇھ - گۇرۇھ لەشكەرلەر بىلەن كېلىپ، بۇخارا ناھىيىلىرىدە تۈغ - ئەلەملىرىنى تىكتى. شەمشەرلەرنىڭ چاقماقلىرىدىن چىققان ئوتلار يالقۇنغا ئايلىنىپ، ھايات خامىنىغا تاشلاندى. بۇخارا شەھىرىنىڭ كۆپلىگەن دىيارلىرىنى كۆيدۈرۈپ خاراب قىلدى. بۇ بۆلگۈنچىلىكنىڭ تارىخىنى شۇ زاماننىڭ نازۇك تەبىئەتلىك كىشىلىرىدىن بەزىلىرى «خورۇجى بۇرھانخان» دېگەن سۆزىدىن، يەنە بەزىلىرى

«خۇرۇجى سۇلتان» دېگەن سۆزدىن چىقىرىپتۇ[①]. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تارىخقا توققۇز يۈز ئەللىك سەككىزدە دوستلارنىڭ سەرخىلى، ئەۋلىيالارنىڭ پېشۋاسى (قۇتبۇل ـ ئەقتاب) ھەزرىتى شەيخ ھەسەن خارەزمىي — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — رەھمەت دەرياسىغا ئۇلىشىپ، مەجازى دۇنيانىڭ ئىبادەتگاھىدىن كۆچۈپ، يوشۇرۇنلۇق تۇپرىقىنىڭ تائەتخانىسىدا ماكان تۇتتى. بەزىلەر بۇ ھەقتە مۇنداق دەپتۇ، نەزم:

سالى تەئرىخىنى خىرەد ئېيتمىش:
«ئاھ، قۇتبى بەرەفت ئەز ئالەم[②]».

## «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

### ئەبدۇللەتىفخاننىڭ زىكرى

ئەبدۇللەتىفخان كۆچكۈنچىنىڭ ئوغلى بولۇپ، كۆچكۈنچى خان بولسا ئەبۇلخەيرخاننىڭ ئوغلى. ئەبدۇللەتىفخان ئىنتايىن خۇش پېئىل، خۇش مۇئامىلە كىشى ئىدى، ئۇنىڭ ھەرقانداق ئىشى خالايىققا ياقاتتى، دائىم ئالىملار ۋە ئەدەبىيات ئەھلى بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ تۇراتتى، كەلامۇللاھ (قۇرئان) نى ياخشى ئوقۇيتتى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا سەمەرقەند گوياكى بېھىش كەبى ئىدى. ئۇنىڭ بىنا قىلغان باغلىرىغا جەننەت باغلىرىمۇ رەشىك قىلاتتى؛ ئۇ ئۆزىنى ياشاپ ياشانغان دەۋرىگە يەتكەندە روھلىرى تەن قەپىسىدىن پەرۋاز قىلدى. بۇ ۋەقە تارىخقا توققۇز يۈز ئوتتۇز توققۇز[③] بولغاندا يۈز بەردى، ئۇنىڭ قەبرىسى سەمەرقەند شەھىرىدە ئەبۇ سەئىدخاننىڭ مەدرىسىسىنىڭ قېشىدا.

ئەبدۇللەتىفخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن سەمەرقەند پايتەختىدە سۇلتان سەئىدخان ئولتۇردى، ئۇ چاغدا تاشكەند نەۋرۇزئەھمەدخاننىڭ ئىگىدارچىلىقىدا ئىدى. ئۇ خۇتبىنى ئۆز ئىسمىغا ئوقۇتۇپ، نۆۋەت ناغرىسىنى چالدى، ماۋارائۇننەھرنىڭ كۆپلىگەن شەھەرلىرىنى ئىشغال قىلدى. تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق[④] بولغاندا نەۋرۇزئەھمەدخان سەمەرقەند ۋىلايىتىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزدى. ئاندىن سۇلتان سەئىدخان ئەبدۇللاھخاندىن ياردەم سوراپ ئېلىتچى قىلدى. تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق بىر بولغاندا[⑤] مۇھەممەد يار سۇلتان بۇرھانخاننىڭ قولىغا چۈشتى، ئۇنى بۇخارانىڭ دەرەك دېگەن يېرىدە ئۆلتۈردى ۋە بۇخارانى ئۆز قولىغا ئالدى.

## «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

### «مشكات»نىڭ يېزىلىپ تامام بولغانلىقىنىڭ زىكرى

شېرىن سۆزلۈك، راۋان بايانلىق، ھۆججەتلەرنى كېڭەيتكۈچى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ تايانچى،

---

① «خروج برهان»، «خروج سلطان» دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە ھىجرىيە 958 ـ يىلى (مىلادىيە 1551 ـ يىلى) كېلىپ چىقىدۇ.

② «اه قطبى برفت از عالم» (ئاھ، ئەۋلىيا ئالەمدىن كەتتى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 958 (مىلادىيە 1551) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

③ ھىجرىيە 939 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1532 — 1533 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

④ ھىجرىيە 940 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1533 — 1534 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

⑤ ھىجرىيە 941 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1534 — 1535 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىنچىكە تەھقىق قىلغۇچىلارنىڭ خوجىسى ھەزرىتى مەخدۇمى مەرھۇمى مەۋلانا مۇستەۋفەۋى رۇمىي — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — پەخىرلىك بۇخارا ۋىلايىتىدە تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق ئىككى① بولغاندا «مىشكات شەرىف» نى زامان ئالىملىرى ۋە دەۋر قابىللىرىنىڭ ھۇزۇرىدا يېزىپ ئاخىرىغا يەتكۈزدى. شۇ ۋاقىتتا مەيلى ئەمىرلەر ياكى پۇقرالار بولسۇن ھەممىسىنى خەتتى ئىرشاد (يولىيورۇق، يارلىق) بىلەن شاد - خۇرام قىلىندى، شۇ ۋاقىتنىڭ پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بىرىنىڭ ئېيتىشى مەۋلانە ھۇزۇرىي دېيىتتى. ئۇ ھەزرىتى مەۋلانانىڭ ھۇزۇرلىرىدا «مىشكات شەرىف» نىڭ تاماملانغانلىقى ئۈچۈن تەھسىن ۋە ئاپىرىنلار ئېيتىپ، تارىخ قالدۇرۇشنى مۇناسىپ كۆرۈپ بۇ رۇبائىينى ئېيتىپتۇ، نەزم:

دەرفاخىرەئى مۇھەرىمگەھۇ يەسرىبۇ شام،
«مىشكات» ھەدىسى گۇفت، يا جەمئى ئەنام.

ئىتمامى ھەدىسى مۇستەفەۋى چۈن كەردىد،
شۇد تەمە «ھەدىسى زۇمەر» تەئرىخ تەمام② .

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### باراقخان تاشكەندىينىڭ زىكرى

باراقخان تاشكەندىي پايتەخت سەمەرقەند شەھىرىنىڭ ھاكىمى ئىدى. باراقخان زالىملىقنى ۋە قاتتىق قوللۇقنى ئادەت قىلغان پادشاھ ئىدى. ئۆمرىنى ھەمىشە نالايىق ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇنىڭ ۋاقتىدا ئىسلامنىڭ ئاساسىغا زىيان يېتىپ، مەيخانىلارنىڭ ئىشىكى ئاۋاتلاشتى. ئۇ ھەمىشە مەيخورلار بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇپ، ئالىملار ۋە پەزىلەت ئەھلىنىڭ سۆھبىتىدىن ئۆزىنى يىراق تۇتاتتى، ئادالەتنىڭ ئۆلچىمىنى ئۆزىنىڭ نەزىرىدە بىر دانە ئارپىنىڭ ۋەزىندىنمۇ يېنىك تۇتاتتى، پادشاھلىق مەرتىۋىسىنىڭ ئېتىبارىنى قىلمايتتى؛ خالايىقنى ۋە پۇقرالارنى نارازى قىلىپ، ئۇلارغا كۆپ ئازار بېرەتتى؛ دېھقانلاردىن ئۆشرە ئالىدىغان بولسا ئۇلارنى رازى قىلماي ئېلىپ، بەزىدە غەزەپ ئوتلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خامانلىرىنى كۆيدۈرەتتى، غەزەپىنىڭ شامىلى بىلەن بەزىلەرنىڭ تۇپراقلىرىنى سورۇيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا زەررىچە رەھىمدىللىق يوق ئىدى، ھەمىشە بىچارە پۇقرالارنىڭ كۆكسىگە ئاداۋەت ئۇرۇقلىرىنى چاچاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ دۆلىتىنىڭ ئۇلىغا پات پۇرسەتتە زىيان يەتتى، نەزم:

ئەگەر سۇلتان رەئىيىيەتكە قىلۇر ھەردەم جەفاكارى،
خەلايىق ئاھىنىڭ ئوتى ئانى قىلغاي نىگۇنسارى.

---

① ھىجرىيە 942 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1535 — 1536 - يىلغا توغرا كېلىدۇ.

② «ھەدىس زۇمەر» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە ھىجرىيە 942 - (مىلادىيە 1535 — 1536) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

تارىخقا توققۇز يۈز قىرىق ئۈچ[①] بولغاندا ئەجەل چاقمىقى تەقدىرى قەھرىمانىدىن باراقخاننىڭ ۋۇجۇد خامىنىغا ئوت تاشلىدى ۋە پۈتكۈل دۆلەت ئاساسى بىلەن كۆيدۈرۈپ كۈل قىلدى. شۇ تۆپەيلىدىن بەزى نازۇك تەبىئەتلىك زاتلار ئۇنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى «ئاتەش ئەفروز را خىرمەن سوز» (ئوت ياققۇچىنىڭ خامىنى كۆيەر)[②] دېگەن سۆزدىن تېپىپتۇ. جەسىتى ياخشىلارنىڭ ئۆلگىسى ئۇلۇغلارنىڭ پېشۋاسى خاجە ئەھرار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ زىيارەتگاھىدا دەپنە قىلىنغان.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### بۇرھانخاننىڭ زىكرى

بۇرھانخان باراقخاننىڭ يېقىن تۇغقانلىرىدىن ئىدى، بۇرھانخانمۇ نەچچە ۋاقىتقىچە زۇلۇم ۋە يامان ئىشلارنى پەيدا قىلىپ، تۈرلۈك ھادىسە ئوتلىرىنى ئالەمنىڭ ئوتخانىسىغا توشقۇزدى. تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش تۆت[③] بولغاندا تەقدىر قىلىچى «كىمىكى ئۆز قېرىندىشىنى قەستلەپ ئورا كولىسا، ئۇنىڭغا ئۆزى چۈشەر» دېگەن سۆزنىڭ مەزمۇنى بىلەن بۇرھانخاننىڭ ھايات كۆچىتىنى كېسىپ يىلتىزىدىن يوق قىلدى. بۇرھانخان ئۆزى قازغان ئورىغا ئۆزى تاشلاندى، نەزم:

ئۆتەر دۇنيادا كۆپ قىلمە يامانلىق،
تۇشەر ئالەم ئېلىگە بەدگۇمانلىق.
قولۇڭدىن كەتسە گەر دەۋلەت ئەساسى،
ئۇلارنىڭ دەستىدىن يوقتۇر ئەمانلىق.

پەزىلەت ئەھلىلىرى بۇرھانخاننىڭ ۋاپاتى ھەققىدە بىر قانچە تارىخلارنى پۈتۈپتۇ، شۇ دەۋرنىڭ پازىللىرىدىن مەۋلانا نىزام مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ، نەزم:

بۇرھان تەرىقى زۇلملارىن قىلدى پىسەند،
ھادىس ئەلەمى دەھر ئارا بولدى بەلەند.
بولدىكى كۆرۈڭ «زۇلم» ئانىڭ تەئرىخى،
شەمشىرى ئەجەل قىلدى جۇنان خار تەرەند.

ئىستىبدات ئىگىلىرىنىڭ روشەن كۆڭۈللىرىدىن مەخپىي قالمىسۇنكى، جەمەل ھېسابىدا «زۇلم» دېگەن سۆز توققۇز يۈز يەتمىش بولىدۇ. بەزىلەر بۇرھانخاننىڭ ئۆلگەن ۋاقتىنى ھىجرىيە توققۇز يۈز ئاتمىش تۆتىنچى يىلى دېسە، يەنە بەزىلەر توققۇز يۈز يەتمىشىنچى يىلى دەيدۇ. بۇ يىل ئەنە شۇنداق ئىككى خىل.

① ھىجرىيە 943 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1536 ـ 1537 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.
② «اتش افروز را خرمن سوز» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 943 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
③ ھىجرىيە 964 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1556 ـ 1557 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

# «تەۋارىخى نام » دىن ئېلىنغان نەقىل

## جاھانشاھ ئەكبەر پادىشاھنىڭ تەختتە ئولتۇرغان تارىخىنىڭ زىكرى

شجائەت ئەھلىنىڭ پادىشاھى، ئادالەتلىك شاھەنشاھلارنىڭ سەردارى جالالىدىن ئەكبەر تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش ئۈچتە يۈلتۈزدەك كۆپ لاۋۇ لەشكەرلىرى بىلەن ھىندىستاننىڭ تۈتتىن بىر ھەسسىسىنى ئۆز تەۋەلىكىگە كىرگۈزۈپ، شۇنداق ئىدارە قىلدىكى، ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا مەيلى ئەمىرلەر ياكى پۇقرالار بولسۇن ھېچبىرى زەررىچە مۇخالىپلىق قىلالمىدى. ھىندىستان پايتەختىدە گوياكى زۆھرە يۇلتۇزى تۆتىنچى ئاسماندا، ئولتۇرۇپ خۇتبە ۋە سىككە(پۇل) نى ئۆز ئېتىغا ئوقۇتتى. شەيخ ئەبۇلفەزلىنىڭ قېرىندىشى شەيخ فەيزى شاھ ئەكبەرنىڭ خىزمىتىدە كاتىپلىق قىلاتتى. ئۇ شائىرلىقتا تەڭداشسىز كىشى بولۇپ، ئۆزىنىڭ نوتۇق تىلىلىرىدىن مۇنداق شېكەرلەرنى چاچقاندى، نەزم:

شاھنىڭ خۇتبەسىدىن رەفئەتى مۇنبەر بولدى،
ئەدلىدىن يەر يۈزىنىڭ خاكلارى زەر بولدى.
سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇردى ئۇ شۇل شاھ ئەكبەر،
لەفزى تەئرىخى جۇنان «نۇسرەتى ئەكبەر» بولدى[①].

# «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

## ئەبدۇللاھخاننىڭ بۆلۈنۈپ چىققانلىقىنىڭ زىكرى

ئەبدۇللاھخان ئىسكەندەرخاننىڭ ئوغلى بولۇپ تەڭرىتائالانىڭ ھىدايىتى بىلەن ياشلىرى كىچىك ۋاقتىدىلا بۇ سائادەت دۆلىتىگە ئېرىشتى. ئۆزى خاجەئى كەلان خاجە جۇيبار — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — غا مۇخلىس بولۇپ، بۇ زاتتىن كامالەت ھاسىل قىلغاندى. ئۇ ئەزىز زاتنىڭ تەربىيىسىدە پادىشاھلىق مەرتىۋىسىنى چېكىگە يەتكۈزۈپ، غېرىب - بىچارىلەرگە، پەقىر - پۇقرالارغا ۋە بارلىق خالايىقلارنىڭ بېشىغا ئادالەت سايىسىنى سالدى. دەسلەپكى چاغلىرىدا ھەممىشە جاھاندارلىق، ئەلنى ئىدارە قىلىش ھەققىدە پىكىر خىيال قىلاتتى، ئاخىرقى ۋاقىتلاردا سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ جاھانگىرلىك كەمىرىنى بەللىرىگە باغلىدى، شەھەر، كەنت ۋە سەھرالارنى ئۈچقۇر شامالدەك كەزدى، باراقخان تاشكەندى شۇ خىل ھالەتتە بۇخاراغا يۈرۈش قىلدى، ئەبدۇللاھخانغا تەۋە دىيارلارنى بۇلاپ - تالىدى.

① «نصرت اكبر» (ئەكبەرنىڭ غەلىبىسى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 963 (مىلادىيە 1555 — 1556) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

ۋاقتىكى، ئەبدۇللاھخان سان ـ ساناقسىز كۆپ لەشكەر بىلەن ئۇنىڭغا قارشى يۈرۈش قىلدى، ئۇلار پەخىرلىك بۇخارانىڭ تەلىقە دېگەن جايغا يېتىپ كېلىپ، دەريانىڭ بويىغا چۈشتى. بۇ يەردە مۇستەھكەم سېپىل بار ئىدى، ئەبدۇللاھخان جەڭ قىلىپ ئاخىر ئۇ جاينى ئىشغال قىلدى. بۇ يەردىكىلەر ئەبدۇللاھخانغا: «بۇ يېزىلارنىڭ سىز بىلەن جەڭ قىلغۇچىلىكى يوق، سىز بىلەن تەڭ تۇرالمايدۇ، ئەگەر مۇۋاپىق تاپسىڭىز بىر مۇنچە لەشكىرىڭىزنى بىز پىيادىلەرگە ھەمراھ قىلىپ ئەۋەتىڭ. بىز چوقۇم دۈشمەنلەرنى قولغا چۈشۈرىمىز ۋە قەلئەنى ئالىمىز» دېدى. ئەبدۇللاھخان ئۈچ يۈز نەپەر داڭدار پالۋاننى ئۇلارغا ھەمراھ قىلىپ بەردى. ئۇلار «ئاللاھنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئاز جامائەت كۆپ جامائەت ئۈستىدىن غەلىبە قىلىدۇ»[1] دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى ۋە ھۆكمى بويىچە تەڭرىتائالاغا تەۋەككۇل قىلىپ، ئۆزلىرىنى لەشكەرگاھقا ئۇردى. ئاجايىپ ئىش، بىردەمنىڭ ئىچىدە دۈشمەن لەشكىرى ئاپتاپ چىققىنىدا يۇلتۇز يوق بولغاندەك يوقالدى. ئۇلار نۇرغۇن مالنى غەنىيمەت ئېلىپ غالىبىيەت ۋە نۇسرەت تېپىپ، ئۇ قەلئەنىڭ خالايىقلىرىغا: «ئەگەر پەخىرلىك بۇخارا بىزنىڭ مۇلازىملارنىڭ تەۋەلىكىگە كىرسە بۇ ۋىلايەتنىڭ پۇقرالىرىنىڭ ھەممىسى مەرفۇئۇل ـ قەلەم[2] بولغاي» دەپ مەكتۇپ پۈتتى. بىر قانچە مۇددەتتىن كېيىن «باراقخان سەمەرقەندتە رەھمەت دەرياسىغا يېتىشتى» دەپ خەۋەر كەلدى. ئەبدۇللاھخان شۇ زامان دەرھاللا خۇتبىنى ئاتىسى ئىسكەندەرخاننىڭ ئېتىدا ئوقۇتتى. بۇخارانى ئۆز ئىلكىگە ئالغاندىن كېيىن، ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇخارانىڭ ۋىلايەتلىرىدىن مىيانكەل، قەسەف، كېش قاتارلىق جايلار ئۇنىڭ قوللىرىغا كىردى، ئاندىن كېيىن بەلخنى ۋە ھىسارنى ئىشغال قىلدى. ئاز مۇددەتتىن كېيىن تاشكەند، ئۆزگەند، سەمەرقەند، باش، ئۆزمىشكەنت، ئاياغئۆكۆش قاتارلىق نەچچىلىگەن دىيارلارنى ئالدى، ئاندىن خۇراسان، خارەزم ۋە بەدەخشان قاتارلىق دىيارلار ئۇ ئالىي شان ـ شەۋكەتلىك خاقاننىڭ تەسەررۇپىغا كىردى. دېمەك ئۇنىڭغا ھەر كۈنى يېڭى ـ يېڭى غەلىبىلەر ۋە كاتتا ـ كاتتا نۇسرەتلەر يۈزلەندى. ئاندىن كېيىن بۇخارانىڭ خەلقى ئۇنىڭ مۇبارەك قولاقلىرىغا ئۆتكى پۈتۈلگەن مەكتۇپنى ئەرز قىلدى. پادىشاھ «ۋەدىگە ۋاپا قىلىڭلار»[3] دېگەن كەرەملىك ئايەتنىڭ مەزمۇنى بىلەن ۋەدىسىگە ۋاپا قىلىپ: «بۇ خالايىق بۈگۈندىن باشلاپ مەرفۇئۇل ـ قەلەم بولسۇن، بۇ ھەقتە ئۇلارغا ھېچكىم ھېچقانداق قىيىنلىق پەيدا قىلمىسۇن» دەپ يارلىق نىشان بەردى. شۇ ۋاقىتتىن بېرى بۇخارانى «مەرفۇئۇل ـ ھال» (ئاسايىشلىقتىكى جاي) دەپ ئاتايتتى. ۋاقتىكى باھار پەسلى يېتىپ كېلىپ، قۇياش رەبىئ بۇرجىغا يەتتى، ئوت ـ چۆپلەر كۆكىرىپ دەرەخلەر چېچەك كۆرسەتتى. تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش تۆت[4] بولغاندا پاك ۋە بەرھەق تەڭرىتائالانىڭ پەرمانى بىلەن خانغا تەقدىر ـ قازانىڭ مەكتۇپى يەتتى. خان ھەققە بويۇن سۇندى. سەمەرقەند شەھىرىنىڭ كەرمىنە دېگەن جايىدا دەپنە قىلىندى. نەزم:

دەرىغا، يوق بۇ دۇنيانىڭ بەقاسى،
ئەگەر يەتسە ئەجەلنىڭ ئىقتەزاسى.

---

① «قۇرئان كەرىم»، 2 ـ سۈرە بەقەرە، 249 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
② مەرفۇئۇل ـ قەلەم ـــ كەچۈرۈم قىلىنغان، ئازاد قىلىنغان، ئاسايىشلىقتا چىقىرىلغان.
③ «قۇرئان كەرىم»، 16 ـ سۈرە نەھل، 91 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
④ ھىجرىيە 964 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1556 ـــ 1557 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

نە شاھۇ نە گەدايى تەڭدۇرۇر ئول،
ئاياغ ئاستىدا ھالى تەڭدۇرۇر ئول.

## «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

### ھەزرىتى قاسىم ئەزىزاننىڭ خانىقاھلىرىنىڭ زىكرى

تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش تۆت بولغاندا، ئەبدۇللاھخان سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغان ۋاقتىدا ھەزرىتى شەيخ قاسىم ئەزىزان — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — كەرمىنە ۋىلايىتىدە بىر خانىقاھ بىنا قىلدى. ئۇ ھەقىقەتەن شۇنداق بىر مەسچىتكى، ناھايىتى چوڭ ۋە كەڭرى، شەكلى كەئبەنىڭ شەكلىگە ئوخشايدۇ. بۇ خانىقا ھەزرىتى شەيخ بۈزرۈكۋارنىڭ پەيزبەخش ۋە نۇرلۇق مازىرىنىڭ قىبلە تەرىپىدە. بۇ خانىقانى بىنا قىلغۇچى (شەيخ قاسىم ئەزىزان) غا ئەبدۇللاھخانمۇ ياردەم بەرگەنىدى. چۈنكى، خان ئۇ بۈزرۈكۋارغا مۇخلىس بولغانىدى. بۇ خانىقا پۈتكەن ۋاقتىدا تەڭرىگە يېقىن زاتلاردىن ھەزرىتى خاجە ھەسەن ھىسارى مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ، نەزم:

قىلدى قۇتبى زەمانە خانەقەھىن،
كەئبە بىلدى شەرەفدە ئەھلى جەھان.
كىلكى سۇنئى تەئرىخ ئۇچۇن مۇنداق،
پۈتۈدى «خانىقاھى قۇتبى زەمان»①

تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش بەشتە②جەۋانمەرد ئەلى باھادىرخان سەمەرقەند شەھرىدە بىر ئىمارەت بىنا قىلدى. ئۇ ئىمارەتنىڭ بىناسى ئۈچۈن تىل سەنئەتكارلىرىنىڭ ئەڭ ئۇستىراقى بولغان مەۋلانا مۇشفىقى بۇ بېيىتنى مۇناسىپ كۆرۈپ تارىخ قىلىپ ئېيتىپتۇ، نەزم:

خاقانى فەلەك قەدر جەۋانمەرد ئەلىخان،
شاھىكى ئىدى ئەدل سىپېھرىدە يىگانە.
ھىممەتنى بەلەند تۇتتى چۇنان قىلدى ئىمارەت،
مەنزىلگەرىدۇر كاشنى فىردەۋس نىشانە.
يەتكۈزدى تەمامىغە نەكۆن ئەھلى مۇھەندىس،
بۇ قەسر كەبى قىلغان ئەمەس ھېچ زەمانە.
تەئرىخى بىناسىنى يازىپ تاقىغە ئانداغ،
بۇ لەفز ئىلە «مەنزىلى خاقانى يىگانە»③.

① «خانقاھ قۇتب زمان»( زامان ئەۋلىياسىنىڭ خانىقاھى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 966 (مىلادىيە 1558 — 1559) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. يۇقىرىدا يېزىلغان يىل بىلەن ئىككى يىل پەرق بار.

② ھىجرىيە 965 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1557 — 1558 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ «منزل خاقان يگانە» (يىگانە خاقاننىڭ مەنزىلى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 956 (مىلادىيە1557 ـ 1558) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

## «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

### مەۋلانا مۇستەفەۋى رۇمىي — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي — نىڭ ۋاپاتىنىڭ زىكرى

ھەقىقەت ئەھلىنىڭ پېشۋاسى، ھەدىسشۇناسلارنىڭ تايانچى، رەھمەت ۋە مەرھەمەت تاپقۇر مەۋلانا مۇستەفەۋى رۇمىي شۇنداق بۇزرۇكۋار ئىدىكى، بۇ پايانسىز ئالەمدە ئۆمرىنى ئاللاھ سۆزى (قۇرئان) نىڭ تەپسىرىنى مۇتالىئە قىلىش ۋە ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىنى تەھقىقلەش بىلەن ئۆتكۈزدى. تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش ئالتە① بولغاندا «مىشكات شەرف» كىتابىنى يېزىپ پۈتتۈردى.

## «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

### مەۋلانا مىر مۇفتى ئىمارىتىنىڭ ئەھۋالىنىڭ زىكرى

مەۋلانا مىر مۇفتى — ئاللا ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — شۇنداق بۇزرۇكۋارلاردىن ئىدىكى، ئۇ زاتنىڭ كۆڭلى ئىلاھىي سىرلارنىڭ كىتابخانىسى، مۇبارەك خاتىرى پاكلىق تەسىراتلىرىنىڭ بىناسى ئىدى. ئۇ بىنا ھەزرىتى رەسۇل ئەلايھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئېلىنغان نەقىش ۋە سۈرەتلەر بىلەن بېزەلگەنىدى. ئەبدۇللاھخاننىڭ ئوغلى ئەبدۇلئەزىزخان بۇخارانىڭ سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرغىنىدا شەرىئەتنىڭ ئاساسى، ئۇ زات بىلەن مۇستەھكەملەنگەن ۋە تەرتىپ - ئىنتىزامغا ئېرىشكەنىدى. تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش ئالتە بولغاندا بىر كىتابخانا بىنا قىلدى. بۇ ئىمارەت ھەققىدە ئۆزى بىر تارىخ پۈتتى. نەزم:

بۇ بىنادۇر زىھى لەتافەتلىك،
يوقكى ئانداغ يەنە مەلاھەتلىك.
فەيزى ھەق بولماغاي دەمى خالى،
باز مەھرۇيلار مەھۇ سالى.
سورسا تەئرىخىنى قايۇ خۇشخۇ،
دەيكى «قەسرى مۇنەققەشى نىكۇ»②.

تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش ئالتىدە ئىززەت شەھرىستانىنىڭ ئەزىز كىشىسى بولغان مەۋلانا يۈسۈف ئالىي شان - شەۋكەتلىك خاقان ئەبدۇللاھ باھادىرخاننىڭ كۆڭلىنى ئىستەپ ۋەزىرلىك

① ھىجرىيە 966 - يىلى مىلادىيىنىڭ 1559 - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «دى كە قصر منقش نيكو» (گۈزەل نەقىشلەنگەن قەسىر) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى بويىچە قوشۇلسا، ھىجرىيە 966 (1558 — 1559) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

كۆرسىسىدا ئولتۇردى. شۇ كۈنلەردە مەۋلىۋى يۇسۇفنىڭ ئوغلى زامان خەلقىنىڭ ئەڭ قابىلى ۋە ئالىمى خاجە ئەبۇلفەزلنى تەڭرىتائالانىڭ ياردىمى بىلەن ئەبدۇللاخان لەشكىرىي ئىشلار بويىچە قازىلىققا تەيىنلىدى. مەۋلانا مۇشفىقى بۇ ئىككى ئالىي مەنسەپ ھەققىدە تارىخ يېزىپتۇ، نەزم:

بولۇپ دانايى مەلانايى يۇسۇف،
سەمەرقەند شەھرىگە سەدرى ئەھالى.
ئەبۇلفەزلى يۇسۇف ئوغلىدۇر ئالىي.
قەلەم بۇ ئىككى مەنسەب بارەسىدىن،
ئىرۇر مەرقۇم «دۇ فەخرى مەۋال»ى.

يەنى «دۇ فەخرى مەۋال» (ئىپتىخارلىق ئىككى ئەزىز) دېگەن سۆز جەمەل ھېسابىدا توققۇز يۈز ئاتمىش يەتتە بولىدۇ. قۇلمۇھەممەد مىرزىنىڭ ۋاپاتىنىڭ تارىخىمۇ مۇشۇ تارىخقا جەملىنىپتۇ. ئۇنىڭ ئۆچۈن كاتتا ئەمىرلەردىن مىرزا نىزامىدىن مۇھەممەد گۈزەل شېئىر ئېيتىپتۇ. نەزم:

ئارىغ ئەز جۇملەئى ئەھلى ۋەفادىن،
جەۋانلىغدا كېتىپ دارۇلفەنادىن.
قىلىپ ئەشكىمنى خۇن يەڭلىغ ئول ھەمراز،
قاقىپ پەر ئاشيانغە قىلدى پەرۋاز.
ئەگەر تەئرىخنى سورساڭ لەفز تەي قىل،
«ۋەفاتى قۇلمۇھەممەد مىرزا» دىن بىل①.

## ئەبدۇررەشىدخاننىڭ زىكرى

ئەبدۇررەشىدخان سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئوغلىدۇر. ئەبدۇررەشىدخان شۇنداق پادىشاھزادە ئىدىكى، باتۇرلۇقتا، مەردانىلىكتە تەڭداشسىز ئىدى. تارىخقا توققۇز يۈز قىرىقتا② يىگىرمە يېشىدا خانلىق تەختىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ ئون ئىككى ئوغلى بار ئىدى: بىرىنچىسى ئەبدۇللەتىفخان، ئىككىنچىسى ئەبدۇلكەرىمخان، ئۈچىنچىسى ئەبدۇرەھىمخان ئىدى، بۇ ئەبدۇرەھىمخان ئون سەككىز يېشىدا تىبەتكە يۈرۈش قىلىپ شېھىت بولدى. ئۇنىڭ ئېتىنى (كېيىنكى) ئەبدۇررەھىمخانغا قويىدى. تۆتىنچىسى سۇلتان ئىبراھىم بولۇپ، ئۇ سوفى سۇلتان دېگەن نام بىلەن مەشھۇر؛ بەشىنچىسى مۇھەممەدخان، ئالتىنچىسى ئەبۇ سەئىدخان، بۇ ئالتە ئوغۇل ئالاچەخاننىڭ قىزى سۇلتان سەئىدخاننىڭ قېرىندىشى سۇچۇك خانىمدىن ۋۇجۇدقا كەلگەنىدى؛ يەتتىنچىسى قايىش سۇلتان، ئۇ سەئىد مىرزا تىرمىزىنىڭ قىزىدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن؛ سەككىزىنچىسى مۇھەممەدباقى سۇلتان، ئۇ شاھبەكخاننىڭ قىزى

① «وفاتى قل محمد مرزا» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 967 (مىلادىيە 1559 — 1560) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
② ھىجرىيە 940 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1533 — 1534 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

خوبىنگار خانىمدىن ۋۇجۇدقا كەلگەن؛ توققۇزىنچىسى مۇھەممەدشاھ سۇلتان بولۇپ ئۇنىڭ ئانىسى سەئىدزادىلەردىندۇر؛ ئونىنچىسى يۇنۇس سۇلتان؛ ئون بىرىنچىسى ئەبدۇللا سۇلتان؛ ئون ئىككىنچىسى ئەبدۇررەھمخان[1]. ئەبدۇررەھمخاننىڭ ئانىسى ئاددىي خەلقتىن ئىدى.

سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقى ئاڭلانغان ھامان مەنسۇرخان ئاقسۇغا چېرىك باشلاپ كەلدى. ئاقسۇنىڭ بەگلىرى دەرۋازىلارنى تارتىپ تاقىدى. ئەبدۇررەشىدخانمۇ نۇرغۇن لەشكەر باشلاپ ئاقسۇ تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. مەنسۇرخان «ئەبدۇررەشىدخان كېلىۋېتىپتۇ» دەپ ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا تەڭ تۇرالماي ياندى. ئەبدۇررەشىدخانمۇ لەشكەرلىرىنى باشلاپ ياركەندكە قايتتى. كېيىنكى يىلى مەنسۇرخان يەنە چېرىك باشلاپ كەلدى. ئەبدۇررەشىدخانمۇ كەلدى، ئىككى تەرەپ لەشكىرى دەريادەك بىر - بىرىگە ئۇرۇلدى. بۇ قېتىم مەنسۇرخان يېڭىلىپ، بۇ مەملىكەتلەردىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، خىتاي تەرىپىگە يۈرۈشكە ئاتلاندى. ھەزرىتى خاجە تاجىدىدىن ــ ئاللا ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى خۇش پۇراق قىلغاي ــ، ئەمىر جەببار بەردى دوغلات شۇ يەردە شېھىت بولدى. خاجە تاجىدىدىن ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نى «خاجەئى شەھىد» دەپ ئاتىدى. بۇ زات مەۋلانا ئەرشىددىن ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ ئەۋلادىدىن ئىدى. ئۆزى كارامەت ئىگىسى ئىدى.

ئەبدۇررەشىدخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئەبدۇللەتىفخان ئاقسۇغا خان ئىدى. شۇ چاغدا قازاق بىلەن قىرغىزنىڭ ئارىسىدا جېدەل - ماجىرا بار ئىدى. قازاقنىڭ ئىككى خانى بار ئىدى. بىرى ھەقنەزەرخان، يەنە بىرى نەۋرۇزئەھمەدخان ئىدى. ھەقنەزەرخان (نىڭ ئادەملىرى) نى ئىمىل دېگەن يەردە ئەبدۇللەتىف سۇلتان جەڭ قىلىپ ئۆلتۈردى. ھەقنەزەرخان قىرغىزلارنى باشلاپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن يېتىپ كېلىپ، كېچىسى شەبىخۇن ئۇرۇپ، ئەبدۇللەتىف سۇلتاننى ئۆلتۈردى. شۇ كېچىسى سۇلتان بىخەۋەر ئىدى، (ھەقنەزەرخان ئۇنى) ئۆلتۈرۈپ شۇ يەردىن قاچتى. بۇ سەۋەبتىن ئەبدۇررەشىدخانغا ناھايىتى قاتتىق دەرد پەيدا بولدى. خان ھەزرىتى خاجە مۇھەممەد شەرىف ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ قېشىغا بېرىپ ئەرز قىلدى. خاجە پاك ئەرۋاھلار بىلەن سۆزلىشىپ، ئەبدۇررەشىدخانغا مەدەت بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى؛ ئاندىن بۇ ئەرۋاھلارنىڭ بېشارىتىنى خانغا ئېيتتى. خان خۇشال بولۇپ، لەشكەر تارتىش تەييارلىقىغا كىرىشتى، مۇھەممەد كۆرەگانىنى: «مېنىڭ سۆزۈم شۇكى، ھەقنەزەرخان قىرغىزلار بىلەن مېنىڭ ئوغلۇمنى ئۆلتۈردى. خان بىزگە ئەل ۋە چېرىك بېرىپ ياردەم قىلسۇن» دەپ نەۋرۇز ئەھمەدخانغا ئەۋەتتى. نەۋرۇز ئەھمەدخان مۇھەممەدبەگكە ئىززەت - ئىكراملار قىلىپ چېرىك بەرمەكچى بولدى. خان بەش ئايلىق چېرىك تارتىشقا پەرمان قىلدى. لەشكەر يىغىلغاندىن كېيىن يۈرۈش قىلىپ ئېرتىش دېگەن جايدا قازاق، قىرغىزلارغا يەتتى. قىرغىزلار بىر مۇستەھكەم يەرنى تېپىپ بېكىنىۋالدى. خان ئۆزى لەشكەر باشلاپ «مەن دېگەن كىشى بولسا بۇگۈن ئاتلانسۇن» دەپ ئات سالدى. چوڭ - كىچىك لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى بىللە ئات سالدى. يېغىلارنى پاراكەندە قىلىپ، ھەقنەزەرخان باشلىق ئالتە توغلۇق كىشىنى قورشاۋغا ئېلىپ ئۆلتۈردى.

---

① قولىيازمىدا «توققۇزىنچىسى مۇھەممەدشاھ سۇلتان...، ئون بىرىنچىسى يۇنۇس سۇلتان، ئون ئىككىنچىسى ئەبدۇللاھ سۇلتان...» دېيىلگەن، توققۇزىنچىدىن ئون بىرىنچىسىگە ئاتلاپ، ئونىنچىسى يېزىلمىغان. كېيىنكى ئەبدۇررەھمخانغا نىنچى قويۇلمىغان. ئۈچىنچى ئوغلى ئەبدۇررەھمخاننىڭ تىبەتتە شېھىت بولغانلىقى، ئۇنىڭ ئېتىنى كېيىنكى ئەبدۇررەھمخانغا قويغانلىقى ھەققىدىكى مەلۇماتقا ئاساسەن بۇ كېيىنكى ئەبدۇلرەھمخان ئەبدۇررەشىدخاننىڭ ئون ئىككىنچى ئوغلى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراپ، «ئونىنچىسى يۇنۇس سۇلتان، ئون بىرىنچىسى ئەبدۇللاھ سۇلتان، ئون ئىككىنچىسى ئەبدۇررەھمخان» دەپ تۈزىتىپ ئېلىندى.

ئەبدۇررەشىدخان ناھايىتى شىجائەتلىك كىشى ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن بەلۇرغا يۈرۈش قىلىپ بەلۇرنىمۇ ئىشغال قىلىپ ياندى. خان شاد ـ خۇرام ھالدا بۇ بېيىتنى ئوقۇدى، نەزم:

زاھىدى خۇدبىن، كۆرەرسەن زاھىرى رەسۋايىمىز،
ئىشق شاھى مەنزىلىدۇر بۇ دىلى شەيدايىمىز.
ئىشقنىڭ مەيدانىدا ئانداغكى ئۇرغايمەن قەدەم،
گەرچە ئالۇدە ئىرۇر مەيدىنىكى سەر تا پايىمىز.
ئەي سەبا، بۇ نامەنى ئول دىلىستانىمغە يەتۇر،
ھالىمىزنى بىلگەي ئول، يەتسە ئەگەر ئىنشايىمىز.
زاھىدا، خىلۋەت تۇتۇپسەن، گۇشە ئەيلەپ ئىختىيار،
يار كويىدىن بۆلەك يوق مەنزىلۇ مەئۋايىمىز.
بۇ رەشىدى تاپتى يول شاھى ئەزەلنىڭ ئىشكىدە،
شۇكرىلىللاھ، بولدىكىم فىردەۋسى ئەئلا جايىمىز.

بۇ رۇبائىينىمۇ خان ئېيتتى. بېيت:

ئەي پەيكى سەبا، پەيامىم يەتكۇر،
يارىمغە نىياز ئىلە سەلامىم يەتكۇر.
گەر سۇبھۇ ۋە گەر شام قاشىغە يەتسەڭ،
ئەلبەتتە دۇئايى سۇبھۇ شامىم يەتكۇر.

خان ــ تەڭرى ئۇنىڭ مەقبەرىسىنى نۇرلۇق قىلغاي ــ بەكمۇ قابىلىيەتلىك ـ تەبىئىي ئىستېداتلىق ئىدى، مۇزىكا ئىلمىگىمۇ ماھىر ئىدى. «ئىشرەت ئەنگىز» ئاتلىق ئاھاڭنى ئىختىرا قىلدى. خان ئاخىرقى ئۆمرىدە بىر لولى ئايالنى نىكاھىغا ئالدى. سۇچۇك خانىم خانغا: «سەن لولىنى ئالدىڭ» دەپ ئاچچىقلانغانىدى، خان بۇ رۇبائىينى ئېيتتى، بېيت:

مەھبۇبى ئەگەر كۆڭۈل قەبۇلى بولسە،
شىرىن ھەرەكاتۇ خۇش ئۇسۇلى بولسە.
جان ئوتراسىدا ئانىڭكى يولى بولسە،
نې ئەيب ئېرۇر ئەسلىسى لولى بولسە.

خانىم شۇنىڭدىن كېيىن ئەپۇ قىلدى. خان ئاخىرقى ئۆمرىدە قەلەندەرلەرگە ئوخشاش بولۇپ يۈرەتتى. سەيلە قىلىش ئۈچۈن خوتەنگە بېرىپ پانىي ئالەم سارىيىدىن مەڭگۈلۈك مەنزىلگە سەپەر قىلدى. يىگىرمە يەتتە يىل پادىشاھلىق قىلدى. تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش يەتتە[①] بولغاندا ۋاپات بولدى. قىرىق توققۇز يىل ئۆمۈر كۆردى.

① ھىجرىيە 967 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1559 ــ 1560 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

## شاھ توھماسنىڭ شاھ سۇلايمان رۇمىي بىلەن سۈلھ قىلىشقانلىقىنىڭ زىكرى

شاھ توھماس شاھ سۇلايمان رۇمىي بىلەن مەملىكەت ئىشلىرى تۈپەيلىدىن ھەمىشە زىددىيەتلىشىپ، تۇراتتى ۋە دۈشمەنلىشەتتى. دائىم قانلىق جەڭگى ـ جېدەللەرنى قىلىشاتتى. ئۇلارنىڭ ھەممە ۋاقىتلىرى مۇشۇ ئىشقا مەشغۇل بولۇپ ئۆتەتتى. نەچچە مۇددەتكىچە ئاشۇنداق جېدەل بىلەن ئۆتتى. ئاخىر شاھ توھماس ئىككىيلەننىڭ يارىشىپ قىلىشى ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، بۇ مەسلىھەتنى شاھ سۇلايمان رۇمىينىڭ قۇلىقىغا يەتكۈزدى. شاھ سۇلايمانمۇ بۇ يارىشىشنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، ئەمىرلەر ۋە ئۆلىمالار بىلەن مەسلىھەتلەشتى ۋە: «بۈنىڭدىن كېيىن دوستلۇق دائىرىسىدىن چىقمايلى، ھەرگىز مۇخالىپلىق قىلىشمايلى، جەڭ قىلىش خىيالىنى كۆڭۈللەردىن چىقىرىۋېتىپ، سۈلھى ۋە يارىشىشنى ئويلايلى» دېدى. بۇ يارىشىش تارىخقا توققۇز يۈز ئاتمىش توققۇز[①] بولغاندا ھاسىل بولغانىدى. ئۇلار ئاداۋەتلىك كۆڭۈللىرىدىن ئۆچمەنلىكنى كۆتۈرۈۋېتىپ، دوستلۇق ۋە ئاشنالىق بىلەن ئۆمۈرلىرىنى ئۆتكۈزدى. مەلىكۇش ـ شۇئەرا (شائىرلار شاھى) مەۋلانا مۇھتەشەم كاشافى بۇ يارىشىشنى نەزم يولى بىلەن ئىپادىلەپتۇ. نەزم:

بەئدى سۈلھ ئىلكىمگە ئالۇيەمكىم قەلەم،
زەۋقۇ شەۋق ئەيلەپ چۈنان ئۇردۇم رەقەم.
غۇلغۇلە تۈشتى بۇ كوھنە دەير ئارا،
لەفزى تەئرىخ بولدى «سۈلھى خەير»[②] ئارا.

## «تەۋارىخى نام» دىن ئېلىنغان نەقىل

### موللا مۇھەممەدئەمىن مۇفتىنىڭ تۇغۇلغانلىقىنىڭ زىكرى

موللا مۇھەممەدئەمىن شۇنداق تەڭداشسىز ئالىم ئىدىكى، ئۇ بارلىق ئەسلىي ئىلىملەرنىڭ ۋە تارماق ئىلىملەرنىڭ دەرياسى ئىدى. مۇفتى ئۆزىنىڭ كۆڭۈل خەزىنىسىدىكى جاۋاھىرلارنى يېزىپ چىققانىدى. ئۇ ياشلىق ۋاقتىدا «ھىدايە» نى ئۆگەنگەن، مەسلەك كىتابلىرىدىن ھەر بىرىنىڭ بابلىرى ئۇنىڭ كۆڭۈل سەھىپىسىدە خۇددى ئەينەكتەك ئورۇن ئالغانىدى. ئۇ زاتنىڭ ئاتىسى بۇ ئەزىز پەرزەنتىنىڭ تۇغۇلغان تارىخىنى نەزم يولى بىلەن ئېيتىپتۇ. نەزم:

كەلدى ھەق فەزلى بىلەن بۇ ھەستى يەزدانى،
خۇبرويلۇق ئېرۇر مىسلى مەھى كەنئانى.
ئول تۇغۇلغان كۈن ئىلە يىللاردىن ئانداغ ئايتمىش،
سۇبھى جۇمئە دوۋىم ئەز ماھى جەمادىس ـ سانى.

---

① ھىجرىيە 969 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1561 ـــ 1562 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② «الصلح خير» (خەيرلىك يارىشىش) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 969 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

## ئۇلۇغلار پېشۋاسى ھەزرىتى خاجە كەلان خاجە جۇيبارىي ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنىڭ زىكرى

رەھمەت بېغى دەرىخىنىڭ مېۋىسى ھەزرىتى يارى خاجە كەلان جۇيبارىي شۇنداق بۇزرۇكۋار ئىدىكى قۇدرەت باغۋىنى ھەقىقەت گۈلىدىن مۇنداق گۈلنى ئۆزمىگەن بولغىيتتى. مۇنداق غۇنچە ھېچقانداق گۈلىستاندا ئېچىلمىغانىدى. ئۇنىڭ تەربىيە ۋە پەرۋەشكارلىق بۇلۇتىنىڭ پەيزى ۋە نىشانىسى پۈتكۈل ئۈممەتلەرنىڭ پەخرى، ھىممەت ئىگىسى ھەزرىتى مەخدۇم ئەئزەم ــ ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي ــ نىڭ ئەۋلادىدا ئىپادىلەنگەن. ھەزرىتى جۇيبارىينىڭ تەربىيەتلىرى بىلەن نۇرغۇن مۇرىد - مۇخلىسلار كامالەتكە يېتىپ ئۆزلۈك باغلىقىدىن ئۈزۈلۈپ، ھىممەتىنىڭ ئېتىكىنى ئىككى ئالەمدىن تارتىپ پۈتكۈل تەئەللۇقاتتىن ئازاد بولغانىدى. خاجە جۇيبارىينىڭ تەربىيەتلىرى بىلەن ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمنىڭ پەرزەنتلىرى ئۇلۇغ دەرىجىلەرگە يېتىپتۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ كامىلراقى خاجەمۇھەممەدئەمىن بولۇپ بۇ ئۇلۇغلار پېشۋاسى ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەمنىڭ پەرزەنتىدۇر. ئۇ زات خاجە كەلان دېگەن لەقەم بىلەن مەشھۇردۇر. ھەزرىتى مەخدۇم ئەزەم ئالەمدىن ئۆتۈش ۋاقتىدا نەسھەت قىلىپ: «مېنىڭ بۇ پەرزەنتىم سىزنىڭ تەربىيەتىڭىز بىلەن كامالەتكە يېتىدۇ» دېگەنىدى. بۇ چاغدا ھەزرىتى مەخدۇمزادىنىڭ يېشى كىچىك ئىدى. خاجە جۇيبارىينىڭ يېشى چوڭ ئىدى، تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش بىر، سەپەر ئېيىدا، پەيشەنبە كۈنىدە ئالەمدىن ئۆتتى. بۇخارانىڭ سىمىن دېگەن يېزىسىدا دەپنە قىلىندى. ئۇ زاتنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى «ئەمىنىيە» ناملىق كىتابنىڭ مۇئەللىپى مەۋلانا مۇھەممەد مۇفتى بىر مىسرا شېكەر چاچقۇچى شېئىر بىلەن ئىپادىلەپتۇ، مىسرا:

«مۇقتەدايى ئەھلى ئالەم، سەييىدى ئەھلى زەمان»①.

مەۋلانا مۇھەممەدقاسىم مۇفتى مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

كېتىپ چۇن دەھرىدىن ئول بەھرى ئىرفان،
ئاقىپ ياش ئورنىدا كۆزدىن خۇن ئەفشان.
مەزاھىر كۆزلەرىمدىن غايىب ئولدى،
مەگەر شۇڭقار ياڭلىغ قىلدى تەيران.
جەھانغە سالدى كۆپ ماتەمسەرالىق،
كۆڭۈللەر كۇلبەسىنى قىلدى ۋەيران.
غەرىبۇ بىنەۋا پۇشتۇ پەناھى،
نېتەيكىم ئەيلەدى باغرىمنى بىريان.

① «مىقداريي اهل عالم سيد اهل زمان» (ئالەم ئەھلىنىڭ يولباشچىسى، زامان ئەھلىنىڭ خوجىسى) دېگەن مىسرادىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 940 (مىلادىيە 1533 ــ 1534) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ. لېكىن، قولىيازمىدا خاجە جويبارىينىڭ ۋاپات بولغان يىلى ھىجرىيە 971 (مىلادىيە 1563 ــ 1564) - يىلى دېيىلگەن.

بەلەفزى «قۇتبى ئەقتاب ئەز جەھان رەفت»[1]
مەنى غەم دىيدە تاپتىم تەئرىخ ئەلئان.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### مەۋلانا زىيائىددىن بەيزاۋىنىڭ زىكرى

بۇ زات مىللەتنىڭ چىرىغى، تۈننى يورۇتقۇچى مەرپەت شامى ئىدى. ئىسكەندەرخاننىڭ زامانىسىدىن تاكى ئەبدۇللاھخاننىڭ زامانىسىغىچە بۈيۈك ئالىملار ۋە كاتتا پازىللار ئارىسىدا ئۆز سۆزلىرىنىڭ تەرتىپ - ئىنتىزامى بىلەن ئىززەتلىك ۋە ھۆرمەتلىك ئىدى. بۇ پانىي جاھان مۇقىم تۇرمۇش جايى ئەمەس. تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ، شەۋۋال ئېيىنىڭ ئون ئالتىنچى كۈنى بۇ زات باقىي ئالەمگە كۆچۈپ كەتتى. مۇبارەك جەسەتلىرى بۇخارادا دەپنە قىلىنغان. پەزىلەت ئىگىلىرىدىن بىرى بۇ مىسرانى تارىخ قىلىپ ئېيتىپتۇ. نەزم:

دېمىش ئەھلى خىرەد تەئرىخ ۋەپاتىن،
«بەروز شانزدە ئەز ماھى شەۋۋال[2]».

بۇ مىسرانىڭ سۆزى توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ بولىدۇ. ئىسكەندەرخاننىڭ ئوغلى ئەبدۇللاھخاننىڭ بەلخنى ئىشغال قىلغان تارىخىمۇ دەل مۇشۇ تارىخقا توغرا كېلىدۇ.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### قازى ئىززىددىننىڭ زىكرى

قازى ئىززىددىن — تەڭرى ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغاي — شۇنداق كىشى ئىدىكى ئۆمرىنى ھەمىشە زاھىدلىق ۋە تەقۋادارلىق بىلەن ئۆتكۈزەتتى. ئۇ بۇخارا ۋىلايىتىنىڭ ئۇلۇغ سەييىدلىرىدىن بولغان سەييىد مىرزا ھەققىدە مۇنداق دەپتۇ. نەزم:

دىلا، كەجكار دەۋراندىن ۋەفا ھەرگىز تەمەئ قىلمە،
ئانىڭ كارى ھەمە رەڭگى رىيا بىرلە مۇھەييادۇر.
فىغانۇ نالە چەككىل ئاقىبەت دەۋران سېنى قويماس،
سەرىرى سەلتەنەت ئەۋجىدە گەر خۇرشىدى ئەئلادۇر.
نېچۈككىم سەييىدىل كەۋنەين تاشلاپ كەتتى دۇنيانى،
تىفەيلى خىلقەتى ئەفلاك تا تەھتى سۇرەييادۇر.

[1] بۇ «قطب اقطاب ازجهان رفت» (ئەۋلىيالار پېشۋاسى جاھاندىن كەتتى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە ھىجرىيە 971 (1563 - 1564) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

[2] «بروز شانزده ئەز ماه شوال» (شەۋۋال ئېيىنىڭ ئون ئالتىنچى كۈنىدە) دېگەن مىسرادىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 973 (مىلادىيە 1565 — 1566) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

ئۇ يەنە بىر مىسرا ئېيتىپتۇ. مىسرا:

«فەخرى ئالى نەبى»[①] ئاڭا تەئرىخ.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### ئەبۇلقاسىم مىرزا ۋاپاتىنىڭ زىكرى

دېڭىز ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ پادىشاھى، ئادالەت ئەھلىنىڭ شاھەنشاھى، پۇقراپەرۋەر جەلالىددىن ئەكبەرنىڭ سەلتەنىتى زامانىدا ئەبۇلقاسىم مىرزا ئۇنىڭ بىلەن زامانداش ئىدى. ھالبۇكى ئەبۇلقاسىم مىرزىنىڭ يېشى كىچىك ئىدى، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ھىندىستان ۋىلايىتىنىڭ تۆتتىن بىر قىسمىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى ۋە شاھەنشاھلىق يوسۇنلىرىنى پەلەك گۈمبىزىگە يەتكۈزدى. ئاخىر ئۇنىڭ جاھانگىرلىك دەۋاسى شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، ئۇنىڭ دەبدەبىسى ۋە ھەيۋەت ـ ھەشەمىتىنىڭ ئۇلۇغلۇقى شاھ ئەكبەرنىڭ قۇلىقىغا يەتتى. ئۇنىڭ قەددى ـ قامىتىنىڭ سۆز ـ چۆچەكلىرى ھىندىستان ئېلىگە گويا جادۇگەرلەرنىڭ كۆزىدەك پىتنە ـ پاسات سالدى. شۇ زاماندا شاھ ئەكبەر ھېسابسىز كۆپ لەشكەر توپلاپ، قاتتىق غەزەپ بىلەن ئەبۇلقاسىم مىرزا تەرەپكە ئەۋەتتى. تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ بولغاندا، ئۇنىڭ ھاياتلىق بىخىنى بۇ دۇنيانىڭ دەرىخىدىن ئۈزۈپ، ئۇنى شېھىتلىق دەرىجىسىگە يەتكۈزدى. مەۋلانا قاسىم كاھى ئۇنىڭغا بۇ نەزمە بىلەن تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

«خۇبلار سەرۋەرى ئەبۇلقاسىم
كەتكەچ، ئالەمنى قىلدى ئاھىم دۇد.
داغ، سەد داغ، چەرخى بۇقەلەمۇن،
تولماغان غۇنچەنى قىلۇر نابۇد.
بۇلبۇل ئەفغان قىلىپ دېمىش تەئرىخ،
«ئاھ، كانى گۇل شەھىدى ئەكبەر شۇد»[②].

بۇ پارچە مىسرادىكى ھەرپلەر جەمەل ھېسابىدا توققۇز يۈز يەتمىش ئۈچ بولىدۇ.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### خۇسرەۋ سۇلتان ۋاپاتىنىڭ زىكرى

خۇسرەۋ سۇلتان ئەبدۇللاخاننىڭ تاغىسىنىڭ ئوغلى. ئۇ زات سەلتەنەت تەختىگە ئولتۇرۇپ، تېخى خۇتبە ۋە سىككە (پۇل)نى ئۆز ئېتىغا ئوقۇتمىغانىدى، تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش بەشتە[③] باراقخان تاشكەندىنىڭ ئوغلى باباخان ماۋەرائۇننەھر تەرىپىگە لەشكەر تارتىپ كېلىپ، جەڭ قىلىپ،

---

① «فخر ال نبى» (پەيغەمبەر ئەۋلادلىرىنىڭ پەخرى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە ھىجرىيە 973 (مىلادىيە 1565 ـــ 1566) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

② «اه كان كل شهيد اكبر شد» (گۇل كانى ئەكبەر قولىدا شەھىد بولدى) دېگەن مىسرادىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە ھىجرىيە 973 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ مىلادىيىنىڭ 1565 ـــ 1566 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

③ ھىجرىيە 975 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1567 ـــ 1568 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

خۇسرەۋ سۇلتاننى تۇتۇپ، ئۆز ۋىلايىتىگە ئېلىپ بېرىپ ئۆلتۈردى. ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈلگەن تارىخى ھەققىدە زاماننىڭ پاراسەتلىك كىشىلىرى بىر مىسرا ئېيتىپتۇ، مىسرا:

«بابا زالىم» باشىن ئالىپ كەتتى.

«بابا زالىم» دېگەن سۆز جەمەل ھېسابى بويىچە توققۇز يۈز يەتمىش تۆت بولىدۇ. مەنە ئەھلى «بابا زالىم»نىڭ ئالدىنقى «با»سىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، يەنى «با زالىم»دىن بۇ تارىخنى چىقىرىپتۇ[①].

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### موللا شاھمۇھەممەد دەپتەردارنىڭ زىكرى

ئۇ زات سۇلتان سەئىدخاننىڭ ۋاقتىدا مەرۋە شەھىرىدە دەپتەردار ئىدى. شۇنداق كاتىپ ئىدىكى، خەتنىڭ سىياقىنى كامالەتكە يەتكۈزۈپ يازاتتى. ئۇ كىچە ـ كۈندۈز ۋاقتىنى خەزىنىدارلىق ۋە دەپتەردارلىق بىلەن ئۆتكۈزۈپ، ۋەزىرلىك كۇرسىسىغا ئولتۇرۇپ، ئۇلۇغ مەرتىۋىلەرگە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋەزىر بولغان تارىخىنى مەۋلانا مۇشفىقى مۇنۇ نەزم بىلەن بايان قىلىپتۇ. نەزم:

چۈن شاھمۇھەممەد ئەسفى ئەھەد،
بولدى ۋۇزەرايى ھەزرەتى خان.
ئەھلى قەلەم ئانداغ چەكتى مەرقۇم،
بۇ لەبز ئىلە «ۋەزىرى خاقان»[②].

«ۋەزىرى خاقان» دېگەن سۆز جەمەل ھېسابى بىلەن ھېسابلانسا توققۇز يۈز يەتمىش تۆت بولىدۇ. يەنە مۇشۇ تارىختا سۇلتان ئەبۇ سەئىدنىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخان سەمەرقەندتە بىر چاھارسۇ بىنا قىلدى. جاھاندا ھېچ كىشى مۇنداق ئىمارەتنى كۆرۈپ باققان ئەمەس. موللا مۇشفىقى بۇ ئىمارەت ھەققىدە بۇ نەزم بىلەن تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

بانىئى قەسرى كەرەم سۇلتان سەئىد خانى زەمان،
چاھارسۇ قىلدى سەمەرقەند شەھرىدە گويا بېھىشت.
خامەئى خۇرشىد فەلەكنىڭ تاقىغە ئالتۇن بىلە،
رۇقئە يازمىش «قۇببەتۇل ـ ئىسلام» دەپ ئەيلەب سىرىشت.

---

① بۇ چۈشەندۈرۈش سەل ناتوغرا بولۇپ قالغان. «بابا ظالم» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە جەملەنسە 976 بولىدۇ. «بابا» دېگەن سۆزنىڭ ئالدىنقى «ب» دىن كېيىنكى ئەلىپنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، بۇ سۆزنى «ببا ظالم» شەكلىدە يازغان. شۇنداق بولغاندا ئۇنىڭدىكى ھەرپلەر جەملەنسە ھىجرىيە 975 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

② «وزير خاقا» (خاقاننىڭ ۋەزىرى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە جەملەنسە 975 بولىدۇ. قوليازمىدا «974 بولىدۇ» دېيىلگەن. ئەگەر «خاقا» دېگەن سۆزدىكى «خا» دىن ئەلىپنى قىسقارتىپ، «وزير خقان» شەكلىدە يېزىلسا، ئاندىن 974 بولىدۇ. ھىجرىيە 974 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1566 ـــ 1567 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

«قۇببەتۇل ئىسلام» دېگەن سۆز جەمەل ھېسابى بويىچە توققۇز يۈز يەتمىش سەككىز بولىدۇ[1]. يەنە مۇشۇ چاغدا جەلالىددىن ئەكبەر دەپ شۆھرەت تاپقان مىرزاخان ۋاپات بولۇپتۇ. ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە پاراسەت ئەھلىلىرىدىن بىرى مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ. مىسرا:

فەرياد زى دەستى فەلەكى بىبۇنياد[2]

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### شەيخ كەبۇر مەجزۇبنىڭ زىكرى

شەيخ كەبۇر مەجزۇب ھىندىستان پادشاھلىرىنىڭ نەسلىدىن ئىدى. ئۇ زات ئۆزىنى دۇنيا ئىشلىرىدىن چەتكە ئېلىپ، پېقىرلىقنىڭ تۇغ ئەلەمىنى پەلەك ئەتلىسىدىنمۇ ئېگىز كۆتۈردى. كىيگەن جەندىسى مىڭ يەردىن ياماڭغانىدى. دۇنيا تەئەللۇقاتىدىن پۈتۈنلەي ئۈزۈلۈپ، شەيتانىي نەپسىنى خارۇ زارلىق تۇپرىقىغا تاشلىغانىدى. نەزم:

شەيخى كەبۇران مەسنەدى غازىيان،
ھەرەمى قۇدۇۋى جاھى ھىندۇستان.
دەلقى بۇرقەئىنى سالىپ بوينىغە،
دىلبەرىنىڭ كويىغە بولدى رەۋان.
ژەندەسى مىڭ ياماقۇ مىڭ تىكىن،
تورغالى يوق ئېردى ئاڭا بىر مەكان.
ھەر تىكىنى بەخىيەسىدە چۈن ئەلىف،
مۇخبىر ئىدى ۋەھدەتى ھەقدىن نىشان.

تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش توققۇز بولغاندا بۇ زات پەس ئالەمدىن يۇكسەك ئالەمگە كۆچۈپ كەتتى. ھىندىستاننىڭ گەۋالبار دېگەن يېرىدە دەپنە قىلىندى. ئۇ زاتقا شەيخ فەيزىنىڭ چوڭقۇر ئەقىدىسى بار ئىدى، ئۇنىڭ ۋاپاتى ئۈچۈن بۇ تارىخنى مۇناسىپ كۆرۈپتۇ. نەزم:

مەجزۇبى ئەزەل كەبۇر ۋاسىل،
ۋان ئەز غەلەباتى ئىشق مەغلۇب.
چۈن رەفت بەجەزبەئى ئىلاھى،
تەئرىخەش شۇد «كەبۇرى مەجزۇب[3].»

---

① «قبەالاسلام» (ئىسلامنىڭ گۈمبىزى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابى بويىچە جەملەنسە، 680 بولىدۇ. قولىيازمىدا «توققۇز يۈز يەتمىش سەككىز بولىدۇ» دېيىلگەن، بۇ يەردە ئېنىقسىزلىق بار.

② فرياد زدست فلك بى بنياد» (تۇراقسىز پەلەكنىڭ دەستىدىن ۋاي) دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھجرىيە 975 (مىلادىيە 1567 — 1568) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

③ «كبور مجذوب» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھجرىيە 979 (مىلادىيە 1571 — 1572) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

# «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

## شاھزادە مۇسلىم مىرزا تۇغۇلغانلىقىنىڭ زىكرى

شاھزادە مۇسلىم مىرزا جەلالىددىن مۇھەممەد ئەكبەرنىڭ ئەزىز پەرزەنتىدۇر. ئۇ شاھزادە يوقلۇق ئالەمىدىن ۋۇجۇد مەيدانىغا يېتىپ كەلگىنىدە جەلالىددىن مۇھەممەد ئەكبەر سەلتەنىتىنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ يورۇق بولدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنىڭ پەيز ۋە بەرىكەت بۇلۇتلىرىدىن ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ گۈللىرى سۇغىرىلدى، گىياھلىرى ياشناپ كەتتى. يۈزلىرىنىڭ گۈزەللىكىدىن چىمەندە گۈللەر قىزغىناتتى. ئۇ تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش يەتتە[1] بولغاندا تۇغۇلغانىدى. موللا ئارسلان خۇراسان ۋىلايىتىدىن ئىدى، ئۇ زات ئۇلۇغ مەككىگە بېرىپ، ھەج قىلىپ يېنىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەكبەر پادىشاھنىڭ خىزمىتىدە بولۇۋاتاتتى. بۇ شاھزادىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا ئۇ زات مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

نەمۇدار ئەيلەدى خۇرشىدى دەۋلەت،
يارۇب ئەفلاك ئاندىن تا بەماھى.
ئانىڭ نۇرى بىلە بولدى مۇنەۋۋەر،
چەراغى دەۋرۇ زەمان پادشاھى.
ئېرۇر شەھزادەئى زىللى خۇداۋەند،
بولۇپ ھەم تەئرىخى «زىللى ئىلاھى»[2].

يەنە مۇشۇ زىكىر قىلىنغان تارىخ ھەققىدە، نەزم:

بىھەمدىللاھكى، بۇ شاھى زەمانغە،
كېلىپدۇر قولغە ئىككى تازە گەۋھەر.
جەھانغە پەرتەۋىدىن سالدى شۇئلە،
دېمەي گەۋھەر، قەمەر، خۇرشىدى خاۋەر.

يەنە تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش سەككىز دە[3]ئۇ پادىشاھتىن يەنە بىر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلدى. ئۇنىڭغا سۇلتان مۇراد دەپ ئات قويدى. موللا ئارسلان ئۇنىڭ تۇغۇلغان تارىخى ئۈچۈن ئىككى مىسرا ئېيتىپتۇ، بىرىنچى مسرا:

تەئرىخى تەۋەللۇدى شاھزادەئى مۇسلىم مىرزا.

---

① ھىجرىيە 977 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1569 ــ 1570 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

② « ضلل الهى » (ئاللانىڭ سايىسى) دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 976 (مىلادىيە 1568 ــ 1569) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. قولىيازمىدا «توققۇز يۈز يەتمىش يەتتە» دېيىلگەن. «الهى» دېگەن سۆزدىكى «ل» دىن كېيىن يەنە بىر ئەلىپ قوشۇلسا ئاندىن 977 بولىدۇ.

③ ھىجرىيە 978 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1570 ــ 1571 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

ئىككىنچى مىسرا:

تەئرىخى تەۋەللۇدى شاھزادەئى سۇلتان مۇراد مىرزا.

تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش سەككىزدە شاھى جەھاننىڭ ھۆكۈمى بىلەن ئۇلار ئۆلتۈرۈلدى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### موللا خاجەجان دىۋان بېگىنىڭ زىكرى

موللا خاجەجان دىۋان بېگى شۇنداق كىشى ئىدىكى، يېزىقچىلىق ئىلمىدە تەڭداشسىز، كاتىپلىق جەھەتتە ئىنتايىن خۇش خەت ئىدى. نەسختەئلىق خېتىنى ناھايىتى ياخشى بىلەتتى. ئۇ ئۆز دەۋرىدىكى كاتىپلارنىڭ ئۇستازى ئىدى. ئۇ زات ئەبدى ئەمىرخاننىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، ۋەزىرلىق ئورنىدا ئولتۇرغانىدى. تارىخقا توققۇز يۈز يەتمىش توققۇزدا ئىككى شەرەپلىك مەنسەپنى تاپتى. موللا مۇشفىقى ئۇنىڭ ۋەزىر بولغان تارىخى ھەققىدە مۇنداق نەزم ئېيتىپتۇ. نەزم:

بەدەۋرى خانى ئادىل ئەز خۇداۋەندى ئىناياتى،
ۋەزارەت يافت موللا خاجەجان ئەز غەيب ئىشارەت شۇد.
خىرەد مىخاست ھەرفى بەھرى ئىن مەئنى رەقەمسازەد،
«ۋەزىرى خانى ئادىل»[1] سالى تەئرىخى ۋەزارەت شۇد.

تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەندە بىر پەرزەنت ۋۇجۇدقا كەلدى، ئۇنىڭ ئېتىنى مىرزا دانىيار قويدى. بۇنىڭغا موللا ئارسلان ئىككى مىسرا بېيىت ئېيتىپتۇ. بېيىت:

ئارسلان مىسرائ ئايتىپ، ئەيلەدى نازۇك خەيال،
مەتلەئى بولدى مەگەر مەغرىب سارىدىن بىر ھىلال.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### سۇلتان سەئىدخان ۋاپاتىنىڭ زىكرى

سۇلتان سەئىدخان ئەبۇ سەئىدخاننىڭ ئوغلى بولۇپ، سەلتەنەت تەختىدە بەش يىل ئولتۇردى. ئېخى سەلتەنەت دەۋرىنى ئاخىرىغا يەتكۈزمىگەن، ئارزۇ گۈلىنى مەقسەتنىڭ گۈلىستانىدىن ئۈزمىگەنىدى، تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەندە تەقدىرنىڭ فەرراشى[2] ئۇنىڭ ھاياتلىق چېدىرىنىڭ رەختلىرىنى چۇۋۇپ، تۇپراققا تاشلىدى. موللا مۇشفىقى ئۇنىڭغا مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

---

[1] «ۋەزىر خان عادل» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھجرىيە 979 (مىلادىيە 1571 — 1572) ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.
[2] فەرراش — پالاز، تۆشەكلەرنى سالغۇچى، يىغقۇچى ۋە تازىلىق قىلغۇچى خىزمەتكار.

چۈن ۋىدائى شەھرىيارى قىلدى سۇلتانى سەئىد،
ئەھلى دىننىڭ سىنەسى مەجرۇھ، جان بولدى ھەزىن.
شاھكىم سىغماس ئىدى روھى زەمىنغە، ۋادەرىغ،
بولدى تەئرىخى ۋەفاتى «خانەئى زىرى زەمىن»①

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### خەيرى ھافىز ۋاپاتىنىڭ زىكرى

خەيرى ھافىز ئەبدۇللاھخان پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇرغاندا ئۇ زاتنىڭ خىزمىتىدە ئىدى؛ مۇزىكا ئىلمىدە تەڭداشسىز، ھۆسن - جامال ۋە قەددى قامەت جەھەتتە يېگانە ئىدى. ئۇ نەغمە - ناۋا قىلسا ئۇنىڭ كىشىگە جان بېغىشلىغۇچى ئاۋازى كۆڭۈللەردىن غەم - غۇسسىلەرنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. ئۇ قاچانكى غەزەل ئوقۇسا «ئۇششاق»دىن كېيىن «نەۋا» مۇقامىنى ئوقۇيتتى. بۇ چاغدا تاشلارمۇ ئېرىپ مۇمدەك بولاتتى. ئاخىر پەلەك ئۇنى بەخت ۋە ئىززەتنىڭ ئەۋجىدىن ئېلىپ، خارلىقنىڭ بۇرجىكىگە تاشلىدى. چۈنكى، ئەبدۇللاھخان ئالدىدا ئۇنىڭدىن كىچىككىنە گۇناھ سادىر بولغانىدى، ئەبدۇللاھخاننىڭ سىياسىتىنىڭ ۋەھىمىسىدىن تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن بىردە بۇ ئالەمدىن كەتتى. موللا مۇشفىقى خەيرى ھافىزنىڭ ۋاپات بولغان تارىخىنى «خەيرى ھافىز» دەپ يېزىپتۇ. «ھافىز» دېگەن سۆزدىن «ھا» نى ساقىت قىلسا توققۇز يۈز سەكسەن بىر بولىدۇ.

ھىندىستان مەملىكىتىنىڭ ئالىملىرىدىن بىرى ئەللامەئى ئەھەد دەپ ئاتىلاتتى. يۇقىرىدا زىكىر قىلىنغان تارىختا تەقدىر مۇئەللىمى ئۇنى كىتاب مۇتالىئە قىلىشتىن تەتىل قىلدى. تارىخقا توققۇز سەكسەن ئىككىدە ئۇ زاتنىڭ جان قۇشى ۋۇجۇد ئاشيانىدىن پەرۋاز قىلدى. شەيخ ئەبۇلفەيزىنىڭ قېرىندىشى شەيخ فەيزى ئۇنىڭغا بىر مىسرا تارىخ ئېيتىپتۇ. مىسرا:

زەمانە چەكتى رەقەم «مەرگى ئەشرەفى ئۇلەما»②

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### خاجەئى شەھىد، ھىندىستاندىن سەمەرقەندكە كەلگەنلىكىنىڭ زىكرى

ھەزرىتى خاجەئى ئەبدى شەھىد — ئۇنىڭ سىرلىرى مۇقەددەس بولغاي، — ئۇلۇغ يولباشچى ھەزرىتى خاجەئى ئەھرارنىڭ ئەۋلادىدىندۇر. تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن ئىككىدە ھىندىستان مەملىكىتىدىن سەپەر قىلىپ سەمەرقەندكە كەلدى. بۇ مەخدۇمزادىنىڭ كەلگەن ۋاقتىدا مىرزا قاسىم

---

①«خانه زير زمين» دېگەن سۆزلەرنى ھەرپلەر ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرىنى جەملەنسە ھىجرىيە 980 (1572 - 1573) - يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

②«مرگ اشرف علما» دېگەن سۆزدىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرىنى جەملەنسە ھىجرىيە 982 - يىلى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىت مىلادىيىنىڭ 1574 (1574 - 1575) - يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

دىۋان سۇلتان سەئىدخاننىڭ كاتىپلىق خىزمىتىدە ئىدى. شېئىرىيەت ئىلمىدە ماھىر ئىدى. ئۇ زات ئەبدۇللاھ باھادىرخاننىڭ زامانىدا سەمەرقەندنىڭ دىۋان بېگىلىك مەنسىپىدە تۇرغانىدى. مىرزا قاسىم دىۋان خاجە ئەبدى شەھىدنى مەدھىيىلەپ بۇ قەسىدىنى ئېيتىپتۇ. بېيىت:

بىھەمدۇللاھ، سەمەرقەند شەھرىگە بىر مەھ جەبىن كەلدى،
كى ئانداغ مۇرشىدى كامىل، مۇكەممەل مۇلكى دىن كەلدى.
مەدارى مەركەزىدىن قۇدۋەئى ئەۋلادى قۇتبۇل ھەق،
مۇھىتى ئەرسەئى جانى مەدارى ئالەمىن كەلدى.
ۋەلىيۇل ھەق ئەلەد ـ دەۋلەت جەنابى قۇتبۇل ـ ئەقتابى،
كى چۇن ئابادى ئالىي ـ قەدرۇ بەدرۇل ـ ۋاسىلىن كەلدى.
شەھى دۇنياۋۇ دىن ئەبدۇش ـ شەھىد ئول زۇبدەئى ئەمجاد،
پەناھى مۇلكى دىل ھەم خاجەئى دۇنياۋۇ دىن كەلدى.
ئەنىسۇل ـ ئەسفىيا سۇلتانى ئالەم فەقر ئاگاھى،
جەلىسۇل ـ ئەتقىياۋۇ ھادى ئەسھابى يەقىن كەلدى.
فەقىرلىق ھالىدىن گويا فەلەككە تۈشتى ھەيرانلىق،
سىپىھر ئەۋجىدە ئەنجۇم خەيلىدىن كۆپ ئافەرىن كەلدى.
كى ئول قۇتبى ئۇبەيدۇللاھنىڭ ئەۋلادى فاكىدىن،
زەماندا تالىب ئەھلىغە بۇ ياڭلىغ مۇرشىدىن كەلدى.
چۇنان ئېرشادىنىڭ ۋادىدا بىزگە رەھنەما بولغاي،
نىچۇككى رەھنەمالىقدا ئاڭا رۇھۇل ـ ئەمىن كەلدى.
شەرافەتلىك ۋۇجۇدىدىن خەلايىقلار ئەمان تاپتى،
نە كۇنكىم رەھمەتى ھەقدىن چۇ قۇتبى ئارىفىن كەلدى.
خەراب ئولغان كۆڭۈللەر مۇلكى بولدى ئەدلىدىن ئاباد،
مەگەركىم شەھرى كەنئاندىن چۇ يۇسۇف مەھ جەبىن كەلدى.

تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن ئىككىنچى يىلى رەبىئەل ـ ئەۋۋەل ئېيىدا ئەبدۇللاھ باھادىرخان ھەددىۋ ھېسابسىز لەشكەرلىرى بىلەن خۇجەند دەرياسىنىڭ قىرغىقىغا چۈشتى. يەنە بىر تەرەپتىن باراقخاننىڭ ئوغلى باباخان ۋە باشقا پادىشاھلار تاشكەنت ۋە تۈركىستاندىن سان ـ ساناقسىز لەشكەر توپلاپ، بولارمۇ دەريانىڭ لېۋىگە چۈشتى. ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا گويا دەريادىن لەھەڭلەر تەۋرەپ چىققاندەك قاتتىق جەڭ بولدى. ئاخىر باباخاننىڭ لەشكەرلىرى ھەر تەرەپكە قېچىشقا باشلىدى. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ قىرغىقىغا بېرىۋالمىغۇچە ھېچ ئامانلىق يوق ئىكەنلىكىنى بىلىپ، سۇلھى بىلەن دەريانىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ چۈشتى. ئاخىر ئەبدۇللاھخان غەلىبە قىلىپ، ئىززەت بىلەن ماۋەرائۇننەھر تەرەپكە يۈزلەندى.

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### ئەبۇلبەقا ۋاپاتىنىڭ زىكرى

مىر ئەبۇلبەقا ئۆزى سەييىدزادىلەردىن ئىدى. ئۇ زات «شەرھى مەۋلانايى جامىي» ناملىق كىتابقا ھاشىيە يېزىپ، خالايىق ئارىسىدا تالىپلار ئىچىدە شۆھرەت قازىنىپتۇ. يەنە نەچچىلىگەن رىسالىلىرى

بار. تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن تۆتتە بۇ زات پانىي ئالەمدىن باقىي ئالەمگە سەپەر قىلدى. موللا مۇشفىقى ئۇنىڭغا مۇنداق تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

چۇن مىر ئەبۇلبەقا شەھى مىتەلەبى،
سۇلتانى تەرىقەت رەسۇلى ئەرەبى.
ئەزدارى فەنا رەفت، پەي تەئرىخەش،
بەنەۋشتى قەزاكى: «فەخرى ئەۋلادى نەبى»[1].

## «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

### شاھ توھماس پادىشاھ ۋاپاتىنىڭ زىكرى

شاھ توھماس شۇنداق پادىشاھ ئىدىكى، خوراساندىن ئىراق شەھەرلىرىگىچە بولغان ھەممە جايلار ئۇنىڭ تەۋەلىكىدە ئىدى. ئۇن ئىككى ياشقا كىرگەندە پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى ۋە شىئە خەلقىنىڭ مەزھىپى شۇنىڭ زامانىدا ئاشكارا بولدى. ئۇ يەتمىش ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆردى. قىرىق توققۇز يىل پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ، جاھانغا غۇلغۇلا سالدى. ئاندىن بۇ سۇلھى مادارىسىز پەلەك ئۇنىڭ ۋۇجۇد رەختىنى يوقلۇق شەھرىگە قاراپ تارتتى. بۇ ۋاقىتتا تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن تۆت بولغانىدى. موللا مۇھتەشەم كاشى ئۇنىڭ ۋاپاتى ھەققىدە تارىخ ئېيتىپتۇ. نەزم:

شەھى شەھ نىشان، پادشاھى جەھان،
شەھەنشاھى ئافاق توھماس شاھ.
دەرىغاكى، بولدى جەھاندىن فەنا،
تۇتۇپ ماتەمىن بولدى ئالەم سىياھ.
ئانىڭ سالى تەئرىخىن ئەھلى خىرەد،
رەقەم چەكتى چۇن: «فەۋتى گىتى پەناھ»[2]

شاھ توھماس ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىدا شاھ ئىسمائىل تەختتە ئولتۇرۇپ، مەملىكەتنى ئىدارە قىلدى. ئۇمۇ بىر يىلدىن كېيىن ئالەمدىن ئۆتتى. شاھ ئىسمائىلدىن كېيىن تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن بەش[3] بولغاندا سۇلتان مۇھەممەد پادشاھ ئىراق ۋە خوراساننىڭ ھەممە ۋىلايەتلىرىنى ئېلىپ پادشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى.

---

[1] «فخر اولاد نبي» دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە،984 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىت مىلادىيىنىڭ 1576 ــ 1577 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

[2] «جون فوت كيتى پناه»(ئالەم پادشاھى) دېگەن سۆزلەردىكى ھەرپلەرنىڭ ئەبجەد ھېسابىدىكى سانلىرى جەملەنسە، ھىجرىيە 984 ـ يىلى كېلىپ چىقىدۇ.

[3] ھىجرىيە 985 ـ يىلى مىلادىيىنىڭ 1577 ــ 1578 ـ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

# «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

## ئەبدۇللاھ باھادىرخاننىڭ سەمەرقەند قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلغانلىقىنىڭ زىكرى

باشتا جەۋانمەرد ئەلىخان سەمەرقەندنىڭ ھۆكۈمرانى ئىدى. باباخان تاشكەندى تاشكەنت، تۈركىستان ۋە دەشتى قىپچاقتىن لەشكەر توپلاپ سەمەرقەند تەرەپكە كەلدى. جەۋانمەرد ئەلىخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ دەرھال سەمەرقەندتىن يۈرۈش قىلىپ، باباخان لەشكىرىنىڭ يولىنى توستى. ئىككى تەرەپ قاتتىق جەڭ قىلدى. ئاخىر ئەبدۇللاھخان[①] غەلىبە قىلىپ باباخان يېڭىلدى. ئەبدۇللاھخان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ، تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن ئالتىدە[②] تاشكەنتنىڭ بەزى كەنتلىرىنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقى ئاستىغا ئالدى.

# «تەۋارىخى نام»دىن ئېلىنغان نەقىل

## جەۋانمەرد ئەلىخان ۋاپاتىنىڭ زىكرى

جەۋانمەرد ئەلىخاننىڭ ئىككى پەرزەنتى بار ئىدى. بىرىنىڭ ئېتى ئەبۇلخەير سۇلتان، يەنە بىرىنىڭ مۇزەففەر سۇلتان ئىدى. ئۇلار ھەربىرلىرى ئۆز دەۋرىنىڭ پادشاھلىرى ئىدى. ساغەرج، مىيانكەل، فەۋۋارە قاتارلىق جايلار ئەبۇلخەيرخاننىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئىدى. مۇرەسسەسىز زالىم فەلەك ئۇلارنىڭ ئارىسىغا شۇنداق بىر تەپرىقىچىلىك سالدىكى، ھېچبىر تەدبىر بىلەن ئۇلارنى ياراشتۇرۇپ سۈلھىگە كەلتۈرگىلى بولمىدى. بۇ ئىككى قېرىنداشنىڭ ئارىسىدا دۈشمەنلىك ناھايىتى تولا بولدى. بارا ــ بارا ئىككىيلەن جەڭگى ــ جېدەل قىلىشقا باشلىدى. ئۇلۇغلارمۇ بۇنىڭ ئىلاجىنى قىلىشقا ئاجىز كەلدى. ئاخىر مۇزەففەر سۇلتان باباخان تاشكەندىنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەپ، كۆچلۈك لەشكەر بىلەن ئاتلاندى. بۇ خەۋەر قېرىندىشىنىڭ قۇلىقىغا يەتتى ۋە غەزەپ ئوتى ئۆرلىدى ــ دە، شۇ زامان ئون بەش مىڭ پەھلىۋان بىلەن يېتىپ كېلىپ، تۈن يېرىمدا شەبىخۇن ئۇرۇپ مۇزەففەر سۇلتاننىڭ لەشكىرىگە تېگىش قىلدى. بۇ خەۋەر جەۋانمەرد ئەلىخاننىڭ ئەمىرلىرىگە يەتتى. ئۇلارمۇ ئارقىسىدىن لەشكەر تارتىپ كېلىپ، شۇنداق جەڭ قىلدىكى، پەلەككمۇ ئۇلارغا ئاپىرىن ئوقۇدى. ئەبۇلخەير سۇلتان ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئۆزرە ئېيتتى. لېكىن بۇ ئىشقا رازى بولمىدى. ئاخىر زۆرۈرىيەت تۈپەيلىدىن ئەبۇلخەير سۇلتان ئەبدۇللاھخاننىڭ ھوزۇرىغا باردى ۋە رەسمىي قائىدىلەرنى تۈزۈپ، خىزمەتكارلىقتا پەرمانبەردار بولدى. ئاندىن ئەبدۇللاھخان بىلەن بىللە كېلىپ، ئاتىسى بىلەن قېرىندىشىنى سەمەرقەندنىڭ قەلئەسىگە قامىدى. جەۋانمەرد ئەلىخان بىلەن مۇزەففەر سۇلتان قەلئە ئىچىدە مەھبۇس بولدى. ئۇ زاماندا باراقخاننىڭ ئوغلى باباخان ھېسابسىز لەشكەر بىلەن تاشكەنت ۋىلايىتىدىن يېتىپ كەلدى. ئەبۇلخەير سۇلتان ياقاكۆتەل دېگەن جايدا باباخاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىككى لەشكەر توپلىشىپ جەڭ قىلىشقا يۈزلەندى. شۇ كۈنى شۇنداق جەڭ بولدىكى نەچچىلىگەن

① بۇ يەردە سەل ئېنىقسىزلىق بار. ماۋزۇدا: «ئەبدۇللاھ بەھادىرخاننىڭ سەمەرقەند قەلئەسىنى مۇھاسىرە قىلغانلىقى» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مۇھاسىرە ۋە بۇنىڭ سەۋەبى بۇ ماۋزۇ ئەمەس، بۇنىڭدىن كېيىنكى ماۋزۇدا سۆزلەنگەن. تېكىستتە باشتا جەۋانمەرد ئەلىخان بىلەن باباخاننىڭ جەڭ قىلغانلىقى سۆزلەنگەن ۋە بۇ جەڭدە ئەبدۇللاخاننىڭ غەلىبە قىلغانلىقى ئېيتىلغان. بەلكىم تەرجىمىدە ياكى كۆچۈرگەندە، كېيىنكى ماۋزۇ بىلەن بۇ ماۋزۇ ئارىلاشتۇرۇۋېتىلگەن بولسا كېرەك.

② ھىجرىيە 986 ــ يىلى مىلادىيىنىڭ 1578 ـــ 1578 ــ يىللىرىغا توغرا كېلىدۇ.

سىپاھلار ئومۇمىيۈزلۈك قىرىلىپ كەتتى. نەزم:

ئاقتى قان ئانداغكى شەمشەر زەخمىدىن،
زەھرەلەر چاك بولدى جەڭنىڭ ۋەھمىدىن.
يەر يۈزى قان بىرلە بولدى لالەزار،
قالغانى يىغلاپ چۇ مىن ئەبرى بەھار.
ئاھ ئۇتى قىلدى جەھاننى دۇدناك،
قىلدى ھەسرەت مۇشتى بىرلە سىينە چاك.

ئاخىر باباخاننىڭ جەڭ قىلىشقا تاقىتى قالماي قاچتى. ئەبدۇللاھخاننىڭ لەشكەرلىرى ئارقىسىدىن قوغلاپ بىر پەس يول يۈردى. ئەبدۇللاھخاننىڭ قېرىندىشى ئىبادۇللاھ سۇلتان تاغىسى سىپەندىيار سۇلتان مەجلىس تۈزۈپ ئەبۇلخەير خان بىلەن ئاتىسى جەۋانمەرد ئەلىخاننى مېھمان قىلىپ، ھىيلە بىلەن ئۇلارنى تۇتۇپ، تارىخقا توققۇز يۈز سەكسەن ئالتىدە ھەر ئىككىلىسىنى ئۆلتۈرۈپ، شەھىدلىق مەرتىۋىسىگە يەتكۈزدى. جەۋانمەرد ئەلىخان ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى قاماقتا ئېلىنغاندى. قاماقتا تۇرۇپ ئۇششاق ئەۋلادلىرىغا قاراپ بۇ بېيىتنى ئوقۇدى. نەزم:

دەھرىدىن باردىم، ئۆلەر شاھى سىكەندەر بولدى،
قەتلىمە بائىس ئەبۇلخەيرۇ مۇزەففەر بولدى.

جەۋانمەرد ئەلىخان سەلتەنەت ئۈستىدە ئالتە يىل دەۋر سۈردى. ئاندىن تەقدىر بورىنى ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇق كۆچىتىنى يىلتىزىدىن يۇلۇپ، يوقلۇق دەرياسىنىڭ قايىنىمىغا تاشلىدى. رۇبائىي:

كارى ئەييامنى سەن بىلكى گىرەھ ئۈزرە گىرەھ،
كارى ئەفلاكنى ھەم ھالى تەبەھ ئۈزرە تەبەھ.
پىرى زەندۇركى بۇ دون ئاغرىماغىل يەتسە ئەلەم،
ئەي جەۋانمەرد، مۇڭا مۇنچەنى كۆپ ئاھ نىمەھ.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلىمىدە)

# مۇقىمي شېئىرلىرىدىن

نەشرىگە تەييارلىغۇچى: مۇھەممەتتۇرسۇن نىمتۇللا

مۇھەررىردىن: شائىر مۇھەممەد ئەمىن مۇقىمىي 1850 ـ يىلى ئۆزبېكىستاننىڭ قوقان شەھىرىدە ناۋاي ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. دەسلەپكى ساۋات ۋە مەلۇماتنى ئاتىسىدىن ئېلىپ، كېيىن قوقان ۋە بۇخارا مەدرىسىلىرىدە ئوقۇغان.

ئۇ بۇخارا مەدرىسىدە ئوقۇشنى تۈگىتىپ، قوقانغا قايتقاندىن كېيىن، ماددىي جەھەتتە ناھايىتى كەمبەغەل ھالەتتە ياشىغان، لېكىن شۇنىڭغا قارىماي ئىجادىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۆزىنىڭ لىرىك ۋە ساتىرىك ئەسەرلىرى بىلەن كەڭ كىتابخانلار ئارىسىدا شۆھرەت قازىنىشقا باشلىغان. مۇقىمىي خەتتاتلىق قىلغان، ھاپىزلارغا شېئىرلار يېزىپ بەرگەن. شۇ يول بىلەن تىرىكچىلىك ئۈچۈن ئانچە ـ مۇنچە كىرىم قىلغان.

مۇقىمىي فۇرقەت، زەۋقىي، تەجەللىي قاتارلىق خەلقپەرۋەر شائىرلار بىلەن يېقىن ئالاقىدە بولغان.

مۇقىمىي ئەسەرلىرىدە زالىم ئەمەلدارلار، ئاچ كۆز بايلار ۋە ساختىپەز روھانىيلارنى پاش قىلىپ، مېھنەتكەشلەرنىڭ مەنپەئىتىنى ھىمايە قىلىشتىن ئىبارەت ئاساسىي ئىدىيە ئالغا سۈرۈلگەن. ئەمگەكچى خەلق بىلەن بىر مەيداندا تۇرۇپ، مۇستەبىتلەرگە، رىياكار، بەتنىيەت، ساختىپەز كىشىلەرگە غەزەپ بىلەن ئوت ئاچقان شائىر مۇقىمىي 1903 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى قوقاندا ۋاپات بولغان.

تۆۋەندە مۇقىمىي شېئىرلىرىدىن بىر قىسمىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھوزۇرىغا سۇندۇق.

## غەزەللەر

يۈتارمەن زەھر ھەجرىڭ ئىشقىدە نازۇك ئەدا، يا رەب،
بۇ ياڭلىغ تەلخى كامىم، بارمۇ دەردىمغە دەۋا، يا رەب.
كىمى ئالدىدە يىغلاي ئول جەفاجو ھەسرەتىدىنكىم،
بارىپ بولدى بۇ كۈن بىگانەلەرگە ئاشنا، يا رەب.
ھەياتىم مەزرەئىگە مەئسىيەتلەر دانەسىن ساچتىم،
ئەگەرچە تاڭلە لۇتۇڭ ئەت ھاسىلىم جۇرمۇ خەتا، يا رەب.

ھىدايەت قىلماسە تەۋفىق فەزلىڭ، غەرقى ئىسيانمەن،
ئىبادەتلەردە نۇقسان كۆپ، نەماز ئىچرە رىيا، يا رەب.
ھەرىمى قۇربىڭە مەندەك گەدانى يەتماغى مۇشكىل،
ئانىكىم دەرگەھىدە بولسە سۇلتانلار گەدا، يا رەب.
ئىكى ئالەمدە بولغىل دەستىگىرۇ دىلچەۋۇ ھامىي،
مۇقىمىيگە ئۆزۈڭدىن ئۆزگە يوقتۇر مۇتتەكا، يا رەب.

*        *

ئال يۈزۈڭدىن پەردە، دىيدارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ،
ھۇر ياڭلىغ فىتلى ئەتۋارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.
باشلارىڭدىن ئۆرگۈلۈپ، يۈز شەۋق ئىلە پەرۋانەۋار،
بەزمىلەردە شەرمى رۇخسارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.
كۆزلەرىڭ ئەۋۋارەسى ئۆمرى غەزالى چىن بولۇپ،
نافەئى زۇلف ئەنبەرىنبارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.
بۇلبۇلى شۇرىدەئى بىبالۇ پەرمەن ئايرىلىپ،
ئاچىلىپ ئۇلتۇركى، گۈلزارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.
قىل يۈرۈش كىبكى دەرى بولسۇن خىراماڭ سەدقەسى،
خۇش تەكەللۇم تۇتى گۇفتارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.
لەبلەرىڭنى رەشكىدىن لەئلى بەدەخشاندۇر خىجىل،
تىشلارىڭمۇ دۇررى شەھۋارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.
رازى دىل نائەھلىلەرگە قىلماغىل فاش، ئەي مۇقىم،
بۇلھەۋەسلەر سىررۇ ئەسرارىڭدىن ئۆرگۈلسۈن قۇلۇڭ.

*        *

ناز بىرلە ھەر زەمان سۇرەتنەما دىلدار سىز،
بەلكى گۈل رۇخسارلارگە رەھنەما دىلدار سىز.
زەۋقىدىن كۆرگەن ھەمان گۈل ھەم ياقا چاك ئەيلەدى،
جۇملە گۈللار سىزگە جان قىلغاي فىدا دىلدار سىز.
يىلدە قىلماس بىر تەكەللۇم غۇنچە ھەم دىل تەڭگىدىن،
قىلسە ناگەھ بىر تەبەسسۇم بىسەدا دىلدار سىز.
روزلاردە ئۆزگەلەر بىرلە قىلىپ بازار، شەب،
ئىيد كەلسە سەيرى سەھراغە سەدا دىلدار سىز.
خۇش تەبەسسۇم، خۇش كەلامۇ خۇش رەۋىش رەفتار ھەم،
ئەندەلىبى بوستاندەك خۇش نەۋا دىلدار سىز.

ئاھكىم، نەيلەي، تۇشۇپدۇر بىشەرەر ئىشق ئوتىڭىز،
سەبرى لۇتفى ناكىدىن قىلسۇن ئەتا دىلدار سىز.
نەيلەسۇن كۆڭلۇم قۇشى دامىغەكىم تۇشمەي مۇقىم،
خوبرولار ئىچرە كۆپ نازۇك ئەدا دىلدار سىز.

*　　　*

نازۇ ئىستىغنا بىلە سۇلتانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي،
ھۇسن ئەۋجىدە مەھى تابانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.
زاھىر ئەتكەن شىۋەئى لۇتفۇ كەرەم ئاشىقلەرە،
بەزملەردە ساھىبى ئىھسانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.
ئادەمى قىلماس گۇمان كاكۇل بىلەن كۆرگەن كىشى،
ئىشتىباھلىك چۇن مەلەك ئىنسانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.
مۇيى ھەم تەبئىغە سىغماي، تۇند بولۇپ، گەپ ياقماغاي،
تابلانىپ، ھەر رەڭگۇ يۇز ئەلۋانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.
خۇفيە رازىڭنى سۇئال ئەتسەڭ، جاۋابىدىن قاچىپ،
ئۆزنى ئالگەن سادەۋەش نادانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.
ئاھكىم ئۆلدۇم دېگەندە زەررە پەرۋا قىلماگەن،
باغرى قاتتىغ، دىللارى سەندانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.
تاكى داغ ئەيلەپ مۇقىمىينى، چىقىپ بازارى شەپ،
رو بەرودە ئولتۇرۇپ پىنھانلىغىڭدىن ئۆرگۈلەي.

*　　　*

يۇزى تابان چەرخ ئۇزرە مىھرى ئەنۋەردەككىنە،
قەددى نازۇكدۇر ئەجەب سەرۋى سەنەۋبەردەككىنە.
ۋەئدە ئەيلەپ كەلگەلى مىھماننى قىلدىڭ مۇنتەزىر،
با ۋۇجۇدى كەلمەغىڭ ئېردى مۇقەررەردەككىنە.
سەختى ئىشقىڭدە خەرابۇ ناتەۋان بىمارمەن،
ھال سورگىل، ئەي دەمى ئىيسا پەيەمبەردەككىنە.
فىتنەجو جادۇ كۆزۇڭدىن قان كۆڭۈللەر لالەدەك،
سانچىلىپ مىژگانلارىڭ كۆكسۇمگە خەنجەردەككىنە.
خوبرولار قايىسى شىرىن سۇخەن سەندەك يەنە،
ھەم نەزاكەتدە لەبىڭ لەئلۇ گۇلى تەردەككىنە.
ئاھ، ئۇلغايكىم مۇيەسسەر تىشلەپ ھەريان كاكۇلىڭ،
بىر كېچە ياتسام ئالىپ قوينۇمدە دۇختەردەككىنە.

نەيلەسۇن ئىسمىڭ ھۇرۇفىنى مۇھەببەتدىن مۇقىم،
رىشتەئى نەزمىغە چەكتى دۇررۇ گەۋھەردەككىنە.

*   *

نەۋباھار ئاچىلدى گۇللار، سەبزە بولدى باغلار،
سوھبەت ئەيلەيلۇك كىلىڭلار جورەئى ئۇرتاغلار.
رۇخ ئاچىپ كۆزدىن نىھان بولسە پەرىدەك نەيلەسۇن،
ئايرىلىپ ھۇشۇ خىرەددىن تەلبە بولماي ساغلار.
ھەيفكىم، ئەھلى تەمىز ئۇشبۇ مەھەلدە خار ئىكەن،
ئالدىدار ھەر يەردە بۇلبۇل ئاشيانىن زاغلار.
رەھم ئىستەپ كىمسەدىن غەم دىلنى ئىزھار ئەيلەسەم،
چارەئى قىلماقدىن ئۆزگە ئۇستىغە تىرناغلار.
تابەكەي مۇنداغ مەلامەت كۇنجىدە دائىم مۇقىم،
بۇ زەمان كۆز تۇتگەن ئەئدا سەنگە بولسۇن تاغلار.

*   *

ئىچمە مەي كىم، ئاشىقە زۇلم ئاشكار ئەيلەر كۆزۈڭ،
قانلارىڭ تۆكمەكنى ناھەق ئىختىيار ئەيلەر كۆزۈڭ.
بولماس ئېرسە قەسدى گەر قەتلىم قاشىڭ شەمشىرىنى،
نىگە جەۋھەر دار ئۇتكۇر ئابدار ئەيلەر كۆزۈڭ.
كافىر ئېرمەس گەر قارا كىيگەن ئىكى مەردۇملارىڭ،
مۇنچە مۇنداغ نا مۇسۇلمانلىخ شىئار ئەيلەر كۆزۈڭ.
ئۇمرلەر ئەۋۋارەئى دەشتى خوتەندۇرلار مەگەر،
ئاھۇنى شەھلالىغىدىن شەرمسار ئەيلەر كۆزۈڭ.
گەر ئاتىشماسلار خەتىڭ ئەبرۇ بىلەن زىبالاشىپ،
نى ئۇچۇن دەۋرىگە مىژگاندىن ھىسار ئەيلەر كۆزۈڭ.
خالى مۇشكىن ھەلقەسىدۇر مۇ تەنابى كىفرىكىڭ،
قاشىنى ياسىگە ئاشىقلارنى دار ئەيلەر كۆزۈڭ.
ۋەسل ئارا مەستى نىگاھ ئېردىم مۇقىمىي فۇرقەتىڭ،
چەكتۇرۇپ خەميازە ئەمدى بەدخۇمار ئەيلەر كۆزۈڭ.

*   *

بەناگەھ ئۇچرادى ئات ئوينىتىپ ئول دىلرەبا يالغۇز،
رىكابىغە سۇرۇپ كۆز، قول ئاچىپ قىلدىم دۇئا يالغۇز.

دىدىمكى نازەنىنلەر خەيلىدە ئىنساف قىلگەندە،
ئۆزۈڭ سەن خۇش تەكەللۇم تۇتىئى شىرىن ئەدا يالغۇز.
تەبەسسۇم بىرلە پىنھانىي دېدى: ئاشىقلارىم ئىچرە،
ۋەلي سەنھەم ئەسىرى مۇبتەلالىغدە جۇدا يالغۇز.
دېدىم: جانا، چېكەردىم دەردى ھىجرانىڭنى مۇددەتلەر،
ھەرىمى ۋەسلىڭە يەتمەكلىك ئېردى مۇددەئا يالغۇز.
دېدى: خىلۋەتدە تەنھا كۆرمەغىڭدىن نې غەرەز باردۇر؟
دېدىمكىم: ئارزۇ شولدۇركى، جان قىلسام فىدا يالغۇز.
ئۇرۇپ بىر قامچى ئايدى ئاشمە ھەددىڭدىنكى شەھلەر ھەم،
كۆرەلمەس ھېچ بىر يەردە نەچە، سەندەك گەدا يالغۇز.
مۇقىمىنى پەناھى ئىسمەتىڭدە ساقلاگىل، يا رەب،
خەتەرلىك دەشت ئارا گۇم گەشتەھۇ بىرەھنەما يالغۇز.

* *

ۋەسلىڭە يەتكەن كىشىلەر گۇلىستاننى نەيلەسۇن،
قامەتىڭ تۇرگەندە تۇبىلە جىناننى نەيلەسۇن.
دىلبەرا، دىيدارى مۇشتاقى مەلاھەت پەرۋەرىڭ،
مەتلەئى خۇرشىدى ئەنۋارى جەھاننى نەيلەسۇن.
ھەر كىشىنى سەن كەبى ھەم بولسە دىلدارى ئەگەر،
باقمەگەن ھەرگىز بۆلەك نامىھرىباننى نەيلەسۇن.
جانىستان مىژگانلارىڭ بىرلەن شەھىدلىك ئىستەگەن،
قاشلارىڭ ئالدىدە تىغى ئىسفەھاننى نەيلەسۇن.
گەر بۇ ئىستىغنالارىڭ بىرلەن خىرامىڭ كۆرسە كىم،
قىلمايىن مەقدەملەرىڭگە ھەدىيە جاننى نەيلەسۇن.
ھۇسن شاھى گەر تەغافۇل قىلسە دائىم ئەيب ئەمەس،
خەم قەدى مەندەك غۇلامى ناتەۋاننى نەيلەسۇن.
تار ـ تارى زۇلفىڭە جان قۇشلارى بەندۇ ئەسىر،
قوي مۇقىمىي ئۆرگىلەي ئۆزگە جەھاننى نەيلەسۇن.

* *

ھەجرى دەۋزەخ ئاشىقىڭگە، ۋەسلى رىزۋاندۇر ئۇشۇل،
مەغفەرەت رەھمىڭ، تامۇغ جەۋرىڭكى سوزاندۇر ئۇشۇل.
ئەل تاپار ھەردەم كەلامىڭدىن ھەياتى تازە جان،
لەب مەسىھى يادنامىڭ ئابى ھەيۋاندۇر ئۇشۇل.

شىۋەئى نازىلە كىم كۆز كۆككە باقسا، ئەي پەرى،
ئول كۈن ئەمدى تا قىيامەت مەھۋى ھەر ياندۇر ئۇشۇل.
مېھرى رۇخسارى خەيالىدۇر تەماشايى چەمەن،
ئەي ئىرەم باغى جەمالىڭ زۇلفى رەيھاندۇر ئۇشۇل.
جىلۋە بىرلەن رەستەلەر ئىچرە خىرام ئەتسەڭ ئەگەر،
ھەشمەتىڭ كۆرگەن ئەمەس، بۇ قايسى سۇلتاندۇر ئۇشۇل.
ئول كېچە ھەممامدىن چىقتىڭ تانىماي ھۇجرەگە،
مەن دېگەنمەن سىزنى قانداغ ئافەتى جاندۇر ئۇشۇل.
نەكھەتى مېھرۇ ۋەفا يەتكۈردى ئەنبەر كاكۇلىڭ،
دەير ئىكى فەتدان كۆزۈڭكىم مەھزى يالغاندۇر ئۇشۇل.
ئەيلەدىڭ بىسمىل چىقارماي قان قاشىڭ تىغى بىلەن،
ئاڭا كىم سۇ بەردى مۇنداغ مۇنچە بۇرراندۇر ئۇشۇل.
نەۋ بەھار ئاچىلسە گەر لالە دېمە، ھەجرىڭ تونى،
نەچچە تۇرلۇك كۆزدىن ئاقغان ھەربىرى قاندۇر ئۇشۇل.
سەفھەئى ئىسمىڭ زەر ئەفشان قىلدى نەزم ئىلە مۇقىم،
دەرمۇكىن بىر لۇتفى ئېتەي ئەزبەسكى مېھماندۇر ئۇشۇل.

* *

رەستەدىن گۈل گۈل يانىپكىم ئول مەھى تابان كېلۇر،
رۇھسىز جىسىم ئىچرە شېرىن تازە گويا جان كېلۇر.
شەۋقىدىن كۆركىم يېيسە قويسە كىشى بىر لوقمەۋار،
گويىيا شىر ـ ماي ئىسسىخ ئاچ گەداغە نان كېلۇر.
يارىدىن بولغاي كۆڭۈللەر مۇزتەرىب ئانداغكىم،
كەمبەغەل مۇفلىس ئۆيىگە بىر ئەزىز مېھمان كېلۇر.
دەئۆۋى ئەيلەپ، بىئەدەبلىغدىن تەبەسسۇم بابىدە،
غۇنچە ئاغزىدىن بەھار ئاچىلدى دەرلەر، قان كېلۇر.
خۇررەم ئۇلغايمەن كېلۇر چاغىدە ھاجەت ئەھلىنى،
غەيبىتىن ئىلكىگە گويا ئاقچەلىك ھەميان كېلۇر.
ئوخشاتۇرمەن شۇم رەقىب بىرلە كېلۇردە ئاڭاكىم،
ئەيلەيۈپ تەلبىسۇ ئىبلىس ھەمرەھى ئىنسان كېلۇر.
نەچچە يول باردى مۇقىممى ئۆتتى ئەرمانلار بىلەن،
تاكى ئاخىر پەردە ئەكسەر تاپماگەن دۇكان كېلۇر.

* *

رەستەدىن شوخى بۇ رەفتار ئىلە كەلمەس، كەم كېلۇر،
تۇرفە جەۋلانلار بىلەن چۇن ۋەھشى ساھىب رەم كېلۇر.

شور تالىئى غۇنچەسى ئاچىلماغاي فەسلى بەھار،
ھەر نەچە ئاھىم نەسىمى دىيدەدىن شەبنەم كېلۇر.
يۈز ئاچىپ باغلار مەگەر قىلماس تەماشا نى ئۈچۈن،
رەشكىدىن چاكى گەرىبان گۈل خىجىل مۇلزەم كېلۇر.
دەردى ھىجرانىدە ئۆلمەككە يېتىشتۇم، قاسىدا،
ئەرز قىل ۋەقتى سوراپ گەر ئول مەسىھا دەم كېلۇر.
خۇش دىلى مەستانە كەلگەنى سەبادىن مىسلىكىم،
سەرۋى نازى مەيل ئېتىپ ھەر سارى بارىپ ھەم كېلۇر.
ئويلاسام لەئلى لەبى كەيفىيەتىن ئەيلەپ خەيال،
گويىيا مەخمۇر ئىدىم ئىلكىمگە جامى جەم كېلۇر.
ناگەھان خوقەنددىن كەلگەنىم ئوخشاتتىم مۇقىم،
شۇھرەتى مانەند ئول دىۋانەئى ئەدھەم كېلۇر.

*　　　　*

زۇلم ئىلە قەھرۇ غەزەب ئىزھار قىلماق شۇنچەلەر،
ئاشىقى بىچارەگە ئازار قىلماق شۇنچەلەر.
گۈل دەبان سۆيگەن كىشىنى كۆكرەكىگە نىش ئۇرۇپ،
خەستەئى مەئيۇس ئېتىپ ئەفگار قىلماق شۇنچەلەر.
تۇتىئى شىرىن سۇخەن ئەغيارلارنىڭ بەزمىدە،
بىزگە كەلگەندە گەفۇرماي زار قىلماق شۇنچەلەر.
سىزگە كىم ئايدى مۇھەببەت ئەھلىنى قىل ئىھتىساب،
قورقۇتۇپ ئۆز ئەيبىغە ئىقرار قىلماق شۇنچەلەر.
كەلسە ئالدىڭىزغە باي سۇرەت ياقاسى تۇگمەلىك،
ئىززەت ئىلە شادۇ مىننەتدار قىلماق شۇنچەلەر.
گەرچە كەلسە ئەسكى تون بىزدەك دۇئاگويى فەقىر،
كەمبەغەلنى خىرقەسىدىن ئار قىلماق شۇنچەلەر.
ھەر بەلايى جەۋر كەلسە ياناماغاي ھەرگىز مۇقىم،
ئاشىق ئەھلىنى ئۇرۇبان خار قىلماق شۇنچەلەر.

*　　　　*

رازى دىل ئايتاي دېسەم، خىلۋەت قىلالماي داغمەن،
بىر كېچە يالغۇز تاپىپ سۇھبەت قىلالماي داغمەن.
كوچە كويىدە ئۇچراساڭ مىڭ ئىستىھالە خەلقدىن،
تېز پۇكۇپ، تەئزىم ئېتىپ ھۇرمەت قىلالماي داغمەن.

خەستە كۆڭلۈم كۆزلەرىڭ مەرھەم زەمانە، ئاھكىم،
بىر ئۆزۈمگە ياندىشىپ ئۈلفەت قىلالماي داغمەن.
ئاھكىم، مۇش ئەيلەبان ۋەسلىڭ مەيدىن جۇرئەئى،
ھاسىل ئەيلەب كامى دىل ئىشرەت قىلالماي داغمەن.
ئۆلتۈرۈرسەن چىن ئەبرۇ بىرلە تىترەپ ۋەھمىدىن،
بىر ئۆفەي دەرمەن، ۋەلې جۇرئەت قىلالماي داغمەن.
ئەي خۇش ئول كۈنلەر فىراقىدە يېتەر گەردۇن سارى،
بىرگىنە يالغۇز تاپىپ، ھەسرەت قىلالماي داغمەن.
نېچە دەرمەنكى مۇقىمىي غۇربەت ئەيلەي ئىختىيار،
بىر ۋەتەندىن دىل ئۈزۈپ، غەيرەت قىلالماي داغمەن.

* *

ئەقلۇ ھۇش ئۇچتى باشىمدىن، ئەي پەرى، دىۋانەمەن،
بىر ئىلاجى قىل ئەل ئىچرە بولمايىن ئەفسانە مەن.
ئول زەمانىكىم يىراق ۋەسلىڭدىن ئولدۇم تا بۇ دەم،
ھەر كېچە يادىڭدا مىڭ يول ئۇيقۇدىن ئويغانەمەن.
دەردۇ سوزۇ ئەشكۇ ئاھىمنى قىياس ئەت شەمئىدىن،
شامدىن تا سۇبھى دەم ھەجرىڭدە ئۆرتەپ يانەمەن.
لەھزەئى زەھرى غەمىڭ يۇتمەككە تاقەت قالمادى،
نۇش ئېتىپ ۋەسلىڭ مەيدىن ھەرقاچان بىر قانەمەن.
خامە مىژگان كۆز قاراسىدىن يازىپ ئەھۋالىمى،
ئەرزەئى قىلدىم ئىشىت، مەئيۇسۇ مۇشتاقانەمەن.
ئاھكىم، سەنسىز قارارۇ سەبرۇ ئارامىم كېتىپ،
بىر يىلان چاققان كىشىدەك ھەر تەرەف تولغانەمەن.
نەۋبەتى جامىم تولا قۇيكىم كەرەمدىن، ساقىيا،
ھەر قەدەمدە تا قىلاي يۈز نۇقرەشى مەستانەمەن.
مۇلكى ھىندۇ مەرۋدىن كەلسەم تاپاردىم ئىئتىبار،
شول ئېرۇر ئەيبىم مۇقىمىي مەردۇمى فەرغانەمەن.

* *

ئاھكىم، بىردەم يۈزۈڭنى كۆرمەسەم ئىمكان قېنى،
دەردۇ ھىجرانىڭ چېكەرگە تابى تاقەت جان قېنى.
ئەۋۋەلى يۈز مېھرىبانلىك بىرلە كۆڭۈللەر ئالىپ،
ئىشلارىڭ ئاخىر تەغافۇل، ئەھد ئىلە پەيمان قېنى.

ھۆسن مۈلكىنى ئەمىرى دۆرسەن ئاخىر، بۆلئەجەب،
بىنەۋا ئەفتادەلەرگە لۇتف ئىلە ئىھسان قېنى.
نالەلەر قىلدىم كويىڭدە كەلمەگەي يادىڭگە كىم،
بىر كۆرەي كىم زۇلم ئەيلەپ، كىم قىلۇر ئەفغان قېنى.
مەن قالىپ، بىگانەغە لازىممۇ بولماق ئاشنا،
بارمۇ ئىنسافىڭ ئارامىزدە ئوشۇل پەيمان قېنى.
ئارەزىڭ باغىن تەماشا ئەيلەسەم ھەردەم نېتاڭ،
ئەمدى سەندىن زۇلفى سۇنبۇل ساچلارى رەيھان قېنى.
چەكمەيىن رەنجى رەيازەت ھەل بولۇرمۇ مۈشكىلىڭ،
چەرخ دەۋرىدە، مۇقىمىي، بىر ئىشى ئاسان قېنى.

* *

ئول تەغافۇپ پىشەغە ھالى خەرابىم كىم دېسۇن،
ھەجرىدە مۇنداغ مېنى كۆرگەن ئەزابىم كىم دېسۇن.
كۇندۇزى بىر يەردە بىردەم ئالماي ئارامۇ قەرار،
لەھزەئى يوق كېچەلەر كۆزلەردە خابىم كىم دېسۇن.
ئۆز كۆمەچىگە مەسەلدۇر تارتادۇر كۆل ھەر كىشى،
بەس كۆيۈك ئىشقىدا چەككەن ئىزتىرابىم كىم دېسۇن.
يانماگەن بولسە بىرەۋ مىھرى مۇھەببەت ئوتىغە،
شەمئىدەك تا سۇبھى ئۆرتەپ تەبئۇ تابىم كىم دېسۇن.
گەر قىلىچ ھەم كەلسە باشلارغە دېگەيمەن راستىن،
سۆزكى ھەق بولسا سۆزۈمنى ھەم جەۋابىم كىم دېسۇن.
دوستلار، سورساڭ ئەزاسىدىن مۇقىمىي ئەرتە - كەچ،
قان شەراب ئىچتىم، جىگەرلەردۇر كەبابىم كىم دېسۇن.

* *

يوقلامايدۇر ئول تەغافۇل پىشە سۇلتانىم مېنى،
چىقماسۇنمۇ كۆككە ھەردەم ئاھۇ ئەپغانىم مېنى.
كېچە - كۇندۇز ئاھ تارتسام بىخەبەر بىمىھرىيار،
شۇنچە مېھنەتلەرنى تارتىپ ئۆلمەگەن جانىم مېنى.
ئىشق دەردىنى ئىلاجى يوق، ھەكىما، چەكمە رەنج،
يوق بىساتىڭدە سېنى بۇ دەردكە دەرمانىم مېنى.
لالە ئېرمەس دەشتلەردە ئاچىلۇر فەسلى بەھار،
كۆزدىن ئاقغان ئول پەرىنى ھەجرىدە قانىم مېنى.

يار ئۆتەر يولىغا دەفن ئەت ئۆلسەم ھىجرانى بىلەن،
دېسە بۇ قەبرى فەلانى، يوقتۇر ئەرمانىم مېنى.
سورمىغاي مىرزاسى، قولكىم ناتەۋاندۇر، ئەي مۇقىم،
يوقلامەيدۇر ئول تەغافۇل پىشە سۇلتانىم مېنى.

*　　　*

مەھۋەشا، ھېچكىم ساڭا مەندەك گىرىفتار ئولماسۇن،
كېچە ـ كۈندۈز ساغىنىپ مۇشتاقى دىيدار ئولماسۇن.
ھال سورىماسسەن كۆڭۈل ئاۋلاپكى مەن بىچارەدىن،
نېگە مۇنداق ئاھۇ ئەفغانىم شەرەربار ئولماسۇن.
سەرۋ ئاسا قەد بىلەن قىلكىم چەمەنلەردىن خىرام،
لاپ ئۇرۇپ تاۋۇسلار مەغرۇر رەفتار ئولماسۇن.
نازۇ ئىستىغنالار ئەفسۇنى ئوقۇپ چىقساڭ دۇكان،
نې ئۇچۇن شاھۇ گەدا تالىپ ـ خەرىدار ئولماسۇن.
خۇب رۇلار ئىچرە، يا رەب، ھېچقايسى سەن كەبى،
زالىمۇ بىرەھمۇ بىمېھرۇ سىتەمكار ئولماسۇن.
ئىككى زۇلفىڭدىن نەسىمى قىلسە بەسدۇر خۇش دىماغ،
سۇنبۇلۇ رەيھاننى نەيلەي، مۇشكى تاتار ئولماسۇن.
نازەنىنىگە مۇقىمىيدەك غەرىبى تەلمۈرۈپ،
چار سۇدە ھەر جەۋانىغە كۆزى چار ئولماسۇن.

## ھەجۋى

بىر بۇرۇن كۆردۇم بۇرۇنلاردىن بۇرۇن،
شىپكە يەتكەي ئۆزى تۇرماسدىن بۇرۇن.
ياش بالالاردەك يۆگۈرگەي بىئەدەب،
ئاش ئىچەدۇر قاشۇق ئالماسدىن بۇرۇن.
سۇگە كىردى غوسلى قاك ئەيلەي دەبان،
لايگە چۆكتى باشى پاتماسدىن بۇرۇن.
ناگەھان يولدە يولۇقدى بىر كۈنى،
باشىمە تەگدى كۆرۈشمەسدىن بۇرۇن.
شاشدىن فەرغانە سارى ئەزم ئېتىپ،
ئول كۆرۈندى داۋان ئاشماسدىن بۇرۇن.
ھەۋلىغە بارگەندە دوستىن كۆرمەقە،
ئۆيگە كىردى ھەلقە قاقماسدىن بۇرۇن.

نامىن ئايتىپ چىرلاساڭ بىخاسىدىن،
يەرگە باقتى يۈزى باقماسىدىن بۇرۇن.
بارسا ئالدىگە ئوچاق ئاش قىلماقە،
كۆل ئالادۇر ئوت ياقماسىدىن بۇرۇن.

*  *

سۇبھىدەم كىرىپ، جانا، باغ ئىچىدە جەۋلان قىل،
دامەنىڭ نەسىمىدىن غۇنچەلەرنى خەندان قىل.
دىلبەرا، يازىپ گىيسۇ ھەر تەرەفكە گۈلشەندىن،
ناز ئىلە خىرام ئەيلەپ، سەھنىن ئەنبەرستان قىل.
يار كويىدىن كەلسە سىيلاپ ئىت ئىگەسىنى،
ئەي كۆڭۈل، يۈرەك باغرىڭ تاشلاپ ئاڭا مىھمان قىل.
قىلدى سەرۋى نازۇكلىك قامەتىڭغە دەئۋاسىن،
ئەي سەنەم، قىلىپ جىلۋە، كۇفرىنى مۇسۇلمان قىل.
خۇبلار ئەمرىسەن بىنەۋالارە مەندەك،
مەرھەمەت مەھەللىدۇر لۇتىق بىرلە ئېھسان قىل.
نەچچە مۇددەت ئۆلدىكىم ھەجرىڭغە مۇقىم بىمار،
ئەي نەفەس مەسىھ ئاسا دەردلەرگە دەرمان قىل.

مۇرەببەئلەر

تاكىم، جانا، جىلۋە بۇنياد ئەيلەدىڭ،
ئاشىقلىقنى ئۆزۈڭ ئىجاد ئەيلەدىڭ،
ئىشلارىڭنى جەۋرۇ بىداد ئەيلەدىڭ،
كۆزلەرىڭنى مۇنداغ جەللاد ئەيلەدىڭ.

قىلماي كەتتىڭ ھەرگىز ۋەسلىڭگە ۋاسىل،
مۇددەئالار نېتەر بىر بولسە ھاسىل،
ئاشنالارگە ئەيلەپ نازۇ تەغافىل،
بىگانەلەر كۆڭلىن ئاباد ئەيلەدىڭ.

بۇلبۇل قىلۇر گۈل يۈزۈڭگە نەۋالار،
سۆزلەرىڭگە بولۇر تۇتى ئەدالار،
قۇمرى سايراپ نېگە بولماس شەيدالار،
قامەتىڭنى سەرۋى ئازاد ئەيلەدىڭ.

گەرچەند ئۆتۈپ سورماساڭ ھەم زەمانلار،
نەيلەي، بولساڭ ھەر يەردە، بول ئەمانلار،
بىر دىمەدىڭ لېكىن قىلدىڭ ئەفغانلار:
«دەردىڭ نېدۇر، مۇنچە فەرياد ئەيلەدىڭ؟»

دائىم نىھان بولۇپ ئەلدىن كەنارە،
يوللارىڭدە يىغلاپ تۇردۇم دو بارە،
رەھم ئەيلەمەي قىلماي ئۆتدىڭ نەززارە،
مەگەر دىلنى قاتتىغ فۇلاد ئەيلەدىڭ.

خەلق ئىچىدە بەسى بولدۇم ئەفسانە،
چۇغز يەڭلىغ سۇرمە جانىم ۋەيرانە،
گاھى خۇدمەن گاھى بىخۇد دىۋانە،
ھەرنە قىلدىڭ سەن پەرىزاد ئەيلەدىڭ.

ئۆزگەلەرنى ھەردەم مەستى جام ئەيلەپ،
مۇقىمىينى رۇزىگارىن شام ئەيلەپ،
كۆڭۈل قۇشىن بىر باقىشتە رام ئەيلەپ،
چەشمىڭ مەردۇملەرىن سەيياد ئەيلەدىڭ.

ۋادەرىغا، قىلماي ئەھدىڭگە ۋەفا،
جۇدالىغنى كۆردۈك رەھم ئەتمەي رەۋا،
ھەسرەتىڭدە ئەلقىسسەكىم، دىلرەبا،
مۇقىمىينى دىيدە خۇنبار ئەيلەدىڭ.

* *

جانا، ئۇل كۈن ئەزمى دىيار ئەيلەدىڭ،
كېلۇرمەن دەپ كۆپ ئىنتىزار ئەيلەدىڭ،
دۇدى ئاھىم تۇرفە شەرار ئەيلەدىڭ،
بىۋەفالىك ئەجەب شىئار ئەيلەدىڭ.

يوللارىڭغە، ئايا شىرىن شەمايىل،
تۇرۇپ ئېردىم رەقىب بىلەن مۇقابىل،
ماڭا باقماي ئەيلەپ نازۇ تەغافىل،
لۇتفۇ كەرەم ئەلگە ئىزھار ئەيلەدىڭ.

قىلدىڭ سەفەر روزە ئىچرە ئەزم ئەيلەپ،
كىلۇرمەن دەپ ھېيتغىچە، جەزم ئەيلەپ،
كىملەر بىلەن ئاخشاملارى بەزم ئەيلەپ،
كۈندۈزلەرى سەيرى بازار ئەيلەدىڭ.

كەلگەنىمدە، ئايا ماھى تابانىم،
قالمىش ئېردى دىللارىمدە ئەرمانىم،
ئىشەنمەسەڭ ئاخىر مۇنداق ئەفغانىم،
ئەۋۋەلىدە نېگە خۇشتار ئەيلەدىڭ.

ئەي نازەنىن ئاشىقلارىڭ سانى يوق،
كەلگىل ساڭا مەندەك قەدردانى يوق،
بىر كۆرەرغە مۇشتاق مەن جانى يوق،
ئايىنەنى مەھۋى دىيدار ئەيلەدىڭ.

ئەرتەۋۇ كەچ ئەسدىن چىقماس خەيالىڭ،
جىلۋە ئەيلەپ نەزەرلەردە جەمالىڭ،
مەست ئىكەنمەن بادەسىدىن ۋىسالىڭ،
تاشلاپ كېتىپ ئەمدى ھۇشيار ئەيلەدىڭ.

جانا، مەگەر باغدە رەفتار ئەيلەدىڭ،
پەرى ياڭلىغ قىلىقلۇ ئەتۋار ئەيلەدىڭ،
بورقەئ ئاچىپ ئەرزى رۇخسار ئەيلەدىڭ،
غۇنچەلەرنى دىيدە خۇنبار ئەيلەدىڭ،

ئەرزىم ئىشىت، ئەي دىلبەرى يىگانە،
دېسەم ھەسرەتلەرىم سىغماس بەيانە،
ھەجر ئوقىغە كۆكسۈم قىلىپ نىشانە،
نە جۇرم ئەتتىم، جەۋرى بىسيار ئەيلەدىڭ.

دىۋانەمەن، سورمە كارۇ بارىمنى،
رەۋشەن ئەتمەي بۇيلە شەبى تارىمنى،
رەشك ئوتىغە ئۆرتەپ جىسمى زارىمنى،
رەۋامۇدى مەيلى ئەغيار ئەيلەدىڭ.

ئەيلەپ تەزەللۇملار ئاشىققە پىشە،
تەڭرىنى ھەم گاھى قىلغىل ئەندىشە،
قول ئۇشلاشىپ رەقىب بىرلەن ھەمىشە،
تىرىكلىكىنى ماڭا دۇشۋار ئەيلەدىڭ.

باقماي، ئەي ئاي، يۈزۈڭ پەرۋانەلەرگە،
يەئنى مەندەك كۆڭلى ۋەيرانەلەرگە،
يازۇپ كاكۇللارنى بىگانەلەرگە،
دىماغلاردىن مۇشكى تاتار ئەيلەدىڭ.

ئاشىقلارگە لۇتفى كەرەم ئاز ئەيلەپ،
خانەقەھلەر ئىشكىلەرىڭ باز ئەيلەپ،
زۇھد ئەھلىغە بىر جىلۋەئى ناز ئەيلەپ،
تائەت تەقۋىيلەرىڭ بىكار ئەيلەدىڭ.

دىلرابالار خەيلىن، ئەي بىنەزىرى،
مەلاھەتلەر ئەۋجىن بەدر مۇنىرى،
ئۆزۈپ مۇنداغ ئاشنالىغنى زەنجىرى،
مۇقىمىيدىن سەختى ئىنكار ئەيلەدىڭ.

* *

ئەمدى سەندەك جانان، جانا، قايدىدۇر،
كۆرۈپ گۇل يۈزۈڭنى باغدە بەندەدۇر،
ئىشقىڭ ئوتى تاكى جانىم تەندەدۇر،
ئۆزۈم ھەر جايدامەن، كۆڭلۇم سەندەدۇر.

مېھرىڭ ئوتى ناگەھ تۇشتى جانلارگە،
پەرۋايىم يوق زەررە خانۇمانلارگە،
لالە يەڭلىغ تولۇپ باغرىم قانلارگە،
ئۆزۈم ھەر جايدامەن، كۆڭلۇم سەندەدۇر.

ئەرتەۋۇ كەچ پىكرۇ زىكرىم خەيالىڭ،
بىر سورمادىڭ: نەلەر كەچتى ئەھۋالىڭ،
ئەسلەرىمغە تۇشۇپ شىرىن مەقالىڭ،
ئۆزۈم ھەرجايدامەن، كۆڭلۇم سەندەدۇر.

ۋاقىف ئېرمەس كىشى سىنى ئەسلىڭدىن،
تاكىم دېسەم پەرى سىنى نەسلىڭدىن،
ۋادەرىغا، جۇدا بولدۇم ۋەسلىڭدىن،
ئۆزۈم ھەرجايدامەن، كۆڭلۇم سەندەدۇر.

يوق سەن كەبى مەلاھەتلىك يىگانە،
كۆرگەيمەنمۇ ۋىسالىڭنى زەمانە،
بولۇپ خەلقىم ئىچرە مۇنداق ئەفسانە،
ئۆزۈم ھەرجايدامەن، كۆڭلۇم سەندەدۇر.

سۇلتانى سەن، بارچە خۇبلار نەدىمىڭ،
دائىم ئېردى دۇئاگويى قەدىمىڭ،
باۋۇجۇدى سورماي ئۆتتۇڭ مۇقىمىڭ،
ئۆزۈم ھەرجايدامەن، كۆڭلۇم سەندەدۇر.

## مۇخەممەسلەر

ئەرز ئېتەرگە ھەسرەتىم كۆپدۇر، تىلىم لال، ئايلاناي،
ۋەسلىڭە يەتمەككە كۈن - تۈن كۆرمەمەن فال،ئايلاناي،
ھاجەت ئېرمەستۇر بەيان ئەتمەك ئۆزىڭ زال،ئايلاناي،
ھەر دەم ھەجرىڭدە پەرىشان تۇرفە ئەھۋال، ئايلاناي،
گاھ - گاھى كۆز ئۇچى بىرلە نەزەر سال، ئايلاناي.

ئەۋۋەلا، جانە، بىرەۋگە ئەھدۇ پەيمان باغلاماڭ،
ئىشق ئوتىغە باغلاغاندىن سوڭرە باغرىم داغلاماڭ،
غەيرىگە ھازىر جاۋابۇ بىز گەپ ئۇرسەك ئاغناماڭ،
ئاشنايى باغەرەزدەك ئىككى كۆنلىك چاغلاماڭ،
مەن دۇئاگو بولغانىمچە مۇكچەيۈپ چال ئايلاناي.

كىمكى ئىشقىڭ مۇبتەلاسى ھەرگىز ئارام ئالمادى،
ھېچ بىر مەنزىلدە كۈسى ئىستىقامەت چالمادى،
ھۇسنىغە سەندىن بۆلەك گۇلچىھرەغە كۆز سالمادى،
شىۋەۋۇ نازىڭ كۆرۈبان ھېچ مەجالى قالمادى،
ئۆزگە مەھۋەشلەرنى مېھرى دىلدە مىسقال ئايلاناي.

رەھىم قىل، ئەي گۇل، جۇنۇن زەنجىرىگە پابەستەغە،

بىر كەرەم قىلغايمۇ دەپ گاھا چىقارمەن رەستەغە،
داد ئېيتەرمەن يوقسە دەستىڭدىن چىقىپ گۈلدەستەغە،
مەرھەمەت قىلساڭ دۇئا شول سەنگە مەن دىلخەستەغە،
كوھنە بولسۇن دەستىگاھىڭ كۆپەيىپ مال، ئايلاناي.

ئەي تەغافۇل پىشە، ئىستىغناۋۇ ناز ئەتمەك نەدۇر،
زۇلم تەنبۇرىن بۇراپ ھەر لەھزە ساز ئەتمەك نەدۇر،
بىزنى مەھرۇم، ئۆزگەلەرنى سەرفەراز ئەتمەك نەدۇر،
خۇررەم ئەيلەپ گاھ يوقلاپ ئېھتىراز ئەتمەك نەدۇر،
ھۇجرەگە فۇرسەت تاپىپ يەئنى چىقىپ قال، ئايلاناي.

ئاررۇزۇمەندى ۋىسالىڭ بىر مەن ئېرمەس خاسۇ ئام،
ئىشتىياقىڭنى ئوتىدىن ئۆرتەنۇر جانلار مۇدام،
رازى دىلنى ئاقىبەت قىلدىم ساڭا مەخفىي پەيام،
ئۆتكەنۇ كەتكەندە ئەيلەرمەن رەمۇز ئىلە سەلام،
بىلمەسۇن ئەغيارلار ئاھىستە بىھال ئايلاناي.

گۈلشەنى ئىمكاندە سەندەك سەرۋى مەۋزۇن يەتمەدى،
ئاھكىم، سەن تاش كۆڭۈلگە دادۇ ئەفغان يەتمەدى،
شەرھى غەم ئەيلەرگە ئالدىڭدىن رەقىبىم كەتمەدى،
نەچچە ئايلاندىمكى پىنھان زەررە تەئسىر ئەتمەدى،
پىشتاق ئۆزرە چىقىپ مەن ئەمدى ياققال ئايلاناي.

لۇتۇف قىل ئەھۋالىغە دەيرىنە مەن قۇلنى قەدىم،
ھەيفكىم، يوقتۇر نەزىر ئەتسەم يولۇڭدە زەررۇ سىم،
تا بەكەي، يەتمەس ماڭا گۈلزارى ۋەسلىڭدىن نەسىم،
دۇررە ئىسمىڭنى ياشۇردى نەزم بەھرىغە مۇقىم،
گەر دېسەڭ چىقسۇن ئاتىم، ئىستەپ تاپىپ ئال ئايلاناي.

* *

قىغان ئەتمەي نېتەي، ھىجراندە دىلدارىمنى ساغىندىم،
پەرى تەلئەت، شەكەر لەب، ھۇر ئەتۋارىمنى ساغىندىم،
مەلەك پەيكەر سۇمەنبەر كىبكى رەفتارىمنى ساغىندىم،
كۆزى شەھلا، يۈزى گۈل، چەشمى خۇممارىمنى ساغىندىم،
جەفانى بادەسىدىن مەستى سەرشارىمنى ساغىندىم.

چېكەي تا چەند، يا رەب، دۇدى ئەندۇھى ئەلەم تىنماي،
ئاقار ئىككى كۆزۈمدىن ئول سەنەم يادىدە نەم تىنماي،
ھەمىشە دەربەدەر ئىستەپ يولىدە يىغلارەم تىنماي،
مۇئەتتەر كاكۇلىن شەۋقىدە تۈن كۈن ئىستەرەم تىنماي،

نەزاكەت باغىدە رۇخسارى گۇلنارىمنى ساغىندىم.

ئۆزۈمدەك دەھرىدە سەرگەشتە گۇمرەھنى كىشى كۆرمەس،
غەرىبۇ ناتەۋان ئەفتادە يوقدۇر مەن كەبى بىكەس،
كۆيەر جىسمىم فىراق ئاتەشگەھىدە مىسلى خارۇ خەس،
غەمۇ ئەندۇھدىن مەجنۇن سىفەت ئۇلسەم ئەجەب ئېرمەس،
لەتافەت بابىدە ئول شەھرى گۇفتارىمنى ساغىندىم.

ئۇنۇتتىكىم نەزەردىن تاشلادى ئەفسۇس بەيەك بارە،
جۇدالىق تىغىدىن مەجرۇھدۇر كۆڭلۈم، جىگەر پارە،
رەمىققە يەتتى جانىم، قىلماس ئەھۋالىمغە نەززارە،
ۋەفا ئايىنىدە يوقتۇر دەم ئۇرمەك ئاشىقى زارە،
جەفاجو ئول سىتەمگەر بىۋەفا يارىمنى ساغىندىم.

مۇھەببەت يولىغە، ئەي دوستلار، چۈشتۈم ساۋۇتماڭلار،
بىرىپ تەسكىنى خاتىر، پەندلەر بىرلە ئاۋۇتماڭلار،
قۇيۇڭلار ئەمدى ئۆز ئەھۋالىغە، ئىلكىمنى تۇتماڭلار،
ئىچەي زەھرى فىراقىن، ئاچچىغ - ئاچچىغ تەئنە ئايتماڭلار،
كىم ئول نىكۇ شەمايىل ئاشىق ئازارىمنى ساغىندىم.

ھەر ئاخشام غەيرىنى يار ئولدى شەمئى مەھفەلى، لېكىن،
مۇقىمىي، رەشك ئوتىغە تاقەت ئەيلەرسەن بەلى، لېكىن،
نەدامەت بىرلە ئۆتسەڭ مۇغتەنەم ئايۇ يىلى، لېكىن،
ۋىسالى يار ۋەسلىن خۇش دېمىشلەر ئىشق ئېلى، لېكىن،
دەمى ھەجرىدە سوزۇ نالەۋۇ زارىمنى ساغىندىم.

* *

لالەدەك باغرىمنى قىلماي قويمادىڭ قان ئەتمەيىن،
دېمەدىڭ تەلمۈرتۈرۈپ يولۇمدا ھەيران ئەتمەيىن،
نەيلەي، ئەل ئالدىدا رازىمنى نەمايان ئەتمەيىن،
ھەرگىز ئەمدى يوق ئىلاجىم ئاھۇ ئەفغان ئەتمەيىن،
ئاشكارا بولدى ئىشقىڭ سىرنى پىنھان ئەتمەيىن.

ئارەزىڭگە كۆز تىكىلگەن بىرلە ئەسلا بولمادى،
كۆزلەرىڭ جەللاد ئېرۇركىم، قويمادى تا سويمادى،
جانۇ دىل رەشك ئوتىدىن كۆيدى، دېگەيسەن كۆيمەدى،
ئاتەشىن رۇخسار ئىلە زۇلفىڭ خەيالى قويمادى،
ئوتغە چۈشكەن تاردەك جىسمىمنى بىجان ئەتمەيىن.

مۇددەتى يىلدام يۇگۇردۇم، يەتمەدىم، جانا، ساڭا،

بولمادى ھەر چەند كەزدىم ھېچ ھاسىل مۇددەئا،
ئەي غۇبارى نەقشى پايىڭ جان كۆزىگە تۇتىيا،
شەربەتى لەئلى لەبىڭ زىكرى مەنى لەب تەشنەگە،
بەس ئېرۇر مىن بەئدى فىكرى ئابى ھەيۋان ئەتمەيىن.

ئەي تاغافۇل فىشە مەيل ئەتمەك نېچە ئازارغە،
ئاشنا قايدىن ھەم ئولدۇم سەن جەفا كىردارغە،
باقمادىڭ يولۇڭدا مەندەك ناتەۋانۇ زارغە،
ماڭا قەھر ئەيلەپ دەۋامەت لۇتفى ئېتىپ ئەغيارغە،
ئۆرتەدىڭ جانۇ دىلىمنى ھېچ ئىھسان ئەتمەيىن.

چەرخ كەج رەفتاردىن ھەر لەھزە ئەفزۇندۇر غەمىم،
شەرھ ئېتەرغە يوق رەفىقىم، غەمگۇزارىم، ھەمدەمىم،
گۇلىستانلار سەيرىدىن سەرۋى قەدىڭدۇر مەتلەبىم،
خاكبوسى ئاستانىڭ ئەيلەمەكدۇر مەقسەدىم،
ئۆرتەدىڭ جانۇ دىلىمنى گەردى ئىھسان ئەتمەيىن.

ئەي ئىرەمباغىن خۇش ئۆپمەسمەن، پەرىزادىن نېتەي،
يار تەۋفىق ئولسە ئەمدى ئازلاردىن مەن كېچەي،
خىلۋەت ئىستەپ رىشتەئى ئۇلفەت خەلايىقدىن ئۈزەي،
ئول مۇئەنبەر خەت، يۈزى گۇل، سەرۋى قەد يادىن ئېتەي،
مەن بۇ كۈن سەيرى بەھارى باغۇ بوستان ئەتمەيىن.

ئەفۇ قىل جۇرمىن مۇقىم ئەيلەپ كەرەم، يا رەب، ئانىڭ،
شامى ئۆمرىدىن ئاقارتۇر سۇبھىدەم، يا رەب، ئانىڭ،
يار جەۋر ئەيلەر ئەگەرچە دەمبەدەم، يا رەب، ئانىڭ،
نەخلى قەددىم بارى غەمدىن قىلمە خەم، يا رەب، ئانىڭ،
چەكمەدى خەم تا كەمى چەشمىنى گىريان ئەتمەيىن.

*　　*

سايەئىدۇرمەنكى، باقماس ئافتابىم كىم دېسۇن،
بارە ـ بارە كەتتى قەدرىم، ئىنتىخابىم كىم دېسۇن،
بىر ئۇقۇتمايدۇر بىتىپ بەرگەن كىتابىم كىم دېسۇن،
ئول تەغافۇل پىشەگە ھالى خەرابىم كىم دېسۇن،
ھەجرىدە مۇنداغ مېنى تارتگەن ئەزابىم كىم دېسۇن.

ئاشناسىدىن كېچىپ، بىگانەلەرگە يار ـ يار،
بۇ ئەلەملەرگە چىدالماي كۆز ياشىمدۇر شىش قاتار،
ھېچ دۇشمەن بولماسۇن كويىدە مەندەك خارۇ زار،
كۆندۈزى بىر يەردە بىردەم ئالمايىن سەبرۇ قەرار،

لەھزەئى تۇن كېچەلەر كۆزلەردە خابىم كىم دېسۇن.

كۆرمەدىمكىم بولماسە باشىدە مۇشكىل ھەر كىشى،
قەدرى رەنجى خار بۇ باغدىن ئۈزەر گۈل ھەر كىشى،
تىشەنى ئۆزىغە چاپقاي رەسمدۇر شول ھەر كىشى،
ئۆز كۆمەچىگە مەسەلكىم تارتەدۇر كۈل ھەر كىشى،
بەس كۆيۈپ ئىشقىدە چەككەن ئىزتىرابىم كىم دېسۇن.

تۇرفە بىر مەخمۇرمەن مەيگۇن لەبى ياقۇتىگە،
ئوخشاتۇر ئادەم گەفۇرسە خۇش تەكەللۇم تۇتىگە،
زەررە مەيلىم يوق بۇ دۇنيانى ھىسابۇ چوتىگە،
يانمەگەن بولسا بىراۋ مىھرۇ مۇھەببەت ئوتىگە،
شامدىن تا سۇبھى ئۆرتەپ تەبۇ تابىم كىم دېسۇن.

تاپمادىم يول ۋەسلىغە ئويلاپ خەيالۇ ئويلار،
پەيكەرىم غەمدىن زەئىف بولدى چۇنانچە مويلار،
ئۆزگەلەرگە خەلق خۇش، ئەمما ماڭا بەدخۇيلار،
ھەمنىشىندۇرلار ئۇلۇغلارگە خۇش ئامەد گويلار،
يولىدا جانانىمى خەيرۇ سەۋابىم كىم دېسۇن.

قايدە بولغاي تەلبە رەسۋادە قەبائى پاستىن،
نى بىلۇر مەجنۇن دېگەن سۇبھ ئىلە شامۇ چاشتىن،
نەيلەيىن ئويلاپ تىرىكلىكدە كەمىيۇ كاستىن،
گەر قىلىچ باشىمغە ھەم كەلسە دېگەيمەن راستىن،
سۆزكى ھەق بولسا سوئالىغا جاۋابىم كىم دېسۇن.

دېمەكىم فارىغ دۇئاسىدىن مۇقىمىي ئەرتە ـ كەچ،
مەدھىيۇ زىكرۇ سەناسىدىن مۇقىمىي ئەرتە ـ كەچ،
كۆز تۇتار دەۋلەت بەقاسىدىن مۇقىمىي ئەرتە ـ كەچ،
دوستلار، سورىساڭ غىزاسىدىن مۇقىمىي ئەرتە ـ كەچ،
قان شەراب ئىچسەم جىگەرلەردىن كەبابىم كىم دېسۇن.

* *

قويماي چەمەنگە، جانا، مەستانە پا مۇبارەك،
شەمشادى سەرۋى قەددىم قىلماق دۇتا مۇبارەك،
گۈل رەشك ئېتىپ يۈزىگە مەھزۇن نەما مۇبارەك،
ھۇسنۇڭ كەماله يەتتى، ئەي مەھلىقا، مۇبارەك،
ئايىنەئى جەمالىڭ تاپتى سەفا مۇبارەك.

ئۈممىد شىشەسىغە رەھم ئەتمەيىن تاش ئۇردۇڭ،
غەم لەشكەرىن يىبەرىپ، ئەي زۇلم خۇ، شاشۇردۇڭ،
ئاشنايە بەرمەي ئۇنۋان، بىگانەنى ئاشۇردۇڭ،
خۇب ئولدى ئارەزىڭنى ئايىنەدىن ياشۇردۇڭ،
ئەي شوخ ماھ تەلئەت، شەرمۇ ھەيا مۇبارەك.

ئول كۆنكى، ئەي پەرى رۇ، گۈلشەنغە تۇشتى جىلۋەڭ،
تاۋۇس كۆرۈپ خىرامىڭ، ئۆزىدىن ئەيلەدى نەڭ،
بائىس ئۇشۇل ئۇرۇپ ئاھ باغلاردە يۇرسە دىلتەڭ،
تا يۈزغە غازە چەكتىڭ قانىمنى تۆكتى غەمزەڭ،
ناز ئىلكىدە، نىگارا، بولسۇن ھىنا مۇبارەك.

ئۇششاق قۇللارىڭدىن تا بارە ــ بارە كەچتىڭ،
ئەغيارلەرگە دائىم لۇتفۇ كەرەملەر ئەتتىڭ،
بىر كېچە كەلمىشەم دەپ قىلدىڭ ۋەئدە، كەتتىڭ،
تۈن قايدە مەست ئېردىڭ، كىم بىرلە بادە ئىچتىڭ،
گۈل جەيبىدەك ئۈزىلغان بەندى قەبا مۇبارەك.

نامەھرەم ئىلە كۈن تۈن بەزمە ئەيلەدىڭ ياتتىڭ،
بىزدىن جەرىمە ئۆتمەي تىرى جەفالار ئاتتىڭ،
قەدرىنى، ھەيف، بىلمەي ئەرزان قۇلۇڭنى ساتتىڭ،
ھەر چەند ماڭا پەيمان پەيمانەسىن ئۇشاتتىڭ،
قىلدىڭ رەقىبلەرگە ئەھدۇ ۋەفا مۇبارەك.

ئۆتمۇش تەجەممۇل ئىلە بىر شاھى ھۇسن مۇلكى،
ناز ئاتىغە مىنىپ كەچ باشىدە كىش بۆركى،
دىۋانەۋار، نەيلەي، بولماي ئەل ئىچرە كۈلكى،
ئول شوخ دىلرابانى بولدۇم ئەسىرى زۇلفى،
باشىمغە تۇشتى سەۋدا، قىلسۇن خۇدا مۇبارەك.

خۇبلار ئىچىدە سەندەك گۈل چىھرە دىلرەبا كەم،
ئەھلى مۇھەببەت ئىچرە دىلخەستە مەن كەبى ھەم،
ھەسرەتلەرىڭدە كۆزدىن بىر لەھزە كەم ئەمەس نەم،
ئەي ياخشىلارنى شاھى، بولمە رەقىبە ھەمدەم،
يانىڭدە نى مۇناسىپ ئول شۇمى نامۇبارەك.

چىن مۇلكى تەختىنى چىن خاقانى سەن ۋەفا قىل،
گۈلزارى لۇتف دانىش رەيھانى سەن ۋەفا قىل،
ھەر دەردمەندۇ بىمار دەرمانى سەن ۋافا قىل،

تا مەسنەدى مەلاھەت سۇلتانى سەن ۋەفا قىل،
شەھدىن كەرەم مۇناسىب قۇلدىن دۇئا مۇبارەك.

ئەقل ئىلە ئالدى ھوشۇم بىر ماھى مەھفەل ئارا،
بولدى مۇقىممى، يا رەب، ئىشقىدا زارۇ شەيدا،
ھەيرانۇ لال ئىدىكىم ۋەسفىغە بولسە گويا،
ئول سەرۋى قەد خەيالىن قىلدى ئەمرى ئىنشا،
فىكرى سەلىم بىرلە تەبئى رەسا مۇبارەك.

## ھەجۋى

دامىغە تۇشمەگەن كەم، تۇرفە توزاقچى ھاجىم،
بەرمەيدۇ قىلسە نىسيە سودرەپ چاتاقچى ھاجىم،
يەڭگىل ھەزىلنى بىلمەس، نازۇ فىراقچى ھاھىم،
كۆرگەندە سۇفى كۇندۇز، ئاقشام قاراقچى ھاجىم،
مىنگەندە ئۆزىن ئالگەي ئېشەك ـ ئۇلاقچى ھاجىم.

بىچارە كەمبەغەلسەن پىلجۇملە تەرزى كاسىب،
چىقمايدۇ چۆنچەكىدىن ئۆرگەندە بىر سوم ئاسىب،
ھەر كىم بىلىپ يولىنى يۇرسە ئىزىنى باسىپ،
ئىلكىڭگە قوندۇرۇپ قۇش، ئۇ سەنگە نا مۇناسىب،
باقىپ ئۆزۈڭگە ئىش قىل، كەسىپىڭ قاداقچى ھاجىم.

ھەر يەردە كۆرسە شۇبھە بىلگەي ھەلالۇ تاھىر،
باتىندە بۇخلۇ گىنە، ھەر كىمگە دوست زاھىر،
ئاچ قالسا، كاللەپەزلەر شورباسى بارسە ھازىر،
بۇ بىلمەگەن ھۇنەر يوق، ھەرقايسى كەسبە ماھىر،
ھەلى تۆمۈرچى ئۇستا، ھېلى سۇۋاقچى ھاجىم.

خەلق ئايدى كەلدى چەككەي دۇكانغا كەلگەنىڭدە،
كەلمەس ئىدىڭ بۇ ئادەم ئالدىغە بىلگەنىڭدەك،
ئالدىڭدا دوست ـ دۇشمەن گەھ ئۇندا چەككەنىڭدە،
تا يەتمەگەي غۇبارى دەپ قورقمەن يانىڭدە،
ئەي تاجىغان قاراسى يۇققاي بوياقچى ھاجىم.

مەجلىستە لاپ ئۇرماڭ بار دەپ تېرەك باغىمدە،
دەۋلەت شۇكۇر بەجادۇر ئىلقىلارىم تاغىمدە،
ھۇۋلىمدە مۇنچە غەللە، خۇملار تولە ياغىمدە،
ئىبلىسى ھىيلە دەرسەن ئاندە ئوقۇر چاغىمدە،
ئۆلگەندە پەند بەرگەي كەلسە سوراقچى، ھاجىم.

ناگاھ بىر تەرەفكە قىلسالىڭ ئەگەر سەفەر سەن،
چىققۇنچە تا شەھەردىن ئەللىك قوشۇپ قونارسەن،
ھەر بىر ئاۋۇلدا ياتىپ بىر كېچەدىن تۈنەرسەن،
ئالدىڭدا ھال تەگمىش يىرتىق، سىنىق قەدەرسۇەن،
بىر يەردە خوب ياراشتىڭ ئىككى ياماقچى ھاجىم.

## تەئرىخى زىلزىلەئى ئەندىجان ئەز مەۋلانا مۆقىمي خوقەندىي

ئىشتىڭ، ئەي دوستلار، ئەيلەي بەيان،
بەندىلەردىن ئەيلەدى ھەق ئىمتەھان.
قەھرى قىلىپ ئىبرەت ئۈچۈن ئاشكار،
زورىنى بىلدۈردى خۇداۋەندى جەھان.
زىلزىلەدىن لەھزەدە شۇنداغ شەھەر،
بولدى چۈن ۋەيرانەئى چۇغز ئاشيان.
روزەنى ئون ئالتەسى سىھشەنبە كۈن،
قالدى ئىمارەت تېگىدە ئىنسۇ جان.
مەدرەسەئۇ مەسجىدۇ زاۋۇدلارى،
ئاغنادى ھەمماﻣۇ سارايۇ دۇكان.
تۇرفەتۇلئەين ئىچرە بىناسى تۆگەپ،
چىقتى فەلەك ئۆزرە غىرىۋۇ فىغان.
كىمكى تىرىك قاچتى يالانغاچۇ ئاچ،
كىيسە كىيىم يوق، يېسەلەر پارچە نان.
ئالسەلەر ئەنقاكىم ئاچىپ مەردى كار،
ئۆلكى تام ئاستىدا قالىشتى نىھان.
گويا بولۇپ ئول كۈنى يەۋمۇل ـ جەزا،
ئۆزدىن ئۈممىد ئۈزدى قارىيۇ جەۋان.
ھالىغە ئول قەۋمنى بىئىختىيار،
ئاي كۆيۈپ يىغلادى قان ئاسمان.
شەھدىن ئەگەر يەتمەسە ئىمدادى جۇد،
ئېردى رەئىيەتكە نىھايەت زىيان.
شەفقەت ئىلە باردى يەرىم پادىشاھ،
ھازىر ئۇشۇل زىلزىلە بولغان زەمان.
خەير خۇدايى يېغىپ ھەر مۈلكدىن،
قىسمەن ئىلە بەردى بولۇپ مىھرىبان.

نانپەزۇ قاسساب تاپىپ دەفئەتەن،
قۇردى تونۇر ئورنىغە ماشىن قازان.
سارتچە ئاشلار پىشۇرۇپ ئەرتەۋۇ كەچ،
بىۋەۋۇ بىچارەگە سۇندى شۇلان.
ئەكسەرى ئۇريانۇ ھەۋالار ساۋۇغ،
تۇتتى ئالار باشلارىغە سايەبان.
ھەم يارادارىن قاراتىپ دوختۇرە،
تاپتى سىھھەت دارىيۇ دەرمان بىلەن.
سۇرئەت ئىلە خەير ئۇلۇسدىن يېتىپ،
بارلىغى ھەم خەيرىيەت ئولدىيۇ كان.
بۇيلە ئەگەر كۆرمەسەلەر ئىلتىفات،
سەھل ئىدىكىم قالمەسە بىر جان ئامان.
مەردۇمى ھەم ھىرس قويۇپ پاختەگە،
يەرلەرىنى ئاقچەگە چاغلار ئىكەن.
كۆز بىلەن ئىنساف قىلىپ باقساڭىز،
بەزى مۇسۇلمانلارىمىز ھەم يامان.
تەگدى كەسافەتلەرى بار يۇرتغا ھەم،
باركى مەسەل «بىرىنىكى مىڭگە» دېگەن.
فىئلى بەددىن تەڭرى مۇكافاتىغە،
تىرى جەزاگە قىلا قالدى نىشان.
ناگاھ ئىتاب ئەيلەسە پەرۋەردىگار،
ھاجەت ئەمەس لەشكەرۇ تىرۇ كەمان.
تەئنە خەتا ئۇشبۇ مەئسىيەتلەرىن،
روزى ئەزەل كاتىبى يازگەن ئىكەن.
سىررى ھەقىقەت بۇ، مۇقىمي، خەمۇش،
ساڭا نەر دەركار دېمەك ئىنۇ ئان.
جان باشىنە زىلزىلە قەسد ئەيلەگەچ،
تارىخىن ئەقل ئايدى: «دەرىغ ئەندىجان».

(نەشرگە تەييارلىغۇچى خوتەن ناھىيىلىك تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە)

# تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولى[①]

شۈي شۈيا

تەرجىمە قىلغۇچى: ئەخمەت مۆمىن تارىمى

سامانىيلار پادىشاھلىقى (Samanid، 874 — 999 ـ يىللار) ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تارىخى ئەڭ ئۇزۇن، ئەڭ ئاخىرقى ئىران تىللىق مۇسۇلمان پادىشاھلىقى. بۇ پادىشاھلىق ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىللەردە ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئىسلاملىشىشى ئاساسەن ئورۇندالغان، تۈركىيلىشىشمۇ كەڭ قانات يايغان. تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى پائالىيىتى ئىنتايىن جانلانغان. ئۇنداقتا تۈركىيلەر بۇ پادىشاھلىقنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدا قانداق ئورۇن تۇتقان؟ ئۇلار ئوخشىمىغان مەزگىللەردە بۇ پادىشاھلىقنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىدە قانداق رول ئوينىغان؟ بۇ مەسىلىنى ئايدىڭلاشتۇرۇشتا سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تارىخىنى، ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تۈركىيلىشىش مەسىلىسىنى تەتقىق قىلىش شۈبھىسىزكى ئىنتايىن مۇھىم ۋە زۆرۈر. ئەمما مۇئەللىپنىڭ كۆزىتىشىچە، نۆۋەتتە دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدا سامانىيلار خاندانلىقىدىكى تۈركىيلەر تەتقىقاتىغا دائىر ماقالە، ئەسەرلەر يوق دېيەرلىك. چەت ئەل ئالىملىرى سامانىيلار پادىشاھلىقى تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا، كۆپىنچە ئادەتتىكىچە بايان قىلىش بىلەن چەكلەنگەن ياكى شۇ مەزگىلدىكى تۈركىيلەر بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقى تارىخىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلمىغان. دۆلەت ئىچىدىكى سامانىيلار پادىشاھلىقى تارىخى توغرىسىدىكى ئىلمىي ئەمگەكمۇ پەقەتلا ما يوڭ ئەپەندىنىڭ «سامانىيلار پادىشاھلىقى بىلەن جۇڭگونىڭ ئالاقىسى» دېگەن ماقالىسىدىن ئىبارەت. ھالبۇكى، بۇ ماقالىدە مىلادىيە 939 ـ يىلى «جۇڭگو پادىشاھلىقى بۇخاراغا ئەلچىلەر ئەۋەتتى» دېگەن بىر ۋەقەلا تۇتقا قىلىنغان، باشقا ئىشلار تىلغا ئېلىنمىغان. ئەمما، مەزكۇر ماقالىدە 9 — 10 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ پۈتكۈل تارىخىي ۋەزىيىتىگە بىرلەشتۈرگەن ھالدا تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ئورنى ۋە رولىنىڭ ئۆزگىرىشى ھەم ئۇنىڭ سەۋەبلىرى، شۇنداقلا تۈركىيلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىرانلىقلارنى يېڭىش مۇساپىسى قەيت قىلىنىدۇ. شۇ ئارقىلىق 10 ـ ئەسىردە ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىيلىشىشنىڭ كەڭ قانات يېيىشىنىڭ سەۋەبى ۋە ئالاھىدىلىكى ئېچىپ بېرىلىدۇ.

---

① بۇ ماقالىدە ئېيتىلغان «تۈركىيلەر» ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى تۈركىي خەلقلەرنى كۆرسىتىدۇ.

## 1

تۈركىيلەرنىڭ بىر مىللەت سۈپىتىدە ئەرەبلەرگە تونۇلۇشى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ ئاخىرى ۋە ئىسلامنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدىن باشلانغان. ئەينى ۋاقىتتىكى شېئىرلاردا «تۈركىيلەر يېرى» «ئۇلتىماتۇلې» (Ultima Thule) دەپ ئاتالغان. ئەرەبلەر مۇقەررەركى، تۈركىيلەرنى پارسلار ئارقىلىق بىلگەن. 8 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيلەر خەلىپە ھۆكۈمرانلىق قىلغان رايونلارغا كىرىشكە باشلىغان، ئەمما ئۇلار توپلىشىپ كۆچۈپ كەلگەن بولماستىن، بەلكى قۇل سۈپىتىدە ياكى ئەسكەر بولۇش زۆرۈرىيىتىدىن كەلگەن. ئۇلار خۇددى گېرمانلار رىم ئىمپېرىيىسىگە سىڭىپ كىرگىنىگە ئوخشاش پەيدىنپەي ئىسلام دۇنياسىغا سىڭىپ كىرگەن. 9 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئاببباسىيلار سۇلالىسى ئوردىسىدا ئاساسلىقى تۈركىي قۇللاردىن تەشكىللەنگەن ئوردا ياساۋۇللىرى بارلىققا كەلگەن. خەلىپە مۇئتەسىم (Mu'tasim، 833 ـــ 842 ـ يىللار) تۈركىي ياساۋۇللىرىنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلغان تۇنجى مۇسۇلمان ھۆكۈمراندۇر.

ئەرەب ئۇممەييە سۇلالىسى ماۋەرائۇننەھرگە بېسىپ كىرگەندىن كېيىن، تۈركىي قۇللار تەدرىجىي ھالدا ئەرەبلەر ۋە پارسلارنىڭ يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئائىلىلىرىگە كىرىشكە باشلىغان. ئاببباسىيلار سۇلالىسىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىگە كەلگەندە، خۇراسان ۋە شەرقىي قىسمىدىكى ۋالىيلارنىڭ باغدادقا ئەۋەتكەن تارتۇقلىرى ھەم سوۋغاتلىرىنىڭ قاتارىدا دائىم تۈركىي قۇللاردىن تەركىب تاپقان بىر بۆلەك قوشۇن بولغان. ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاھىرىيلار سۇلالىسى (Tahirid، 822 ـــ 873 ـ يىللار) خەلىپە ئوردىسىغا ئەۋەتكەن قۇللارنىڭ سانى 2000 غا يەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى تۈركىيلەر بولۇشى مۇمكىن.

تۈركىي قۇللار ئاساسەن قۇل سودىسى بىلەن ئۇرۇش ئەسىرلىرىدىن كەلگەن. تەشكىللىك قىلىنغان تۈركىي قۇللار سودىسى سامانىيلار پادىشاھلىقى ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراسانغا ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئەۋجىگە چىقىپ، ئۇ پادىشاھلىق ھەم سودىگەرلەر كىرىمىنىڭ مۇھىم مەنبەسى بولغان. ئىقتىسادىي جەھەتتىكى مەنپەئەت شۈبھىسىزكى، سامانىيلار خانىدانلىقىنىڭ تۈركىي قۇللار سودىسى قىلىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب ئىدى. بۇ مەزگىلدە سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى قۇللارنىڭ چىقىرىلىشى ۋە كىرگۈزۈلۈشىنى تىزگىنلەپ تۇرغان. ھۆكۈمەت ئوكسوس دەرياسى (ئامۇ دەرياسى) نىڭ ھەرقايسى ئېغىزلىرىدا چازا تەسىس قىلىپ، باغداد قاتارلىق جايلارغا ماڭدۇرۇلىدىغان ھەر بىر تۈركىي قۇل ئۈچۈن 70 دەرھەمدىن 100 دەرھەمگىچە يول بېجى ئالغان ھەم بىر بالا قۇل ئۈچۈن يەنە ھۆكۈمەت تارقاتقان ئالاھىدە رۇخسەت خېتى ئېلىشنى بەلگىلىگەن، بۇ ئالاھىدە رۇخسەت خېتىنىڭ قىممىتىمۇ 70 دەرھەمدىن 100 دەرھەمگىچە بولغان. سامانىيلار پادىشاھلىقى ئېلىپ ساتقان قۇللارنىڭ كۆپ قىسمى ئاۋۋال شاش (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى تاشكەنت)، ئىسپىجاپ (ھازىرقى ئۆزبېكىستاندىكى چىمكەنت) قا ئوخشاش مۇسۇلمانلار بىلەن يات دىندىكىلەر ئوتتۇرىسىدىكى چېگرىغا جايلاشقان شەھەر ـ بازارلارغا ئاپىرىلغان. بۇ شەھەر ـ بازارلاردا يىل بويى قىزىيدىغان قۇل بازىرى بولۇپ، قۇل سودىگەرلىرى دائىم بۇ بازارلارغا كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان. ئىسپىجاپ شەھىرى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن سودىگەرلەر بىلەن تولغان. غەزنەۋىلەر خانلىقىنىڭ (Ghaznavid)

قۇرغۇچىسى سەبۇق تېگىنمۇ (Sebuktegin) دەل تاشكەنتتە سېتىلغان قۇل ئىدى.

سامانىيلار پادىشاھلىقى خۇراسان ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى ئىلگىرىكى ئىسلام ھاكىمىيەتلىرىنىڭ مۇداپىئە سىياسىتىنى چۆرۈپ تاشلاپ مەدەنىي رايونلار كۆچمەن خەلقلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن مۇداپىئەلىنىدىغان سېپىللارغا تايىنىشتىن ۋاز كېچىپ، يايلاقلارغا يۈرۈش قىلىشقا باشلىغان. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە ئۈز ھۆكۈمرانلىقىنى پۈتۈن كۆچى بىلەن شىمالغا ۋە شەرققە كېڭەيتىشنىڭ سەۋەبى ئاساسلىقى كۆچمەن تۈركىيلەرنىڭ ھۇجۇمىنى توسۇش ۋە قۇللارغا ئېرىشىش بولۇپ، ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئەمەس ئىدى. 9 - ئەسىردە سامانىيلار پادىشاھلىقى ئاساسلىقى ماۋەرائۇننەھر رايونىنى باشقۇرغان. ئۇنىڭ شىمالى ۋە شەرقى ئاساسەن توخسىلار ۋە قارلۇقلارنىڭ پائالىيەت رايونى ئىدى. چۇ دەريا ۋادىسى، ئىسسىق كۆلنىڭ جەنۇبى، نارىن دەرياسىنىڭ شىمالى ھەم پەرغانىنىڭ شەرقىدىكى رايونلار ۋە توخرىلار تەۋەسىدە ساپلا قارلۇقلار تارقالغانىدى. ئۇلار ئەينى ۋاقىتتا ئاساسەن كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدىغان بولۇپ، كۆپىنچىسى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان يات دىندىكىلەر ئىدى. ئىسلام ئەللىرىدە يات دىندىكىلەرنى بۇلايدىغان ھەم قۇل قىلىدىغان ئادەت بولۇپ، قوراللىق بويسۇندۇرۇش يات دىندىكى تۈركىيلەرنى ئۆزگە ئېتائەت قىلدۇرۇش ھەم قۇل قىلىشنىڭ يولى ئىدى. شۇڭا، سامانىيلار خاندانلىقىدىن ئەمىر نوھ بىننى ئەسەد (Nuh b.Asad) 840 - يىلى ئىسپىجاپ شەھىرىنى، ناسىر (Nasr، 864 — 892 - يىللار) شەھرۇقىيەنى (Shawghar)، ئىسمائىل 893 - يىلى تالاس (Talas، ھازىرقى قىرغىزىستاندىكى جامبۇل شەھىرى) شەھىرىنى بويسۇندۇرغان، يەنە 943 - تىلى تۈركەش قاغانىنىڭ ئوغلى سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ئەسىر ئېلىنغانىدى. ئىسمائىل (Isma'il، 892 — 907 - يىللار) تالاس (قارلۇقلارنىڭ چوڭ قارارگاھى) ئۇرۇشىدا يات دىندىكى 15 مىڭ قارلۇقنى ئەسىر ئالغان بولۇپ، بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قۇل قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، يۇقىرىدا بايان قىلىنغاندىكىدەك، كەڭ كۆلەملىك بويسۇندۇرۇش 10 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىللىگە كەلگەندە ئازلاپ قالغان. بۇ ۋاقىتتا نۇرغۇنلىغان تۈركىي قۇللار باشقا تۈركىيلەر تەرىپىدىن ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ئاپىرىلغان. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى قەبىلىلەر ئۇرۇشىدا ئەسىرگە چۈشۈپ قۇل قىلىنغانلار ئىدى. سەبۇق تېگىن دەل ئىسسىق كۆل ئەتراپىدىكى بارسغاندىكى (Barskhan) بىر تۈركىي قەبىلىسىدىن بولۇپ، 12 يېشىدا (تەخمىنەن مىلادىيە 955 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە) باختىيان (Bakhtiyan) دېگەن تۈركىي قەبىلىسى تەرىپىدىن ئەسىر ئېلىنىپ، تۆت يىلدىن كېيىن شاش شەھىرىگە ئېلىپ بېرىلىپ، قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىلگەن. روشەنكى، قۇل بازىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى ۋە ئىران تىللىق خەلقلەرنىڭ تۈركىي قۇللارغا بولغان ئېھتىياجى بىرقىسىم تۈركىيلەرنى ئۆز قېرىنداشلىرىنى قۇل ئورنىدا سېتىۋېتىش ۋەسۋەسىسىگە سالغان.

سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈم سۈرگەن مەزگىللەردە پەرغانە تۈركىستانغا كىرىشتىكى ئېغىز بولغاچقا، كۆپلىگەن تۈركىي قۇللار بۇ جايغا ئېلىپ كېلىنگەن ۋە قۇل كىرگۈزۈش بىلەن داڭق چىقارغان. يەنە گور تاغلىق رايونى قۇل چىقىرىش بىلەن مەشھۇر بولغان بولۇپ، بۇ جايدىن دائىم «كۆپلىگەن گور قۇللىرى خۇراسانغا ئاپىرىلغان». بۇنىڭدىن سىرت يەنە باشقا قۇل چىقىرىدىغان جايلارمۇ بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما بۇ ھەقتە بىۋاسىتە يازما خاتىرە يوق.

سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ باشقۇرۇشىدىكى جايلاردا تۈركىي قۇللارنىڭ سانى ئۈزلۈكسىز كۆپەيگەن بولۇپ، بۇ قۇل باھاسىنىڭ ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلىگەنلىكىدىن بولغان. ئەرەب جۇغراپىيىشۇناسى

مۇقەددەسى (Muqaddasi، 946 — 1000 ـ يىللار) نىڭ قەيت قىلىشىچە، ھىجرىيە 375 (مىلادىيە 985) ـ يىلى ماۋەرائۇننەھردە ھەربىر قۇلنىڭ باھاسى 20 ياكى 30 دەرھەم بولغان. ھالبۇكى، تاھىرىيلار پادىشاھلىقى مەزگىلىدە بىر تۈركىي قۇلنىڭ ئوتتۇرىچە باھاسى 300 دەرھەم ئىدى. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، 10 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە ماۋارائۇننەھر رايونىدىكى تۈركىي قۇللار خېلىلا كۆپ بولغان. خۇراساندا ھەر يىلى 12000 قۇل ئېلىپ ـ سېتىلغان. شۇنداق قىلىپ، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي قۇللار سودىسىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە سامانىيلار پادىشاھلىقى ۋارىسلىق قىلغان. 9 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن باشلاپ، سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمىتى تۈركىي قۇللار سودىسىغا بىۋاسىتە قاتناشقانلىقتىن، تۈركىي قۇللار سودىسى ئەۋجىگە چىقىپ، كۆپلىگەن تۈركىيلەر قۇل سۈپىتىدە ئىسلام ئەللىرىگە ئېلىپ بېرىلغان. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى خەلىپە ۋە ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ئەرەب، پارس ۋالىيلارغا ياساۋۇل بولغان. ھەرقايسى ئۆلكىلەردىكى ۋالىيلار ۋە قارا نىيەت سەركەردىلەر چەۋەندازلىققا كامىل، ئەلەمگە ماھىر بۇ تۈركىي قۇللارنى ئۆز ئەتراپىغا ياساۋۇللۇققا توپلاپ، خەلىپە بىلەن ئۆزەڭگە سوقۇشتۇرغان. دەل مۇشۇنداق سىر خىل قوشۇن بولغانلىقتىن، ئەھمەد بىننى تۇلۇن (Ahmad b.Tulun) مۇھەممەد بىننى تۇغى (Muhammad b.Tughi) دەك ۋالىيلار مىسىردا خەلىپىنىڭ بىۋاسىتە تىزگىنلىشىدىن ئايرىلىپ چىققان.

سامانىيلار خاندانلىقى ئوردىسى تۈركىي قۇللارغا ئىگە بولغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قاتتىق ئۇسۇللار بىلەن مەشىقلەندۈرگەن. سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەمىرلىرى ئەسكەرلىككە ياكى كېيىنچە مۈلكىي خىزمەتكە سەپلىنىدىغان تۈركىي قۇللارنى مەخسۇس مەكتەپ ئېچىپ، تۈرلۈك مەشىقلەردىن ئۆتكۈزگەن. سالجۇقىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ۋەزىرى نىزامۇلمۇلك (Nizamal - Mulk، 1063 — 1092 ـ يىللار ئەمەل تۇتقان) «سىياسەتنامە» دېگەن ئەسىرىدە قۇللارنىڭ سامانىيلار ئوردىسىدا مەشىقلىنىش ئەھۋالىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. قۇللارنى مەشىقلەندۈرىدىغان بۇنداق مەكتەپلەردە تۈركىي قۇللار پارس مەدەنىيىتىدىن تەلىم ئېلىپ، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىپ، ئاساسەن ئىسلاملىشىپ كەتكەن. بۇ مەكتەپلەردە ئۇلارنىڭ سىياسىي، ھەربىي ساپاسى زور دەرىجىدە ئۆسكەن. يەنە بەزى قۇل سودىگەرلىرىتۈركىي قۇللارنى سېتىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلارغا چەۋەندازلىق ۋە تۈرلۈك ياراغلارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىتىپ، مەجبۇرىي ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈپ، يەنە ئۇلارنى ئەمەلدار ئاقسۆڭەكلەرگە ياساۋۇللۇققا سېتىپ بەرگەن. يات دىن مۇرتى بولغان سەبۇق تېكىننى شاش شەھىرىدە بىر قۇل سودىگىرى سېتىۋالغان بولۇپ، بۇ سودىگەر ئۇنى نەخشەب (Nakhsab) كە ئاپىرىپ بىر مەزگىل مەشىقلەندۈرگەندىن كېيىن، يەنە بۇخاراغا ئاپىرىپ ئالپ تېگىن (Alptegin) گە ياساۋۇللۇققا سېتىپ بەرگەن. ئەينى ۋاقىتتا تۈركىيلەردىن بولغان ئالپ تېگىن ئوردىنىڭ خاس ھاجىپى ئىدى. روشەنكى، مەشىقلەندۈرۈلگەن تۈركىي قۇللار ئىنتايىن يۇقىرى باھادا سېتىۋېلىنغان.

ئەر تۈركىي قۇللار مەشىقلەندۈرۈلگەندىن كېيىن، «غۇلام» (ghulam) دەپ ئاتالغان. مەشىقلەندۈرۈلمىگەنلەر «بەندەگان» (bandagan) دەپ ئاتالغان. غۇلاملار دائىم ياساۋۇللار، ئەسكەرلەر بىلەن تەڭ ئورۇندا تۇرغان. غۇلاملارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشى ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۇلارنىڭ جەڭگاھتا ھايات ـ ماماتلىق قانلىق جەڭ قىلىپ ياراتقان تۆھپىسىگە باغلىق بولغان. «سىياسەتنامە»دە سامانىيلار ئوردىسىدىكى بىر تۈركىي قۇل ياساۋۇلنىڭ ھاياتى تەپسىلىي بايان قىلىنغان. بۇ غۇلام تۇنجى يىلى ئات باقارلىق سالاھىيىتى بىلەن قوشۇنغا ئەگىشىپ يۈرگەن، ئۆز ئالدىغا ئوچۇق ـ ئاشكارا ئات مىنەلمىگەن. ئەگەر مىنىپ قالسا جازالانغان. ئۇچىسىغا ئەسكى جەندە (Zandani) كىيىپ

يۈرگەن. بىر يىلدىن كېيىن ھاجىپ (hajib، ئوردا ۋەزىرى) ئۇنىڭغا ياخشى جابدۇقلىرى بار بىر تۈرك ئېتى ھەم بىر قامچا بەرگەن. 3 ـ يىلى ئۇ بىر كەمەر (بارتولدنىڭ «سىياسەتنامە» گە ئاساسەن ئېيتىشچە بىر قىلىچ) بىر ئېگەر، بىر نەقىش چېكىلگەن يۈگەن، بىر ئۈمۈت ۋە بىر قۇر كىيىمگە ئىگە بولغان. 6 ـ يىلى پۈزۈر لەشكىرىي كىيىمگە ئىگە بولغان. 7 ـ يىلىلا ئاندىن تون ـ سەرۆپاي كىيەلىگەن. 8 ـ يىلى 16 تۈۋرۈكلۈك ئۈچ بۇرجەك بىر چېدىرغا ھەم يېڭىدىن سېتىۋېلىنغان ئۈچ ياساۋۇلغا ئىگە بولغان. يەنە چېدىر بېشى دەپ ئاتىلىپ، زەر تۇتۇلغان قارا بۆك ۋە گەنجە (Ganja) دە تىكىلگەن بىر پەرىجىگە ئىگە بولغان. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ئەمەلى يىلمۇيىل ئۆسۈپ، خەيلباشى (Khavl — bāshi) ۋە ھاجىپ بولغان. بىر تۈركىي قۇلدىن كېلىپ چىققان ئەسكەر 35 يېشىدىلا ئاندىن ئۆلكە ۋالىيسى بولالىغان بولۇپ، ئالپ تېگىن دەل 35 يېشىدا خۇراسان لەشكەرلىرىنىڭ ئەمىرى بولغانىدى. سەبۇق تېگىننىڭ ئالپ تېگىنگە ياساۋۇللۇققا سېتىلىپ ئۈچ كۈندىن كېيىنلا چېدىر بېشىلىققا تەيىنلەنگەنلىكىدىن قارىغاندا، ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆزىنى ئاتىغان غۇلاملار خوجايىنىنىڭ سايىسىدە سامانىيلار ئوردىسىدىكى غۇلاملارغا قارىغاندا، ئورنى تېز ئۆسۈپ، تېخىمۇ يۇقىرى ئورۇنغا ئېرىشەلىگەن. سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوردىدىكى تۈركىي قۇل ياساۋۇللارنىڭ ئۆسۈش مۇددىتىگە قويغان چەكلىمىسى مەلۇم دەرىجىدە ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى پارسىي تىللىق مىللەتلەر بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى تۈركىيلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بەرگەن.

سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ بىرقىسىم تۈركىي غۇلاملارنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشى ئەينى ۋاقىتتىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى بىلەن زىچ باغلىنىشلىق بولۇپ، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ گۈللىنىشىمۇ تۈركىيلەرگە تايانغانلىقىدىن بولغان.

مىلادىيە 822 ـ يىلى ئىران مۇسۇلمان پادىشاھلىقى — تاھىرىيلار پادىشاھلىقى خۇراساندا قۇرۇلدى. بۇ خاندانلىقنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىدا ئەرەبلەر ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىدىن دېرەك بەردى. بۇ پادىشاھلىق قۇرۇلغان دەسلەپكى ئۈچ يىلدا سامانىيلار جەمەتىنىڭ بوۋىسى بولغان سامان خۇداھ (Saman Khudah) نىڭ تۆت نەۋرىسى خۇراسان ۋالىيسى غەسسان بىننى ئاباد (Ghassan.b.Abbad، 819 — 821 ـ يىللار ئەمەلدە ئولتۇرغان) تەرىپىدىن ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا سەمەرقەنت، پەرغانە، شاش ۋە ھىراتنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەندى. تاھىرىيلار پادىشاھلىقى قۇرۇلغاندىن كېيىن، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئۇنىڭغا قارام بولۇش سۈپىتىدە كۆچىنى تەدرىجىي تەرەققىي قىلدۇردى. ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىق خەلقلەر تەخمىنەن 170 يىللىق كۈرەش ئارقىلىق ئەرەبلەرنىڭ بىۋاستە ھۆكۈمرانلىقىدىن ئەمدىلا قۇتۇلغان بولۇپ، تاھىرىيلار خاندانلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى خۇراسان، ماۋەرائۇننەھر رايونىدىكى خەلقلەرنىڭ كۆتكەن يېرىدىن چىقتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە خۇراسان رايونى بۇ پادىشاھلىقنىڭ مۇستەھكەم ئىدارىسى ئاستىدا بولۇپ، مۇستەقىللىق غەرىزى بار سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىران تىللىق خەلقلەر ئارىسىدىن كۆپلەپ قوللىغۇچى تېپىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ۋەھالەنكى، ئەينى ۋاقىتتا تۈركىستان، پەرغانە رايونىدا قۇدرەتلىك تۈركىي پادىشاھلىقى يوق بولۇپ، ھەرقايسى جايلاردىكى تۈركىي خەلقلەر غەربىي تۈرك خانلىقى يىمىرىلگەندىن (مىلادىيە 744 ـ يىلى) كېيىن، ئاساسەن تارقاق ھالەتتە تۇرۇۋاتاتتى. پەقەت قارلۇقلارلا 8 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا «ئون قەبىلە قاغانىنىڭ بۇرۇنقى يېرىگە كۆچۈپ كېلىپ، سۇياب، تالاس قاتارلىق شەھەرلەرگە ئورۇنلىشىپ»، خېلىلا كۆچىيىپ،

ئۇيغۇرلار بىلەن ئۇستۇنلۇك تالىشىۋاتاتتى. ئەمما، 840 – يىلى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقى يىمىرىلگەندىن كېيىن، پان تېگىن ئۇيغۇرلاردىن 15 قەبىلىنى باشلاپ غەربتىكى قارلۇقلارنىڭ يېرىگە كېلىپ، ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپ، «يەتتە سۇ بويىغىچە يېتىپ كەلدى». بۇ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ شەرققە ۋە شەرقىي شىمالغا كېڭىيىشىگە تولىمۇ پايدىلىق بولدى. بۇنىڭ بىلەن 840 – يىلى سامانىيلار پادىشاھلىقى ئىسپىجاپنى ئىگىلىدى. شۇنداق قىلىپ سامان خۇداھنىڭ چوڭ نەۋرىسى نوھ بىننى ئەسەد (842 – يىلى ئۆلگەن) ناھايىتى تېزلا سەمەرقەنت شەھىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سوغدىلارنىڭ قىسمەن رايونلىرى، پەرغانە ۋە بەزى «تۈركىي شەھەر – بازارلىرى» نىڭ ھۆكۈمرانى بولۇپ قالدى.

سامانىيلار جەمەتىنىڭ ئەسلىي يۇرتى بەلخ ئۆلكىسىدىكى سامان كەنتى ئىدى. تەخمىنەن 8 – ئەسىرنىڭ 20 — 30 – يىللىرىدا سامانىيلار جەمەتىنىڭ بوۋىسى سامان خۇداھ خۇراسان ۋالىيسى ئەسەد (Asad b.Abdallahal – Qusha – yri ياكى la – Qasri، 723 — 723 – يىللار ۋە 735 — 738 – يىللار ئىككى قېتىم ئەمەلدە ئولتۇرغان) نىڭ ھىمايىسىدە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلدى ھەم ناھايىتى تېزلا كاتتا دېھقان[1] بولدى. سامانىيلار جەمەتىنىڭ نېمە ئۈچۈن خۇراسانغا كۆچۈپ كەلگەنلىكى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس. ھالبۇكى، 9 – ئەسىرنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى ئوتتۇرا ئاسىيا ۋەزىيىتىدىن ئالغاندا، ئەمدىلا كۆچۈپ كەلگەن، كۈچى ئاجىز سامانىيلار شەرققە ۋە شەرقىي شىمالغا كېڭىيىپ، تۈركىيلەرنى بويسۇندۇرۇپ، شۇلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەربىي كۈچىنى كۈچەيتكەندىلا ئاندىن سىياسىي كۈچىنى زورايتالايتتى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا سامانىيلار پادىشاھلىقى تېزدىن باش كۆتۈرۈپ، تاھىرىيلار پادىشاھلىقى بىلەن تىركىشەلەيتتى. ئۇنداقتا، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان تۈركىي قۇللار ۋە ئادەتتىكى تۈركىيلەر نېمە ئۈچۈن تېزلا ئەتىۋارلىنىشقا ئېرىشىپ، ئۆزىنىڭ سىياسىي ئورنىنى ئۆزگەرتەلىگەن؟ قارىغاندا، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ ئەمىرلىرى بىلەن ماۋەرائۇننەھردىكى ئەسلىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە ئىران ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ زىددىيىتى سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ تۈركىيلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىدىكى ئاساسىي سەۋەبلەرنىڭ بىرى بولۇشى مۇمكىن.

مىلادىيە 874 – يىلى سامانىيلار پادىشاھلىقىدىن ئىسمائىل ئاكىسى — سەمەرقەنت ۋالىيسى ناسىرنىڭ ھاۋالىسىگە بىنائەن بۇخاراغا بېرىپ ۋالىي بولدى. ئەمما ئەبۇ مۇھەممەد بۇخارىي ۋە ئەبۇ ھارىن يەسەرىي باشچىلىقىدىكى يەرلىك ئىران ئاقسۆڭەكلىرى ئىسمائىلنىڭ ئىرادىسىگە قارشى چىقتى. ئىسمائىل بىلەن بۇخارادىكى يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرنىڭ زىددىيىتى ئۇنىڭ بۇخارىي جەمەتىنىڭ يىللىق كىرىمى 20 مىڭ دەرھەم بولغان يېرىنى مۇسادىرە قىلىشىدا ئەكس ئەتتى. ئۆز كۈچىنى كۈچەيتىش، يەرلىك ئاقسۆڭەكلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىسمائىل ئامالسىز تۈركىيلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلەتتى. ئۇ ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە بىر تۈركىي قۇل قوشۇنىنىڭ باش ئەمىرى بولدى.

ئىسمائىل بۇخاراغا بېرىپ ۋالىي بولغاندا، خارەزمدىكى تاھىرىيلار پادىشاھلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرىنىڭ، شۇنداقلا خۇراسان رايونىدىكى سەففارىيلار پادىشاھلىقىنىڭ (Saffarid، 873 — 903 – يىللار) ئېغىر تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابباسىيلار سۇلالىسىنىڭ خەلىپىسى مۇقتەدىر

---

[1] بۇ يەردىكى «دېھقان» پارسچە «باي» دېگەن مەنىدە.

بىئەمرۇللامۇ (892 ـــ 902 ـ يىللار تەختتە ئولتۇرغان) سەففارىيلار پادىشاھلىقى بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ زىددىيىتىنى ئۇلغايتىپ، سەففارىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئەمىرى ئامىر (Amr b. laith، 879 ـــ 900 ـ يىللار) نىڭ ئىسمائىلغا ھۇجۇم قىلىشىنى قوللىدى. شۇ سەۋەبتىن كۈچى ئاجىز ئىسمائىل پۈتۈن كۈچى بىلەن ھەر مىللەتتىن ئەسكەر ئېلىشقا باشلىدى. بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپلىگەن جەڭگە ماھىر تۈركىيلەرمۇ بار ئىدى. مىلادىيە 888 ـ يىلى ئىسمائىل ئاكىسى ـــ سەمەرقەنت ۋالىيسى ناسىر بىلەن جەڭ قىلغاندا، ئاران ئىككى مىڭدىن ئارتۇق ئەسكىرى بولۇپ، بىرقىسىم قۇل ياساۋۇللاردىن باشقا كۆپىنچىسى پىدائىيلار ئىدى. 900 ـ يىلى ئۇ سەففارىيلار پادىشاھلىقىدىن ئامىر بىلەن جەڭ قىلغاندا بولسا، ئەسكىرى 20 مىڭدىن ئېشىپ كەتتى، يەنە كېلىپ خارەزم، پەرغانە، تۈركىستاندىن مەنسۇر قارا تېگىن باشچىلىقىدىكى 30 مىڭ تۈركىي ئەسكەرنى ھەمدەمگە چاقىردى. شۇنداق قىلىپ كۆپلىگەن تۈركىيلەر ماۋەرائۇننەھر رايونىغا قەدەم باستى.

سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى نىزاسىمۇ ئۇلارنىڭ تۈركىي قۇللار ۋە ئادەتتىكى تۈركىيلەرنى ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشىدىكى يەنە بىر مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. سامانىيلار پادىشاھلىقى ماۋارەئۇننەھردە سەلتەنەت تىكلىشى بىلەنلا پادىشاھلىق ناسىر بىلەن ئىسمائىلنى قوللايدىغان ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ، ئۆزئارا سوقۇشۇشقا باشلىدى. بۇ ئىچكى نىزا سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى ھەرقايسى گۇرۇھلارنىڭ تۈركىيلەرنى ئەتىۋارلاش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ھەربىي كۈچىنى زورايتىش خاھىشىنى كۈچەيتىۋەتتى. 885 ـ يىلى ناسىر بىلەن ئىسمائىل باج پۇلى تاپشۇرۇش مەسىلىسى تۈپەيلىدىن زىددىيەتلىشىپ قالدى. ناسىر ئىنىلىرى ـــ پەرغانە ۋالىيسى ئەبۇل ئەسئەتنىڭ زور قوشۇنى بىلەن شاش ۋالىيسى ئەبۇ يۇسۇپنىڭ ئىسپىجاپتىكى تۈركىيلىرىنى جەڭگە ھەمدەمگە چاقىردى. بۇنىڭدىن قارىغاندا، بۇ مەزگىلدە سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھەر قېتىملىق تاشقى ئۇرۇش قىلغاندا ۋە ئىچكى نىزادا تۈركىيلەرنى جەڭگە ھەمدەمگە چاقىرىشى بىر خىل قائىدىگە ئايلىنىپ قالغان. يەنە كېلىپ پەرغانە، ئىسپىجاپ قاتارلىق جايلاردىكى تۈركىي قوشۇنلىرىمۇ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ تىزگىنلىشىگە، بۇيرۇقىغا بويسۇنغان. جەڭگە ھەمدەمگە كەلگەن تۈركىيلەرنىڭ بىرقىسمى شۈبھىسىزكى سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ئەسكەر بولۇش ئۈچۈن قېلىپ قالغان.

كۆپلىگەن تۈركىي قۇللار ۋە ئادەتتىكى تۈركىيلەرنىڭ ماۋەرائۇننەھرگە كېلىپ سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ئەسكەر بولۇشى سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنلىرىنىڭ تەركىبىدە ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ، تۈركىيلەر تەدرىجىي ھالدا قوشۇننىڭ يادروسىغا ئايلانغان. ئىبنى ئەززۇبەيرنىڭ «كىتابۇل ـ جاۋاھىرۇت ـ تۇھاف» (Kitabadh – dhakha – ir wattuhaf، تەخمىنەن 1070 ـــ 1071 ـ يىللىرى يېزىلغان) دە خاتىرىلىنىشىچە، 939 ـ يىلى ئەمىر ناسىرII (914 ـــ 943 ـ يىللار) بۇخارادا 40 سەركەردە، 40 مىڭ تۈركىي قۇل لەشكىرىنى باشلاپ جوڭگودىن كەلگەن ئەلچىلەر ئۆمىكىنى كۈتۈۋالغان. بۇ ۋاقىتتا تۈركىي لەشكەرلەر بىلەن ئاساسلىقى ئىران تىللىق خەلقلەردىن تەشكىللەنگەن پىدائىي لەشكەرلەرنىڭ نىسبىتى 1:1 بولغان. بۇنىڭدىن بۇ مەزگىلگە كەلگەندە، تۈركىي قۇل ئەسكەرلەرنىڭ سانىنىڭ ناھايىتى زور دەرىجىدە ئاشقانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. تۈركىي ئەسكەرلەر ئۆز ئورنىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىغان. ئۇلارنىڭ ئۈزلۈكسىز ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ مەركىزى رايونلىرىغا كېلىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ئەسكەر بولۇشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئامىللارنى بارغانسېرى كۈچەيتكەن.

سامانىيلار پادىشاھلىقى گۈللەنگەن دەسلەپكى مەزگىللەردە (ئاساسلىقى مىلادىيە 914 - يىلىدىن بۇرۇنقى ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ) سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنىدىكى تۈركىيلەر ئاساسەن بېقىندى ئورۇندا تۇرغان بولۇپ، كېيىنچە ئۇلار ئۆز ساداقىتىگە ۋە جەڭ تۆھپىسىگە تايىنىپ ئۆز ئورنىنى يۇقىرى كۆتۈرگەن. ئىران تىللىق ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ھاكىمىيەتكە ئاسىيلىق قىلىشى، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتمۇ ئۇلارنىڭ يۇقىرى ئۆرلىشىگە پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. مىلادىيە 900 - يىلى ئىسمائىل ئىران تىللىق سەركەردە مۇھەممەد بىننى ھارۇننى ئەۋەتىپ تەبەرىستاننى بويسۇندۇرغان ھەم ئۇنى بۇ رايوننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. ئەمما، ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ۋالىي ئوردىدىن يۈز ئۆرۈپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان. بۇنىڭ بىلەن ئىسمائىل ئۆزى زور قوشۇن باشلاپ بېرىپ تەبەرىستاننى قايتىدىن بويسۇندۇرۇپ، ئۆز ئىنىسى ئەبۇل ئابباسنى ۋالىي قىلىپ تەيىنلىگەن. بىراق، ئىسمائىل ۋاپات بولغاندىن كېيىن (907 - يىلى)، يېڭى ئەمىر ئەھمەد بىننى ئىسمائىل (Ahmad b.Isma,il ، 907 — 914 - يىللار) تاغىسى ئەبۇل ئابباسقا ئاداۋەتتى بولغانلىقى تۈپەيلىدىن، ئاتىسىنىڭ (ئىسمائىلنىڭ) ۋەزىرلىرىنىڭ قارشى تۇرۇشىغا قارىماي، 909 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭ ۋالىيلىق ئەمەلىنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇنىڭ ئورنىغا سالام ئىسىملىك بىر تۈركىينى ۋەزىپىگە قويغان. بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىدا سامانىيلار ئوردىسى بېسىۋېلىنغان رايونلاردىكى ئاقسۆڭەكلەرنىڭ قارشىلىقىنى چەكلەش ئۈچۈن، ھەربىي تۆھپە ياراتقان تۈركىي سەركەردىلەرنى بۇ رايونلارنىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىگەن. مەسىلەن، 910 - ۋە 912 - يىللىرى تۈركىي سەركەردە سىمجۇر ئەل دەۋاتى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سەففارىيلار پادىشاھلىقىنىڭ قالدۇق كۈچلىرى ھۆكۈمرانلىقىدىكى سىيىستان رايونىنى بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشىغا قاتنىشىپ، 913 - يىلى ئەمىر ئەھمەد بىننى ئىسمائىل تەرىپىدىن سىيىستاننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلەنگەن. تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سىرتقى ئۆلكىلەردە سۇيۇرغالغا ۋە كۆچكە ئىگە بولۇشى، ئۇلارنىڭ نوپۇزىنى تېزلىكتە كۈچەيتىپ، فېئودال بۆلۈنمىچىلىكى ئۈچۈن شارائىت يارىتىپ بەرگەن.

سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ قوشۇنلىرى پىدائىيلار ۋە مۇنتىزىم قوشۇندىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئوردا ياساۋۇللىرى مۇنتىزىم قوشۇننىڭ تەركىبىدە بولغان. «كىتابۇل - جاۋاھىرۇت - تۇھاف» تا خاتىرىلىنىشىچە، سامانىيلار پادىشاھلىقى تەۋەسىدە بىر خىل پىدائىيلار تۈزۈمى (muttawwi'a) بولۇپ، پىدائىيلار جايلاردىكى چوڭ - كىچىك فېئوداللار، ئىكتا (سۇيۇرغال يەر) غا ئىگە بولغۇچىلار ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىن تەركىب تاپقان. پىدائىيلار ئىكتادىن كىرگەن كىرىم بىلەن قوراللاندۇرۇلغان. پىدائىيلار سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرىگە سادىق بولغان، ئادەتتىكى ۋاقىتلاردا ھەرقايسى ئىستراتېگىيىلىك شەھەر - بازارلاردا ۋە سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنىڭ شىمالىدىكى چېگرىلاردا تۇرغان. ئەمىر ھاجىتى چۈشكەندە، ئۇلارنى ۋاقتىنچە يىغقان ھەم بىرقىسىملىرىغا قورال - جابدۇق بەرگەن. مىلادىيە 939 - يىلى ئەمىر ناسىرII جەمئىي 40 مىڭ چەۋەنداز پىدائىي يىغقان. پىدائىيلار ئاساسلىقى ئىران تىللىق مۇسۇلمانلاردىن تەشكىللەنگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىغان تارىخنامىلەردە قەيت قىلىنغان غازىيلار دەل شۇلار ئىدى. بارتولدنىڭ قەيت قىلىشىچە، بىرقىسىم بەدەۋى تۈركىيلەر سامانىيلار پادىشاھلىقىغا ئەسكەر بولۇپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنىڭ چېگرىلىرىنى قوغداش، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلمايدىغان مىللەتداشلىرىغا تاقابىل تۇرۇش بەدىلىگە يايلاقلارغا ئىگە بولغان بولۇپ، ئۇلارمۇ پىدائىيلار ھېسابلانغان بولۇشى مۇمكىن. سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنىڭ ئاساسلىقى مۇقىم دېھقانچىلىق

رايونلىرى ئىكەنلىكى، يايلاقلارنىڭ كۆپ ئەمەسلىكىنى كۆزدە تۇتقاندا، بۇ تۈركىي پىدائىيلارنىڭ سانى ئانچە كۆپ بولماسلىقى مۇمكىن. ئۇلار سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي ھاياتىدا ھېچقانچە مۇھىم رول ئوينىمىغان. ئالدىدا تىلغا ئېلىنغان سامانىيلار پادىشاھلىقى جەڭگە ھەمدەمگە چاقىرغان تۈركىي قوشۇنلار سامانىيلار پادىشاھلىقىغا بېقىنغان بولسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىنىڭ سەركەردىسى، ئەمىر لەشكىرى بولغان، پىدائىيلار قاتارىغا كىرمىگەن.

مۇنتىزىم قوشۇن دائىملىق تەمىنات ئالغان. سامانىيلار پادىشاھلىقىدا «مۇرتەزىقە تۈزۈمى» (murtaziqa) دېيىلىدىغان بىر خىل تۈزۈم بولۇپ، «كىتابۇل - جاۋاھىرۇت - تۇھاف» نىڭ مۇئەللىپى ئەززۇبەير دائىملىق تەمىنات ئالىدىغان قوشۇنلارنى «ئۇلىيا» (auliya) دېگەن نام بىلەن ئاتىغان. باغدادتا بۇنداق قوشۇنلار «مۇرتەزىقە» دەپ ئاتالغان. «مۇرتەزىقە تۈزۈمى» توغرىسىدا بىر نەچچە خىل قاراش مەۋجۇت. ئەنگلىيىلىك مەشھۇر ئەرەبشۇناس ئالىم بوسفورت (C.E.Bosworth) ئەززۇبەيرنىڭ خاتىرىسى ھەم خارازمىي (Khwarazmi) نىڭ بايانىغا ئاساسەن «مۇرتەزىقە تۈزۈمى» مۇنتىزىم قوشۇنغا ھەر يىلى ئۈچ قېتىم تەمىنات تارقىتىپ بېرىلىدىغان تۈزۈم، بۇ تۈزۈمنى ئىجرا قىلغۇچىلار سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ خۇراساندىكى مالىيە باشقۇرۇش تارماقلىرى دەپ قارايدۇ. بارتولد بولسا «ئەرەب جۇغراپىيە قامۇسى» (Bibl.Geog.Arab) نىڭ 2 - تومى 341 — 342 - بەتتىدىكى ماتېرىيالغا ئاساسەن، سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇن ۋە ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرىغا ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىمدىن بىر يىلدا تۆت قېتىم تەمىنات تارقىتىپ بەرگەن، بىر يىللىق ھەربىي تەمىنات 20 مىليون دەرھەم بولغان، يەنە كېلىپ بۇ تۈزۈمنى ھۆكۈمەتتىكى ياساۋۇللار بېشى (sahib – shurat) ئىجرا قىلغان، دەپ قارايدۇ. سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى پەنلەر ئاكادېمىيىسى شەرقشۇناسلىق تەتقىقات ئورنىنىڭ باشلىقى غاپوروفمۇ ياساۋۇللار بېشى قوشۇنغا تارقىتىپ بېرىلىدىغان تەمىناتنى نازارەت قىلغان دەپ قارايدىغان بولۇپ، ئۇ بارتولدنىڭ قارىشىنى ياقلىغان.

10 - ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا قوشۇنغا ئىكتا بۆلۈپ بېرىدىغان تۈزۈم ئىراق ۋە غەربىي ئىراندا تازا ئەۋجىگە چىققان. ئەمما، خۇراسان ۋە شەرقىي ئىراندا زادى ھېچكىم بۇ تۈزۈمدىن خەۋەر تاپمىغانمۇ ياكى ئۇنى ئىجرا قىلىشنى خالىمىغانمۇ، بۇ بىر گۇمانلىق مەسىلە. ۋەھالەنكى، سامانىيلار ئوردىسىنىڭ قوشۇنغا ئىكتا بۆلۈپ بەرمىگەنلىكى بىر پاكىت. بۇ مەلۇم دەرىجىدە ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ھوقۇقىنىڭ كېڭىيىپ كېتىشىنى چەكلەشكە پايدىلىق بولغان. بىراق، ھۆكۈمەتنىڭ ھەر قېتىم مالىيىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلگەندە، پۇقرالاردىن ۋاقىتلىق باج يىغىشى ھەم قوشۇنغا بېرىدىغان تەميناتنىڭ ۋاقتىنى ئارقىغا سوزۇشى ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ ئۆز ئالدىغا مال - دۇنيا توپلىشىغا دەستەك بولغان. ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئەسلىدە 200 دەرھەم باج ئېلىنىدىغان يەردىن 500 دەرھەم يىغىپ ئۆتتۈرىدىن نەپ ئۇندۇرۇپ، ھارام بايلىق توپلىغان. ئۇنىڭدىن باشقا، سامانىيلار خانىدانلىقى ئەمىرى قوشۇنغا ھەر يىلى تۆت قېتىم تەمىنات تارقىتىپ بەرگەندىن سىرت، ئۇرۇش بولغاندا ئۇلارغا جانپىدالىق كۆرسىتىشى ئۈچۈن يەنە ۋاقىتلىق تەميناتمۇ تارقىتىپ بەرگەن. مەسىلەن، ئەمىر ئىسمائىل سەففارىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرى ئامىر قوزغىغان ئۇرۇشقا (مىلادىيە 900 - يىلى) تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ۋاقىتلىق تەمىنات تارقاتقان. تۈرلۈك بويسۇندۇرۇش ئۇرۇشلىرىمۇ سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنى تەركىبىدىكى تۈركىيلەرنى ناھايىتى بېيىتقان. مەسىلەن، 880 — 893 - يىللىرى ئەمىر ئىسمائىل قوشۇن باشلاپ تالاس شەھىرىنى ئىشغال قىلغاندا، جەڭگە قاتناشقان ھەربىر چەۋەنداز 1000 دەرھەمگە ئېرىشكەن. ھەربىي ئەمەلى يۇقىرى تۈركىيلەر بولسا زور

مال - دۇنياغا ئىگە بولۇپ، ئىمتىيازىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى سېتىپ، ئورنىغا يەر ئالغان. نوھ I (Nuh b. Nasr، 943 — 954 - يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە ئورنى بار نۇرغۇن قورۇقچى ياساۋۇللار بۇخارا شەھىرىنىڭ سىرتىدىكى زەردۇشت دىنى مۇخلىسلىرىدىن ھەربىر جۇفت يەر (ئىككى كالا بىر كۈندە ئاغدۇرۇپ بولىدىغان يەر) نى 4000 كۈمۈش دەرھەمگە سېتىۋالغان. سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرىگە مەخسۇس قورۇقچىلىق قىلىدىغان بەزى قۇللارغا يەر ئىنئام قىلىنغان. مەسىلەن، ئىسمائىل خەلىپە مۇئتەسىم (842 — 883 - يىللار) نىڭ قول ئاستىدىكى سەركەردە ئىبنى تالۇت (Hasan ibn Muhammad ibn Talut) تىن بۇخارادىكى جۇيى مۇلىيان (Juy - i Muliyan) نىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنىڭ كۆپ قىسمىنى ئۆز قورۇقچىلىرىغا ھەدىيە قىلغان. ھاجىپ ئالپ تېگىن تۇرلۇك ۋاستىلەر ئارقىلىق كۆپلىگەن يەر ۋە مۈلۈككە ئىگە بولغان بولۇپ، خوراسان ۋە ماۋەرائۇننەھردە تەخمىنەن 500 كەنتى، ھەربىر شەھەردە بىردىن قەسرى، باغچىسى، مېھمانسارىيى ۋە ھاممىمى، يەنە مىليون تۇياق قويى، 100 مىڭ تۇياق ئېتى، قېچىرى ۋە تۆگىسى بولغان. تۈركىي قۇلدىن كېلىپ چىققان سىمجۇر جەمەتىدىكىلەر نوھ I ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە كوھىستان (Kuhistan، تۇس ۋە ھىراتنىڭ جەنۇبىدا) رايونىدا نۇرغۇن يەر ئىگىلىگەن ھەم ئۇ يەرلەرنىڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقىغا ئىگە بولغان بولۇپ، زور فېئوداللىق ئىگىدارلىقتىكى زېمىن شەكىللەندۇرگەن. بۇ فېئوداللىق ئىگىدارلىقتىكى زېمىنلار تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنى بايلىق بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ فېئوداللىق بۆلۈنمىچىلىكىگە ئىقتىسادىي ئاساس يارىتىپ بەرگەن.

تۈركىيلەر ئادەتتە ئوردا ياساۋۇلى بولۇش ئارقىلىق كۆزگە كۆرۈنگەن. 10 - ئەسىردە يېزىلار خارابلاشقانلىقتىن دېھقانلار نامراتلىشىپ، بۇرۇنقى ھوقۇقى ۋە تەسىرىنى يوقىتىپ، ئورنىنى يېڭىدىن باش كۆتۈرگەن ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرگە ئۆتۈنۈپ بەرگەن. ئۇنىڭدىن باشقا تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ئۆزلىرىنىڭ تۈركىي قۇللىرىنى ئۆزىگە قورۇقچى قىلغان. مەسىلەن، سەبۇق تېگىننىڭ خوجايىنى بولغان تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەك ئالپ تېگىننىڭ تۈركىي ياساۋۇل - قورۇقچىلىرى 961 - يىلىدىن بۇرۇنلا 1700 گە يەتكەن. ئادەتتىكى تۈركىي سەركەردىلەرنىمۇ 1000 تۈركىي قۇل لەشكەرگە باشچىلىق قىلالىغان. بۇ ھەقىقەتەنمۇ زور كۈچ ئىدى.

تۈركىي قۇل ياساۋۇللارنىڭ ئورنىنىڭ ئۆسۈشى مۇقەررەر ھالدا ئۇلار بىلەن ئىران تىللىق ھۆكۈمرانلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتنى ئۆتكۈرلەشتۈرۈۋەتتى. بۇ ئەمىر ئەھمەدنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشىدە گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدۇ. ئەھمەد ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، بىرنەچچە قۇل ياساۋۇلنى ئىشنى خاتا قىلغان دېگەن ئەرزىمەس گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتكەن ھەم ئەرەب تىلىنى پىششىق بىلىدىغان ئەمەلدارلارنى ئەتىۋارلاپ، ئەرەب تىلىنى ھۆكۈمەت تىلىغا ئايلاندۇرغان، بۇ ئەرەب تىلىنى بىلمەيدىغان كۆپ ساندىكى تۈركىي قۇل ياساۋۇللارنىڭ ئۆسۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلار بىلەن ھۆكۈمران سىنىپىنىڭ زىددىيىتىنى كۈچەيتىۋەتكەن. مىلادىيە 914 - يىلى 1 - ئايدا ئەھمەد شىكار قىلىپ ئارام ئېلىۋاتقان ۋاقىتتا، ياساۋۇللار پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئىشىك باقىدىغان شىرنى قويۇۋېتىپ ئۇنى ئۆلتۈرۈۋەتكەن. ئارقىدىن ياساۋۇللار بېشى بىلەن شەيخلەر بىرلىشىپ ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرگەن ناسىر II (Nasr b.Ahmad، 914 — 943 - يىللىرى) نى پادىشاھلىققا كۆتۈرگەن. تۈركىي قۇل ياساۋۇللارنىڭ كۈرىشى بىر تەرەپتىن ئۇلارنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكىنى بەزى كاپالەتلەرگە ئىگە قىلىپ، سىياسىي ئورنىنى ياخشىلىسا، يەنە بىر تەرەپتىن سامانىيلار

پادىشاھلىقىنىڭ ئەرەب ئامىللىرىنى يەكلەش خاھىشىنى كۈچەيتكەن. سامانىيلار پادىشاھلىقى مەزگىلىدە دارى تىلى (Dari، ئەينى ۋاقىتتىكى تاجىك تىلى) ئاساسىي جەھەتتىن دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇپ، دىن بىلەن مۇناسىۋەتسىز ھۆكۈمەت ھۆججەتلىرىدە ئاساسلىق مۇشۇ تىل ئىشلىتىلىشكە باشلىغان.

تۈركىيلەر 9 — 10 ـ ئەسىردە بويسۇندۇرۇلغۇچى سۈپىتىدە ماۋەرائۇننەھر، خۇراسان رايونلىرىغا كەلگەنلىكتىن، دەسلەپىدىلا سامانىيلار پادىشاھلىقىغا قارىتا بويۇنتاۋلۇق خاھىشىدا بولغان. گەرچە ئۇلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ، ئىلغار پارس مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭلىق بىلەن ئىران تىللىقلارغا قارشى خاھىشى ئۆزگىرىپ قالمىغان. تۈركىي قۇل سەركەردىلەرنىڭ ھەربىي كۈچى ۋە ئىقتىسادىي كۈچى تەرەققىي قىلىپ، فېئودال ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنى شەكىللەندۇرگەندە، بۇ خىل بويۇنتاۋلۇق خاھىشى تېزلا كۈچەيگەن. سامانىيلار پادىشاھلىقى مەركىزىي ھۆكۈمىتىنىڭ كۈچى ئاجىزلىشىپلا قالسا، بۇ تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ تىزگىنىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ، ئوردا بىلەن يۈز تېپىشكەن. بۇ ئۇلارنىڭ خۇسۇسىي ياساۋۇل ـ قورۇقچىلارنى ۋە سۇيۇرغال زېمىنلارنى ئۆزىگە ئارقا تىرەك قىلغانلىقىدىن ئىدى.

ئەمىر ئەھمەد ئۆلتۈرۈلۈپ، گۆدەك ناسىرII تەختكە چىققان ۋاقىتتا پادىشاھلىق ھوقۇق ئاجىزلىشىپ، ئىران تىللىق چوڭ ئاقسۆڭەكلەر ۋە سامانىيلار جەمەتىدىكىلەر سەمەرقەنت، خۇراسان، نىشاپور قاتارلىق جايلاردا بىر قاتار ئىسيانلارنى قوزغىغان، ئەمىر ئەھمەدنىڭ تاغىسى ئىسھاق بىلەن ئوغلىمۇ ئىسيانغا قاتناشقان. بۇ تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ بۆلۈنمىچىلىك قىلىش ۋە مۇستەقىللىققا ئېرىشىشى ئۈچۈن ئاجايىپ ياخشى پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن. تۈركىي قۇل سەركەردە — بەلخ ۋالىيسى قاراتېگىن ئىسپىجاپ (Qara－Tegin IsfiJabi) مىلادىيە 929 ـ يىلىدىن باشلاپلا ئافغانىستاننىڭ جەنۇبىدىكى بوست ۋە رۇققاج (al－Rukhknaj) نىڭ ھاكىمىيىتىنى تىزگىنلەپ، مۇستەقىل بولۇۋالغان. 932 ـ يىلى سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكىرى مۇھەممەد بىننى ئىلياس (.b Muhammad b.Ilyas) ئەمەلىيەتتە كىرمان (Kirman) دا مۇستەقىل كىچىك پادىشاھلىق قۇرغان (932 — 968). شۇنداق قىلىپ، 10 ـ ئەسىرنىڭ 20 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تۈركىيلەر تەدرىجىي سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا باشلاپ، بىر پۈتۈن سامانىيلار دۆلىتى پارچىلىنىشقا يۈزلەنگەن.

ناسىر ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە، گەرچە بىرقاتار ئىسيانلار يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇ ئىككى ۋەزىر (جەيھانى ۋە بەلامى) نىڭ كۈچلۈك ھەمدەم بولۇشى بىلەن ئوردىدىكى تۈركىيلەرنى تىزگىنلەپ ھەم قوشۇنىنى بۇيرۇپ جايلاردىكى ئىسيانلارنى بېسىقتۇرۇپ، راي، گورگان (939 ـ يىلى 11 ـ ئاي) ۋە تەبەرىستان (940 ـ يىلى 12 ـ ئاي) غا ئوخشاش غەربىي قىسىمدىكى بەزى ئۆلكىلەرنى يېڭىۋاشتىن بويسۇندۇرغان. پارس ئەدەبىياتىمۇ بۇ مەزگىلدە خۇراسان قاتارلىق جايلاردا ئاجايىپ گۈللەنگەن. جەيھانى (Jaihani، 914 — 922 ـ يىللار ۋە 938 — 941 ـ يىللاردا ئىككى قېتىم ۋەزىر بولغان) ئىستىبداتلىق سىياسىيون بولۇپلا قالماي، يەنە مەشھۇر ئالىم ۋە جۇغراپىيىشۇناس ئىدى. بەلامى (Balami، 922 — 983 ـ يىللاردا ۋەزىر بولغان) مۇ بىلىملىك ھەم قابىلىيەتلىك كىشى بولۇپ، بۇخارادىكى ناسىرII نىڭ قېرىنداشلىرى ئىسيان كۆتۈرگەندە، ئۇلارنى ئۆز ئارا قىرغىنچىلىق قىلىشقا كۈشكۈرتۈش ھىيلىسىنى ئىشلىتىپ ئىسياننى تىنچىتقانىدى.

يىغىپ ئېيتقاندا، تۈركىي قۇل سودىسى 8 ـ ئەسىردە باشلىنىپ 9 ـ ئەسىردە تەدرىجىي

گۈللەنگەن. سامانىيلار پادىشاھلىقى تۈركىي قۇللار سودىسىنىڭ تارىخىي ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تۈركىيلەرنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىسلام مەدەنىيىتى رايونلىرىغا كۆپلەپ كېلىشىگە تۈرتكە بولغان. 9 ـ ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى تۈپەيلىدىن، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئامالسىز ئاۋۋال شەرققە كېڭىيىپ، سىياسىي جەھەتتە چېچىلاڭغۇ تۈركىيلەرنى بويسۇندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سىياسىي كۈچىنى تەرەققىي قىلدۇرغان. بۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا تۈركىيلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ، تۈركىي ئامىللار تەدرىجىي كۈچەيگەن. ئوتتۇرا ئاسىياغا كەلگەن تۈركىيلەر بويسۇندۇرۇلغان مىللەت ياكى سېتىۋېلىنغان قۇل سالاھىيىتىدە بولغانلىقتىن، ئامالسىز سامانىيلار پادىشاھلىقىغا بېقىنغان. تۈركىي قۇللار ھەممىشە تۈرلۈك مەشقلەرنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئىران ـ ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، ئاندىن ئەسكەر بولۇش ئارقىلىق ئورنىنى ئۆستۈرگەن. ئۇلار سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنىڭ كېڭىيىشى ۋە ھۆكۈمرانلىقىنىڭ تىكلىنىشىدە ئىنتايىن زور رول ئوينىغان. سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرى بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئىران تىللىق ئاقسۆڭەكلەر ۋە ھۆكۈمرانلارنىڭ زىددىيىتى، شۇنداقلا سامانىيلار خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ بۆلگۈنچىلىكى ۋە نىزاسى تۈركىيلەرنىڭ ئەتىۋارلىنىشىغا ئېرىشىشىدىكى ئاساسىي سەۋەب بولغان. تۈركىي قۇللار ھەربىي تۆھپە ۋە سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىرى بىلەن بولغان كۈرەشلەر ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ ئورنىنى ياخشىلىغان ھەم يۇقىرى كۆتۈرگەن. بەزى تۈركىي سەركەردىلەر قىسمەن سىياسىي ھوقۇقنا، خۇسۇسىي قوراللىق كۈچكە ھەم ئىقتىسادىي ئاساسقا (پۇل ۋە سۇيۇرغال يەر) ئىگە بولغانلىقتىن، سەل قارىغىلى بولمايدىغان ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنى شەكىللەندۈرگەن. سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلاشقاندا، ئۇلار بۆلۈنمىچىلىك قىلىپ، ئوردا بىلەن پۈت تېپىشىپ، يوگەنسىز ھالەتنى پەيدا قىلغان. بۇ مەزگىلدە (874 ــ 943 ـ يىللار) سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى تۈركىيلەرنىڭ بويۇنتاۋلىق خاھىشى پەيدىنپەي روشەنلەشكەن.

## 2

سامانىيلار پادىشاھلىقى ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن فېئوداللىق دۆلەت بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت باشقۇرۇش تۈزۈلمىسى خېلىلا مۇكەممەل بولغان. سامانىيلار پادىشاھلىقىنى قۇرغۇچى ئىسمائىل ھاكىمىيەت تىكلىگەندىن باشلاپلا ئىككى چوڭ سىستېمىدىن تەركىب تاپقان، خېلىلا مۇستەھكەم بولغان ھوقۇق مەركەزگە مەركەزلەشكەن سىياسىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ چىققان. بۇ ئىككى چوڭ سىستېما دەرگاھ (dargah، يەنى ئوردا) سىستېمىسى ۋە مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ دىۋانلىرى (divan) سىستېمىسى ئىدى. دىۋان تۈزۈمى ساسانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدىلا بار بولۇپ، ئەرەب خەلىپىلىكىدە ئابباسىيلار سۇلالىسى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگەن مەزگىلدە سىرتتىن قوبۇل قىلىنغانىدى. سامانىيلار پادىشاھلىقىدا دىۋان ئاساسلىقى خەلق ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلغان. ئەمما، بەزىدە خەلق ئىشلىرى بىلەن ھەربىي ئىشلارنى ئايرىماق ئىنتايىن تەس بولغان. مەركىزىي ھۆكۈمەت ئون دىۋاندىن (ھازىرقى مىنىستىرلىققا تەڭ كېلىدۇ) تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇلارغا ۋەزىرلەر (Wazir، بۇ ئەسلىي ئەرەبچە سۆز بولۇپ، دۆلەت ئەربابى، مىنىستىر دېگەن مەنىدە) باش

بولغان. ئۇن دىۋان ئىچىدىكى ياساۋۇللار بېشى دىۋانى ھەربىي ئىشلار مىنىستىرلىقىغا تەڭ بولۇپ، ۋەزىرپىسى قوشۇن تەمىناتىنى تارقىتىش ۋە ئىشلىتىشنى باشقۇرۇش، نازارەت قىلىش بولغان. مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى قانۇن ـ پەرمانلارنى تۈزۈش، مالىيىنى باشقۇرۇش، قانۇننى ئىجرا قىلىش (شەخسىي سوراقلارنى مەھكىمە شەرئى بىر تەرەپ قىلغان) تىن ئىبارەت ئۈچ جەھەتنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. ئالدىنقى ئىككى ھوقۇق ۋەزىرلەرگە كۆرە لەشكىرىي ئەمەلدارلارغا مەنسۇپ بولغان. چۈنكى، ۋەزىرلەردە قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋاستىلىرى كەم ئىدى. سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانلىقى مەزگىلىدە ياساۋۇللار بېشى شاھ ھۆكۈمىنىڭ ئىجراچىسى بولغان. ئەمىر ناسىر II (914 ــ 943 ـ يىللار) ھاكىمىيەت تۇتقان ۋاقىتتا ئاتاقلىق ئىككى ۋەزىر ـ جەيھانى ۋە بەلامى مەركىزىي ھۆكۈمەت تەشكىلىنى مۇكەممەللەشتۈرگەن. ناسىر II يەنە پەرمان چۈشۈرۈپ رىگىستان (Registan، ئىچكى شەھەر) دا يېڭىدىن سېلىنغان ئوردىنىڭ چوڭ قوۋۇقى ئەتراپىغا مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى ئون دىۋان ئۈچۈن بىردىن ساراي سالدۇرۇپ، ھەرقايسى دىۋانلارنى ئۆز ئورنىدا مۇستەقىل ئىش بېجىرىدىغان قىلغان. دەرگاھ سىستېمىسىمۇ ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنگەن: بىرى، ئەمىر جەمەتىنىڭ ئاقساقىلى باشچىلىقىدىكى خان جەمەتى گۇرۇھى بولۇپ، مەزكۇر ئاقساقال ئوردا مۇپەتتىشى، يەنى ۋەكىل (Vakil) ئەمىلىنى ئۆتىگەن؛ يەنە بىرى، ئوردا ۋەزىرى ھاجىپ (hajib) باشچىلىقىدىكى يات جەمەتلەر گۇرۇھى بولغان. بۇ ئىككى گۇرۇھنىڭ ئوردىدىكى ھوقۇق ـ مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشىدە تۈركىي قۇل ياساۋۇللار مۇھىم رول ئوينىغان. سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە ۋەكىلنىڭ نوپۇزى قارىغاندا ھاجىپتىن چوڭ بولغان بولۇپ، گەردىزى (Gardizi) ۋەكىلنى ئەمىر ۋە ۋەزىر بىلەن تەڭ قاتاردا تىلغا ئالغان. ئەمما، ھاجىپ ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنىنى باشقۇرىدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ قارمىقىدىكى قورۇقچىبېشى (Sahib-haras) ئوردا ياساۋۇللار قوشۇنىنىڭ سەردارى بولغان. بۇ ياساۋۇللار ئاساسلىقى ئوردا مەكتىپىدە تەربىيىلىنىپ چىققان تۈركىي قۇللار ــ غۇلاملاردىن تەشكىللەنگەن. غۇلاملارنىڭ كۆپىيىشىگە ئەگىشىپ ھاجىپنىڭ نوپۇزىمۇ چوڭىيىپ بارغان. ھاجىپ بىلەن ۋەكىلنىڭ كۈرىشى نەتىجىسىدە كېيىنكىسىنىڭ ھوقۇقى پەيدىنپەي ئاجىزلاشقان. تۈركىي قۇللار ئۆسۈپ ھاجىپ بولغاندا بولسا، ۋەكىل ئوردا سىياسىي ھاياتىدا ئاساسىي جەھەتتىن ھېچقانداق رول ئوينىيالمىغان. شۇنداق قىلىپ، ئوردا ھاجىپ باشچىلىقىدىكى غۇلاملار تەرىپىدىن كونترول قىلىنغان. بۇ ۋاقىت كېيىن دېگەندىمۇ 10 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرى بولسا كېرەك. سوۋېت ئالىمى ب. گ. غاپوروف ھاجىپ بىلەن ۋەزىرنى ئارىلاشتۇرۇۋەتكەن بولۇپ، «ئوكسفورد ئىران تارىخى» دىمۇ خاتا ھالدا «نەزەرىيە جەھەتتىن ئېيتقاندا، ۋەزىر دىۋان ئەمەلدارلار تۈزۈلمىسىنىڭ كاتتىۋېشى، شۇ سەۋەبتىن ئۇ مۇناسىپ ھالدا ئوردا ئەمەلدارلار تۈزۈلمىسىنىڭمۇ كاتتىۋېشى، يەنى ھاجىپتۇر» دېيىلگەن. ئەمەلىيەتتە ۋەزىر بىلەن ھاجىپ ئىككى ئوخشىمىغان سىستېمىنىڭ كاتتىۋېشى بولۇپ، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا ئۇلار ئۆز ئالدىغا ئەمىر ئالدىدا جاۋابكار بولغان.

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئىلگىرىكى خانلىقلار بىلەن سېلىشتۇرغاندا، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئورناتقان ھوقۇقنى مەركەزگە مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈلمىسى بىرقەدەر مۇكەممەل بولۇپ، ئۇنىڭ ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش دەرىجىسى خېلىلا يۇقىرى بولغان. ئەمما، بۇ خىل ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدە يەنىلا نۇرغۇن بۆلۈنمىچىلىك ئامىللىرى ساقلانغان. بىرىنچىدىن، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ نوپۇزى ماۋەرائۇننەھر رايونىدا تىكلىنىشى بىلەنلا سامانىيلار جەمەتى ناسىر ۋە ئىسمائىلنى قوللايدىغان ئىككى چوڭ گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. بۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردىكى ئۈزۈلمەس ئىچكى نىزالارنىڭ

يىلتىزى بولۇپ قالغان. ئىككىنچىدىن، پۇلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىن قارىغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى نۇرغۇن جايلارنىڭ (مەسىلەن، پەرغانە قاتارلىق جايلار) يەرلىك ئاقسۆڭەك ھۆكۈمرانلىرى بۇخارادىكى سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ھۆكۈمدارى ئىكەنلىكىنى نامىدىلا ئېتىراپ قىلغان ياكى پەقەتلا ئېتىراپ قىلمىغان. ئۇلار دائىم ئاسىيلىق قىلىپ، ئوردىنىڭ نوپۇزىغا قارشى چىققان. 952 — 953 - يىللىرى، 960 — 961 - يىللىرى، 966 — 967 - يىللىرى قابا (پەرغانىدىكى ئىككىنچى چوڭ شەھەر) دا قويۇلغان ئۈچ خىل مىس تەڭگىدىن قارىغاندا، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرلىرىنىڭ نوپۇزى قابادا 952 - يىلىنىڭ ئالدى - كەينىدە ئېتىراپ قىلىنىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما 960 - يىلىدىن كېيىن پەقەت نامىدىلا ئېتىراپ قىلىنغان، ئەمەلىيەتتە يەرلىك ھۆكۈمران ئاشئاس مۇھەممەد بەگ ۋە مەنسۇر بەكار بەگ ئۆز ئالدىغا پۇل قويۇش ھوقۇقىغا ۋە مۇستەقىل ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقىغا ئىگە بولۇۋالغان. ئۈچىنچىدىن، سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ پۈتكۈل بيۇروكرات سىياسىي تۈزۈمى دەرگاھ سىستېمىسى ۋە دىۋان سىستېمىسى دەپ ئىككى چوڭ سىستېمىغا بۆلۈنگەن بولۇپ، تۈركىيلەر ۋە ئىران تىللىقلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا بىردىن سىستېمىغا باشچىلىق قىلغان. بۇنىڭ بىلەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا قارشىلىق شەكىللىنىپ، تۈركىيلەرنىڭ مەركەزدىن ئېغىش خاھىشى كۈچەيگەن. ئوردىدىكى تۈركىي قۇل ياساۋۇللارنىڭ ھوقۇقىنىڭ كۈچىيىشى، تۈركىي قۇللارنىڭ ھاجىپ بولۇپ ئوردا ئىشلىرىنى بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا ئەگىشىپ، ئوردىدىكى يات مىللەت كۈچلىرى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەتتىكى دىۋان كۈچلىرى ئوتتۇرىسىدا ھوقۇق توقۇنۇشى يۈز بەرگەن. ئالدىنقىسىنىڭ سىرتقى ئۆلكىلەردىكى تۈركىي ۋالىيلار بىلەن ئالاقە باغلىشى نەتىجىسىدە تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتىگە ئارىلىشىش ئىقتىدارى ناھايىتى كۈچەيگەن.

تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر كۈچىنىڭ بارغانسېرى كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، ئۇلار بىلەن ئىران تىللىق ئاقسۆڭەكلەر ۋە سامانىيلار ھۆكۈمىتى ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇش يۈز بەرگەن. 942 — 943 - يىلى خوراساندىكى نەقشى قاتارلىق جايلاردىكى قاتتىق يەر تەۋرەشتە جەيھانى ئۆلگەن. ئەمىر ناسىر II مۇ 943 - يىلى 4 - ئايدا ۋاپات بولغان. بۇنىڭ بىلەن نوھ I (943 — 954 - يىللار تەختتە ئولتۇرغان) تەختكە چىققان. ئۇ ساداقەتمەن ئەبۇل فازىل (Abu'l-fadl ياكى Abu'l-fazl) نى ۋەزىرلىككە تەيىنلىگەن. ئىسلام دىنىنىڭ ئەمرىمەرۇپلىرىغا قاتتىق ئەمەل قىلىدىغان بۇ ۋەزىر تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر ۋە باشقا سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ قاقتى - سوقتىلىق، زورلۇق - زومبۇلۇق قىلىشىنى چەكلىگەنلىكتىن، كېيىنكىلەر ئۇنى «ئېتىقادتا جېنىنى پىدا قىلغان ھۆكۈمران» (al-hakim ash-shahid) دەپ ئاتىغان. بۇ مەزگىلدە سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ مالىيىسىدە قىيىنچىلىق كۆرۈلۈپ، خەلقتىن ئېلىنىدىغان ئۇلپان بىلەن باج ھەسسىلەپ ئاشقان. مۇقەددەسىنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ مەزگىلدە يىللىق باج قەرز ئېلىش شەكلى بىلەن ئالدىن يىغىۋېلىنغان. ئەمما، ھۆكۈمەت بۇنداق قەرزنى ئەزەلدىن قايتۇرمىغان. مۇنداقچە ئېيتقاندا، 942 - يىلىلا ھۆكۈمەت خەلقتىن بىر يىلدا ئىككى قېتىم باج ئالغان. گەرچە مۇشۇنداق بولسىمۇ، مالىيە قىيىنچىلىق يەنىلا تۈگىمىگەن. مالىيە قىيىنچىلىقىنىڭ ئېغىرلىقىدىن قوشۇنىنىڭ تەمىنات ئالالماسلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىر بولغۇچىنىڭ ھۆكۈمرانلىق سىياسىتىنىڭ سەركەردە - لەشكەرلەرنىڭ ھەرىكىتىنى چەكلەپ قويۇشى ئاقىۋەتتە ئۇلارنىڭ قاتتىق نارازىلىقىنى قوزغىغان. بۇنىڭ بىلەن قوشۇن ۋە ۋەزىر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئۆتكۈرلەشكەن. ھالبۇكى، بۇ چاغدا نوھ

I قوشۇننىڭ ئۆزى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىغا جىددىي موھتاج بولغان، يەنى ئۇ ئۇلارنى مىلادىيە 944 - يىلى خارەزمدە يۈز بەرگەن توپىلاڭنى تىنچىتىشقا، خۇراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى چاغانى (Abu ali Chaghani) بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا، تاغىسى ئىسھاقنىڭ (Ishak، 946 - يىلى خەلىپە ئۇنىڭغا خۇراساننىڭ ھوقۇقىنى بەرگەن) ئىسيانىغا تاقابىل تۇرۇشقا بۇيرۇغان. ئەمما، تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم بىننى سىمجۇر (Ibrahim b.simjur) باشچىلىقىدىكى سەركەردە - لەشكەرلەر پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، ھۆكۈمەتكە قارشى ئۆكتىچىلەر بىلەن بىرلىشىپ، ۋەزىرنى قوشۇننىڭ تەمىناتىنى بەرمىدى، خۇراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى بىلەن تىل بىرىكتۈردى دەپ ئەيىبلەپ، ئەمىر نوھ I نى ۋەزىر ئەبۇل فازىلنى ئۆلتۈرۈشكە قىستىغان. بۇ تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقى ھۆكۈمرانىنى تىزگىنلىشىنىڭ باشلىنىشى بولغان. شۇنىڭدىن تارتىپ سامانىيلارنىڭ پادىشاھلىق ھوقۇقى ئاجىزلىششقا يۈزلىنىپ، تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار خاندانلىقىنىڭ سىياسىي تۇرمۇشىدىكى يېتەكچىلىك ئورنى تىكلىنىشكە، ئىران تىللىقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى ئاجىزلىششقا باشلىغان.

900 - يىلى ئەمىر ئىسمائىل سەففارىيلار پادىشاھلىقىنىڭ قولىدىن خۇراساننى تارتىۋالدى. شۇنىڭدىن كېيىن سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنىنىڭ باش سەركەردىسى ئومۇمەن خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولىدىغان بولدى. ئۇ سىپاھ سالار (Sipah - salar) دەپ نام ئالدى ھەم نىشاپوردا تۇرۇپ شۇ يەردىن ئامۇ دەرياسىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغىچە بولغان سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنى باشقۇردى. سامانىيلار پادىشاھلىقى مەزگىلىدە كېيىنكى موغۇللار ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدىكىگە ئوخشاش پادىشاھ بىلەن سەركەردىلەر خەلق ئىشلىرىغا مەسئۇل باشلىق تەيىنلەشتە ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىدىغان بولۇپ، بۇ مۇتلەق توغرا دەپ قارىلاتتى. ئۇنىڭدىن قالسا، خۇراساننىڭ دېھقانچىلىقى راۋاجلانغان، مەھسۇلاتلىرى مول، ئاب - ھاۋاسى ياخشى بولۇپ، ئالتۇن، كۈمۈش، بىرىيۇزا، دورا، توقۇلما بۇيۇملار ۋە ئات كۆپ چىقاتتى. شۇ سەۋەبتىن خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىمۇ چوڭ ئاقسۆڭەكلەر تالىشىدىغان ئەمەلگە ئايلىنىپ قالغانىدى. غۇلاملارمۇ بېشىغا بەخت قۇشى قونسىلا بۇ كۈرەشكە كىرىشىپ كېتەتتى. تەخمىنەن 930 - يىلى ئامۇ دەرياسىنىڭ يۇقىرى ئېقىنىدىكى بىر داڭلىق ئىران تىللىق جەمەتتىن كېلىپ چىققان ئەبۇ ئەلى چاغانى خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولدى. 945 - يىلى ئەتىيازدا خۇراسانلىقلار ئەمىر نوھقا چاغانى ئۈستىدىن ئەرز قىلدى. شۇنىڭ بىلەن نوھ تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ پېشۋاسى ئىبراھىم بىننى سىمجۇرنى چاغانىنىڭ ئورنىغا قويۇش نىيىتىگە كەلدى (تارىخىي ماتېرىياللاردىكى خاتىرىلەر بەك ئاددىي بولغانلىقتىن، بىز تۈركىيلەرنىڭ نوھنى چاغانىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا مەجبۇرلاش جەريانىدا قانچىلىك رول ئوينىغانلىقىنى بىلىشكە ئامالسىزمىز). ھالبۇكى، چاغانى ئۆزلۈكىدىن ئورنىنى سىمجۇرغا بىكارلاپ بېرىشنى ئەسلا ئويلىمىغانىدى. شۇڭا، ئۇ 947 - يىلى 1 - ئايدا نوھنىڭ تاغىسى ئىسھاق (يەنە بەزى خاتىرىلەردە ئىبراھىم بىننى ئەھمەدمۇ دېيىلگەن) بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، بۇخاراغا ھۇجۇم قىلدى. خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىنى تالىشىش كۈرىشى ئەۋجىگە چىقتى. شۇنداق قىلىپ، خۇراساننىڭ ۋالىيلىق ئەمىلى نەچچە قېتىم قولدىن - قولغا ئۆتۈپ (سىمجۇر 948 - يىلى ئەتىيازدا ئۆلدى. نوھ ئارقىدىن يەنە بىر تۈركىي ئاقسۆڭەك، ئىسپىجاب شەھىرىنىڭ ھۆكۈمدار جەمەتىنىڭ ئەزاسى مەنسۇر بىننى قارا تېگىننى ۋالىي قىلدى. 951 - يىلى مەنسۇر ئۆلۈپ، ئەمىر يەنە چاغانىنى ۋالىي قىلدى. تەخمىنەن 954 - يىلى 7 - ئايدا چاغانى يەنە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، تۈركىي ئەل پەرغانى جەمەتىدىن بولغان ئەبۇ سەيد بەكر ۋالىي بولدى ھەم

ئەمىر قوشۇنىغا باشچىلىق قىلىپ، چاغانى بىلەن ئۇرۇش قىلدى). چاغانى گەرچە خەلىپە تەرىپىدىن خوراساننىڭ ھوقۇقىغا ئېرىشكەن بولسىمۇ، ئاقىۋەتتە بۇ ئەمەلنى ساقلاپ قالالمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن خوراساننىڭ ۋالىيلىق ئەملى بىلەن سامانىيلار قوشۇنىنىڭ قوماندانلىق ھوقۇقى كۆپىنچە تۈركىيلەرنىڭ قولىدا بولدى. تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر قولىدا ھەربىي ھوقۇق بولغاچقا، ئەمىرنى قىستاپ ھەرقايسى بەگلەرگە پەرمان چۈشۈرگۈزۈپ، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا زور تەسىر كۆرسەتتى.

يۇقىرىقىلاردىن كۆرۈۋېلىش تەس ئەمەسكى، 10 ـ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا سامانىيلار جەمەتىنىڭ ئىچكى نىزاسى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى يەرلىك ئىران تىللىق ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ توپىلىڭى سامانىيلار ئوردىسىنى تۈركىيلەرنى يەنىمۇ ئەتىۋارلاپ، ئۇلار ئارقىلىق بۇ توپىلاڭلارنى تىنچىتىشقا، ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى مۇستەھكەملەشكە مەجبۇر قىلغان. بۇ ھال شۇ ۋاقىتتا ئاللىقاچان سىياسىي، ئىقتىسادىي ئاساسقا ئىگە بولۇپ بولغان تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي، مەمۇرىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىشىغا پۇرسەت يارىتىپ بەرگەن.

954 ـ يىلى 8 ـ ئايدا نوھ I ئۆلۈپ، ئۇنىڭ بەش ئوغلىنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق ئۈچىنىڭ ھەربىرى پۈتۈن كۈچى بىلەن ياساۋۇللار بېشىنى يېنىغا تارتىپ، ئۇلارنى ئۆز ئادىمى، يېقىن ھەمدەمچىسى قىلدى. بۇنىڭدىن شۇ ۋاقىتتا تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تېخىمۇ مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مالىك I (Abdal－Malik، 954 — 961 ـ يىللار) تەختكە ۋارىسلىق قىلغاندىن كېيىن، يېڭى ھۆكۈمەت ئۆزىنىڭچە ھوقۇقىنى تىزگىنلىيەلمىدى. ئۇ تۈركىي قۇل ياساۋۇللار بېشى ئالپ تېگىن بىلەن خوراسان ۋالىيسى بەكر (Bakr، بارتولد ئۇنى Bakr b.Malik دېگەن) نىڭ زىددىيىتىدىن پايدىلىنىپ، بەكرنى بىدئەت كارامەتچىلەر (the Karamitah) تەرىپىدىن بۇزۇلدى دەپ، 956 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ئۇنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى ئىبراھىم سىمجۇر (Muhammad b . Ibrahim Simjur) نى خوراساننىڭ ۋالىيسى قىلدى. بۇ كىشى كوھىستاننىڭ ئاتا مىراس بېگى ئىدى. بۇ ۋاقىتتا ئالپ تېگىن باشچىلىقىدىكى تۈركىي ھەربىي گۇرۇھى بۇخارادا ھۆكۈمەتنى تىزگىنلەپ، كۈچى ئىنتايىن زورىيىپ، دۆلەتنى باشقۇرۇش ھوقۇقىنى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆز چاڭگىلىغا ئېلىۋالدى. ئەمىر مالىك I ئالپ تېگىننىڭ دوستى ئەبۇ ئەلى بەلامىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلىمىگەندە، ۋەزىر نامزاتلىرى قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدىلا (954 ـ يىلدىن 959 ـ يىلغىچە) ئۇدا تۆت قېتىم ئۆزگەردى. مالىك I ھەم ئۇنىڭ ۋەزىرى يۇسۇپ ىبنى ئىسھاق (Abu Mansur Yusuf b. Ishaq) ھەربىي گۇرۇھنىڭ كونتروللۇقىدىن قۇتۇلۇشقا ئۇرۇنۇپ، 960 ـ يىلى بىر ئالىي سەركەردىنى ئۆلتۈردى. ئەمما، بۇ دۆلەت ئىچىدە مالىمانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقاردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇنۇش مەغلۇپ بولۇپ، مالىك I ئامالسىز ئالپ تېگىننى خوراساننىڭ ۋالىيسى قىلدى.

ئالپ تېگىن ئەسلىدە بىر سېتىۋېلىنغان تۈركىي قۇل بولۇپ، سامانىيلار پادىشاھلىقى ئوردىسىدا ياساۋۇل بولۇش بىلەن سىياسىي ھاياتىنى باشلاپ، ياساۋۇللار بېشى، ئۇلۇغ ھاجىپ بولغانىدى. ئۇ ئۇلۇغ ھاجىپ بولغان ۋاقىتتا ياش ئەمىرگە بېسىم ئىشلىتىپ، ئەبۇ ئەلى بەلامىنى ۋەزىرلىككە تەيىنلەتكۈزدى (ئۇ 974 ـ يىلغىچە ئەمەلدە ئولتۇرۇپ ئالەمدىن ئۆتتى). گەردىزىنىڭ «زەينۇل ـ ئەخبار» دېگەن ئەسىرىدە كۆرسىتىشىچە، بۇ ۋەزىر شاپائەتچىسى ئالپ تېگىن بىلەن ئۇنىڭ ماقۇللۇقىنى ئالماي تۇرۇپ ھەرقانداق ئىش قىلماسلىققا كېلىشكەنىكەن. ئالپ تېگىننىڭ

ھەيۋىسىدىن قورققان ئەمىر 961 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ ئالدى ـ كەينىدە خۇراساننىڭ ۋالىيلىقىنى ئۇنىڭغا بېرىشكە مەجبۇر بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئالپ تېگىن پايتەختتىن ئايرىلىپ، ئەمىر قايتا ئۇنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدىغان بولدى. ھالبۇكى، ئالپ تېگىن ئۇلۇغ ھاجىپلىقتىن سامانىيلار قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكىرى ۋە خۇراساننىڭ ۋالىيسى بولغاندىن كېيىن، تۈركىي قۇل ياساۋۇللارنى تايانچ قىلغان دەرگاھ سىستېمىسىنىڭ كۈچى بىلەن سىرتقى ئۆلكىلەردىكى تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ كۈچى تېخىمۇ زىچ بىرلىشىپ، دىۋاننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چەكلەپ، ۋەزىرنىڭ سىياسىي ئورنى يەنىمۇ تۆۋەنلىدى.

961 ـ يىلى 11 ـ ئايدا ئەمىر مالىك I ئاتتىن يىقىلىپ ئۆلدى. بۇنىڭ بىلەن پايتەختتە پاراكەندىچىلىك يۈز بېرىپ، ئوردىمۇ ئەمىرنىڭ قۇل ـ مۇلازىملىرى تەرىپىدىن بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى ۋە كۆيدۈرۈۋېتىلدى. بۇ ۋاقىتتا ئالپ تېگىن نىشاپوردا ئىدى. ۋەزىر بەلامى ئۇنىڭغا مەكتۇپ يېزىپ تەخت ۋارىسى تىكلەشنى مەسلىھەتلەشتى. شۇنداق قىلىپ، ئالپ تېگىننىڭ ئارزۇسىغا بىنائەن بەلامى ئەمىر مالىك I نىڭ كىچىك ئوغلى ناسىرنى تەختكە چىقاردى. ئالپ تېگىننىڭ بۇ بالىنى (16 ياش) يۆلەپ تەختكە چىقىرىشتىكى مەقسىتى ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ، ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى قوغداش ئىدى. ئەمما، بۇ فائىق (Faiq) باشچىلىقىدىكى يەنە بىر ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ مەنپەئىتىگە دەخلى يەتكۈزدى. شۇنىڭ بىلەن فائىق سامانىيلار خانىدانىنىڭ بىرقىسىم ئەزالىرى بىلەن بىرلىشىپ، ناسىرنى بىر كۈندىن كېيىنلا تەختتىن چۈشۈرۈپ، مالىك I نىڭ ئىنىسى مەنسۇرنى تەختكە چىقاردى. ئۇ دەل مەنسۇر I (Abu Salih Mansur b. Nuh) ئىدى. ئەمەلىيەتتە فائىقنىڭ ئۆزىمۇ تۈركىي ھەم ياساۋۇللار بېشى بولۇپ، كىچىكىدىن تارتىپلا مەنسۇرنىڭ يېقىنى ئىدى. شۇنداق قىلىپ تەخت ۋارىسى تىكلەش مەسىلىسى تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنى پارچىلىۋەتتى. ۋەزىر بەلامى بولسا يەنە يېڭى ھۆكۈمەت تەرەپتە تۇرۇپ، يېڭىدىن كۆتۈرۈلۈپ چىققان تۈركىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. شۇ سەۋەبتىن ئۇ ۋاپات بولغۇچە ئۆزىنىڭ ۋەزىرلىك ئەمىلىنى ساقلاپ قالدى. ئالپ تېگىن بىرنەچچە قېتىم ئەمىر مەنسۇر I (961 — 976 ـ يىللار) نىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، 962 ـ يىلى غەزنە (Ghazna) نى ئىگىلەپ، ئۇ يەردىكى لەۋىك پادىشاھلىقىنى (Lawiks) ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، يېرىم مۇستەقىل بەگلىك قۇردى. غەزنە رايونىدا خېلىلا كۆپ قارلۇقلار بولۇپ، ئالپ تېگىن ئۇلاردىن بىر تۈركىي ياللانما قوشۇن تەشكىللەپ، كېيىنكى غەزنەۋىلەر ئىمپېرىيىسىنىڭ شەكىللىنىشى ئۈچۈن ھەربىي ئاساس سالدى. 963 ـ يىلى ئالپ تېگىن غەزنىدە ئۆلدى. 977 ـ يىلى ئالپ تېگىننىڭ قۇلى ھەم كۈيئوغلى، تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەك سەبۇق تېگىن غەزنىدە قوشۇن تەرىپىدىن تەختكە چىقىرىلىپ، غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ ھەقىقىي ئاساسچىسى بولۇپ قالدى. غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقى تۈركىيلەر مۇسۇلمان ئىران تىللىقلار زېمىنىدا قۇرغان تۇنجى ھاكىمىيەت بولۇپ، سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىدىكى تۈركىيلىشىشنى تۇنجى قېتىم تەشكىللىك ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، تۈركىيلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىران تىللىقلارنى يېڭىشى، ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي ئامىللارنىڭ كۈچىيىشى جەھەتتە زور رول ئوينىدى. غەزنەۋىلەر پادىشاھلىقىنىڭ قۇرۇلۇشى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىيلەرنىڭ مۇسۇلمان ئىران تىللىقلار تەرىپىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى مىللەتتىن ھۆكۈمرانلىق قىلغۇچى مىللەتكە ئايلىنىشقا باشلىغانلىقىنىڭ بەلگىسى بولدى.

تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ پارچىلىنىشى بىلەن تۈركىيلەر ئىچىدىكى ئوخشىمىغان

مەزھەپلەرنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەت تالىشىش كۈرىشى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي تورمۇشىدا گەۋدىلىنىشكە باشلىدى. ئالپ تېگىن خوراساننىڭ ۋالىيلىقىدىن قالغاندا، تۇس (Tus) نىڭ ۋالىيسى ئابدۇررازاق (Abu Mansur b.'Abd - ar - Razzak) ئالپ تېگىننىڭ تۆھپىسىگە قارشى چىققانلىقتىن، خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا ئېرىشتى. ھالبۇكى، دانا ئابدۇررازاق ناۋادا پۇرسەت بولسىلا ئۆزىنىڭ ئورنىنىمۇ باشقا تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ تارتىۋالىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى. شۇڭا، ئۇ بار كۈچى بىلەن ھوقۇق ئىگىلەش ۋە كېڭەيتىشنى جىددىيلەشتۈرۈپ، قول ئاستىدىكىلەرنىڭ مەزكۇر رايوننى تالان - تاراج قىلىشىغا يول قويدى ھەم بۇيىلار (Buyids) بىلەن ئالاقە ئورنىتىشقا كىرىشتى. جۈملىدىن ئۇ بۇيىلارنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ نوپۇزىنى قوغداپ، سامانىيلار ئوردىسى بىلەن قارشىلىشىشقا ئۇرۇندى. ئەمەلىيەتتە 954 - يىلى خوراسان ۋالىيسى ئەبۇ ئەلى چاغانى توپىلاڭ كۆتۈرگەن ۋاقىتتىلا تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر بۇيىلارنىڭ ياردىمىگە ئېرىشىشنى ئىستىگەنىدى.

ئەمىر مەنسۇر I ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە پەرغانە، سىكىستان (Sijistan) ۋە ئىراق (Irak) تىكى بارلىق چوڭ ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئۆزلۈكسىز توپىلاڭ كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ نوپۇزىغا قارشى چىقتى. بۇ بىر تەرەپتىن ئوردىنى تۈركىيلەرنى ئاساس قىلغان قوشۇنغا تايىنىپ توپىلاڭنى تىنچىتىپ، بويسۇندۇرۇش قىلمىغاندا ئىران ئاقسۆڭەكلىرىگە تاقابىل تۇرۇشقا تېخىمۇ بەك مەجبۇر قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن تۈركىيلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتە ئىران ئاقسۆڭەكلىرىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىشىنى تېخىمۇ زور دەرىجىدە تۆۋەنلەتتى. بۇ ئەھۋالدا سامانىيلار ئوردىسى بىرى بىلەن بىرلىشىپ يەنە بىرىگە قارشى تۇرغاندىلا، جۈملىدىن بىر تۈركىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئارقىلىق يەنە بىر تۈركىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىغا تاقابىل تۇرغاندىلا، ئاندىن خوراساننىڭ ۋالىيلىقىنى، پادىشاھلىق قوشۇنىنىڭ ئەمىر لەشكەرلىكىنى تىزگىنلەپ تۇرالايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئەمىر مەنسۇر I ئىبراھىم سىمجۇرنى يەنە خوراساننىڭ ۋالىيلىقىغا تەيىنلىدى (ئۇ تۇنجى قېتىم 956 - يىلى 12 - ئايدىن 960 - يىلىنىڭ بېشىغىچە ۋالىي بولغانىدى، بۇ قېتىم 962 - يىلىدىن 982 - يىلىغىچە ۋالىي بولدى). ئۇ ۋەزىپىگە تەيىنلىنىش بىلەنلا سابىق ۋالىي ئابدۇررازاققا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئۆلتۈردى. شۇ ۋاقىتتا ئاللىبۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن خوراسان ۋالىيسى مەنسۇر بىننى قارا تېگىننىڭ (951 - يىلى ئۆلگەن) ئوغلى ئەھمەدمۇ ئىبراھىم سىمجۇرنىڭ قوشۇنىدا ئىدى. بۇنىڭدىن ئىسپىجاپ تۈركىي ھۆكۈمران جەمەتى ئەزالىرىنىڭمۇ سىمجۇر گۇرۇھىغا قاتناشقانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. قوشۇن تەمىناتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئىبراھىم سىمجۇر مەنسۇر I نىڭ يولىيورۇقى بىلەن بۇيىلارغا ۋە زىيارلارغا (ziyarids) ئۇرۇش قوزغىدى ھەم نۇسرەت قۇچتى. سامانىيلار پادىشاھلىقى قوشۇنى يەنە ئالپ تېگىننىڭ ئوغلى ئىسھاقنىڭ غەزنە ھۆكۈمرانىنى مەغلۇپ قىلىشىغا (965 - يىلى) ياردەم بېرىپ، ئىسھاقنى ئۇ يەردە ماكانلاشتۇردى ھەم پادىشاھلىققا بېقىندۇردى. سىرتقى ئۇرۇشلارنىڭ غەلىبىسى بىلەن سىمجۇر گۇرۇھىنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچى ناھايىتى تېز زورايدى. بۇنىڭ ئەكسىچە، ۋەزىرنىڭ ھوقۇقى ئۆزلۈكسىز ئاجىزلاپ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتىمۇ ئىنتايىن قىسقىراپ كەتتى. نەتىجىدە تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى — سىمجۇر گۇرۇھى بىلەن ۋەزىر باشچىلىقىدىكى ئىران ئاقسۆڭەكلىرى ھۆكۈمەتنىڭ زىددىيىتى ئۆزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتى.

ئوخشاش بولمىغان تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش نەتىجىسىدە،

ھۆكۈمەت پۈتۈن كۈچى بىلەن بۇ ماجىرالارنى ھەل قىلىش ھەم ماۋەرائۇننەھر ۋە خۇراساننىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىش بىلەن بولۇپ كېتىپ، چەت - چېگرالاردىكى قارام جايلارغا قاراشقا چولىسى تەگمىدى. بۇنىڭ بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقىنى تىزگىنلەپ تۇرۇشى زور دەرىجىدە ئاجىزلىشىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقى كۆپلىگەن چېگرا رايونلىرىدىن ئايرىلىپ قالدى. مەسىلەن، 969 - يىلى ئەتراپىدا بايتۇز (Baituz) باشچىلىقىدىكى بىر تۈركىي قۇل ياساۋۇللار گۇرۇھى بۇست (Bust) مۇستەقىل بىر ھاكىمىيەت قۇردى (بايتۇز 970 - يىلى قۇيەدۇرغان بىر خىل مىس تەڭگىنىڭ ئاستىغا سامانىيلار پادىشاھلىقى ئەمىرىنىڭ ئىسمى چۈشۈرۈلمىگەن. بايتۇز گۇرۇھى بىلەن بۇستتىكى ئەسلىدىكى قارا تېگىن ھاكىمىيىتى 929 - يىلى قۇرۇلغان، ئوتتۇرىسىدا چوقۇمكى مەلۇم باغلىنىش، ۋارىسچانلىق بولغان. تۈركىيلەرنىڭ بۆلۈنۈپ چىقىشى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، غەربتىكى بۇيىلارنىڭ كېڭەيمىچىلىك قىلىشىغا ھەم سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنىنى قوشۇۋېلىشىغا پايدىلىق بولدى. 975 — 976 - يىلى بۇيىلارنىڭ ھۆكۈمدارى ئەدۇد - دەۋلە (Adud al - Daula) سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ قولىدىن كىرماننى تارتىۋالدى. شۇنداقلا تەبەرىستان ۋە گورگاندا خېلى ئۇزۇن ۋاقىتقىچە سامانىيلارنىڭ ئىتتىپاقدىشى، زىيارىيلارنىڭ ھۆكۈمدارى قابۇس بىننى ۋەشمگىر (Qabus b.vushmgir) نى بېسىپ تۇردى. سامانىيلار پادىشاھلىقى غەربتىكى قولدىن كەتكەن زېمىنلىرىنى قايتۇرۇۋېلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئەمما بۇيىلارنى پەقەتلا يېڭەلمىدى. 982 - يىلى 3 - ئايدا خۇراسان قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى تاس باشچىلىقىدىكى سامانىيلار قوشۇنى بۇيىلار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ بولدى. بۇ قېتىمقى مەغلۇبىيەت سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى زىددىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھۆكۈمەت بىلەن قوشۇن ئوتتۇرىسىدىكى توقۇنۇشنىڭ پارتلىشىنى تېزلەتتى. سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ شەرقىدىكى قاراخانىيلار خانلىقى سامانىيلار پادىشاھلىقىدىكى تۈگمەس مالىمانچىلىقتىن پايدىلىنىپ، 980 - يىلى ئىسپىجاپنى بېسىۋالدى. بۇنىڭ بىلەن سامانىيلار پادىشاھلىقى زېمىنى كۆنسايىن ئېغىر تەھدىتكە ئۇچرىدى.

نوھ II (976 — 997 - يىللار) ھۆكۈمرانلىق قىلغان مەزگىلدە تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەرنىڭ مۇستەقىل بولۇش يۈزىسىدىن قوزغىغان فېئودال بۆلۈنمىچىلىكى پەيدىنپەي ئەۋجىگە چىقىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھالاكىتى تېخىمۇ تېزلەشتى.

976 - يىلى 6 - ئايدا ئەمىر مەنسۇر ئۆلۈپ ئورنىغا ئوغلى ئەبۇلقاسىم نوھ (Abul - qasim Nuh) 13 يېشىدا تەختكە چىقتى، ئۇ نوھ II ئىدى. نوھ II نىڭ ئانىسى ۋە ۋەزىر ئەھمەد ئۇتبى (Abu'l - Husayn، Abdullah b. Ahmadutbi)، ئۇ 977 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ۋەزىر بولغان) ھاكىمىيەتكە نائىبلىق قىلدى. يېڭى ھاكىمىيەت تىكلىنىشى بىلەن مەركىزىي ھۆكۈمەت ئامالسىز كۈچىنىڭ بارىچە قوشۇندىكى تۈركىي باشلىقلارنىڭ، بولۇپمۇ ئىبراھىم سىمجۇرنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا مەجبۇر بولدى. ئىبراھىم سىمجۇر ئەمىر نوھ II نىڭ نامىدا ھىرات، نىشاپور، تۇس ۋە ماۋەرائۇننەھر رايونىغا ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئۇ يەنە ئەمىردىن «ناسىرۇد - دەۋلە» (Nasir - ud - Daullah) دېگەن نامغا ئېرىشىپ، قىزىنى ئەمىرگە ياتلىق قىلدى. بۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم سىمجۇرنىڭ ھوقۇقى ۋە كۈچى ئىنتايىن زورىيىپ كەتتى. روشەنكى، بۇنىڭغا ۋەزىر ئۇتبى باشچىلىقىدىكى ھۆكۈمەت قاراپ تۇرالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇتبى ئۆز ھوقۇقىنى مۇستەھكەملىۋالغاندىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ نوپۇزىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، قوشۇندىكى تۈركىي باشلىقلارنى باش ئەگدۈرۈش نىيىتىگە كەلدى. 982 - يىلىنىڭ بېشىدا ئۇ نوپۇزى زورىيىپ كەتكەن ئىبراھىمنى ئوڭۇشلۇق ھالدا ئەمەلدىن قالدۇرۇپ،

ئاتىسىنىڭ قۇلى ئابباس تاس (Abu-l-'Abbas-i-Tash)، ئۇ ئەسلىي ئوردىدا ھاجىپ ئىدى) نى خۇراسان قوشۇنلىرىنىڭ سەركەردىسى قىلدى. شۇ چاغدا خۇراسان قوشۇنلىرى سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ بىردىنبىر ھەقىقىي مۇنتىزىم قوشۇنى بولۇپ قالغانىدى. ئۇتبى تاس ۋە فائىق قاتارلىق ياساۋۇللار باشلىقلىرىنى قوشۇن باشلاپ ئىراقتا بۇيىلار بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا ئەۋەتتى. ھالبۇكى، شۇ يىلى 3 ـ ئايدا خۇراسان قوشۇنلىرى گورگاندا بۇيىلار قوشۇنى تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىندى ( بۇيىلارغا شۇ ۋاقىتتا ئەدۇد ـ دەۋلە ھۆكۈمران ئىدى). شۇنىڭ بىلەن ۋەزىر ئۇتبى پەرمان چۈشۈرۈپ مەرۋىدە بىر يېڭى قوشۇن توپلاپ، ئۆزى شەخسەن قوشۇن باشلاپ جەڭ قىلماقچى بولدى. ئەمما، تۈركىي ھەربىي باشلىقلار ۋەزىر بولغۇچىنىڭ ھەربىي ھوقۇق تۇتۇشىغا يول قويالمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئىبراھىم سىمجۇر ھاجىپ فائىق بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، قاتىل ياللاپ ئۇتبىنى مەخپىي ئۆلتۈرۈۋەتتى. ئۇتبىنىڭ قەستكە ئۇچرىشى ئىران تىللىقلارنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان سامانىيلار پادىشاھلىقى مەركىزىي ھۆكۈمىتى (دىۋان) سىستېمىسى ھوقۇقتىن ئايرىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ۋەزىرلەر ھېچقانداق ھوقۇقى قالماي، قورۇق جازىغىلا ئايلىنىپ قېلىپ، ھەربىي ئىشلارغا ھەم تۈركىي ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھىنىڭ كۈرىشىگە ئارىلىشالمايدىغان بولدى. تارىخشۇناس ئۇتبىنىڭ دېيىشىچە، 987 ـ يىلىدىن كېيىن ۋەزىرلەر ھۆكۈمرانلىق تەرتىپىنى پەقەتلا ئەسلىگە كەلتۈرەلمىگەن. «كۆپىنچە ئۆلكىلەردە توپىلاڭچىلار ھوقۇقنى ئىگىلەپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئومۇمىي كىرىمى ئازىيىپ كەتكەن، لەشكەرلەر ئاھالىلەرنى قەبىھلەرچە ئەزگەن. ھۆكۈمرانلىق ھوقۇقى تۈركىيلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىپ، ۋەزىرلەرنىڭ پەرمانى كۈچتىن قالغان». شۇنداق قىلىپ، ھوقۇقنى مەركەزلەشتۈرۈش تۈزۈمىدىكى دىۋان سىستېمىسىمۇ پارچىلانغان.

ئومۇمەن، 10 ـ ئەسىرنىڭ 40 ـ يىللىرىدىن 80 ـ يىللىرىنىڭ بېشىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى تۈركىيلەرنىڭ كۈچىنىڭ تەرەققىياتىغا نەزەر سالغاندا، مۇنداق بىر يۈزلىنىشنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، يەنى ئوردىدىكى تۈركىي قۇل ياساۋۇللار گۇرۇھى ئۆز نوپۇزىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ياساۋۇللار بېشى بولغان ھاجىپلار داۋاملىق ھەربىي ئاقسۆڭەكلەر گۇرۇھى (ئاساسلىقى سىمجۇر جەمەتى) بىلەن زىچ بىرلىشىپ، تۈركىيلەرنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ سىياسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىش ئىقتىدارىنى ئۈزلۈكسىز زورايتقان. بۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ۋەزىر باشچىلىقىدىكى مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ ھوقۇقى بولسا ئۈزلۈكسىز ئاجىزلىغان. ئىككى قېتىملىق زور ئېلىشىش (946 ـ يىلى ۋەزىر ئەبۇل فازىلنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى ۋە 982 ـ يىلى ۋەزىر ئۇتبىنىڭ مەخپىي ئۆلتۈرۈلۈشى) ئارقىلىق مەركىزىي ھۆكۈمەت ئاقىۋەتتە ھوقۇقىدىن ئايرىلىپ قالغان. تۈركىيلەرنىڭ سىياسىي جەھەتتىكى غەلىبىسى ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىيلىشىش ئامىللىرى ۋە تۈركىيلەرنىڭ مەركەزدىن ئېغىش يۈزلىنىشىنىڭ كۈچىيىشىنى تېزلىتىپ، سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ ھەربىي كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ، بۇيىلار ۋە قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ سامانىيلار پادىشاھلىقىنىڭ زېمىنىنى قوشۇۋېلىشىغا پايدىلىق بولغان.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)

(تەرجىمە قىلغۇچى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە)

# رېئال مۇھەببەت سىمفونىيىسى «خالىدەم» ھەققىدە

ئەلانۇر يۈسۈپ ھاجى ھەسەن

سەن چولاق بولساڭ (خالىدەم)،  
مەن توكۇر بولسام.  
ئاش ئېتەلمىسەڭ (خالىدەم)،  
ئوماچ چالمامتۇق؟

نان ياقالمىساق (خالىدەم)،  
كۆمەچ كۆممەمتۇق؟  
ئىش قىلالمىساق (خالىدەم)،  
ئورمان باقمامتۇق؟

ئاتۇشنىڭ كاتتايايلاق يېزىسىدىن تارقالغان بۇ ناخشا ئۆز دەۋرىدە مۇھەببەتنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىپ، ساداقەت، ۋاپادارلىق سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىپ، ئەر - ئايال، قېرى - ياش ھەم يىگىت - قىزلارنىڭ يۈرىكىنى تىترەتكەنىدى. مانا شۇنىڭدىن تولۇپتوغرا 40 يىل ئۆتۈپتۇ. شۇ ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ تىرىك شاھىتى بولغان خالىدەم ھېلىمۇ ھايات.

ئۇيغۇر خەلقى مۇھەببەتنى مۇقەددەس، ۋاپادارلىقنى جېنىدىن ئەزىز بىلىدۇ. ئۇيغۇر يىگىت - قىزلىرى تارىختىن بۇيان ئۆزلىرىنىڭ مەرد، باتۇر، دادىل خاراكتېرىنى جارى قىلدۇرۇپ، گۈزەللىككە، ھاياتقا بولغان گۈزەل ئارزۇ - ئىستەكلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ئاجايىپ پىداكارلىقلارنى كۆرسەتكەن، ھەتتا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قۇربان قىلغان. شۇڭا، دىيارىمىزدىن رابىيە - سەئىدىن، تاھىر - زوھرا، غېرىب - سەنەملەردەك ۋاپا ۋە ساداقەت بابىدا نەمۇنە بولۇپ، تىللاردا داستان بولغان نۇرغۇن قەھرىمان ئوغۇل - قىزلىرىمىز چاقناپ ئۆتكەن بولسا، 20 - ئەسىردە دىيارىمىزنىڭ كاتتايايلاق يېزىسىدا خالىدەم بىلەن راھمان بىر بۇرجەكتىن چىققان «قوشماق تولۇن ئاي»دەك مۇھەببەت ئاسمىنىنى يورۇتۇپ ئۆتكەن.

ئاتۇش خەلق قوشاقلىرى تېماتىك دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئىدىيىۋى ھېسسىياتىنىڭ چىنلىقى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ زىچلىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى، بەدىئىي تۈزۈلۈشىنىڭ گۈزەللىكى ۋە ئاممىبابلىقى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن ئۇيغۇر خەلق ئەدەبىياتىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇن ئىگىلەيدۇ. خەلق قوشاقلىرى كۈچلۈك ئاھاڭدارلىققا، رىتىمدارلىققا ئىگە بولغانلىقتىن، ئاتۇش خەلق قوشاقلىرىنىڭ كۆپىنچىسى ناھايىتى ئۇزۇن ئەسىرلەر مابەينىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ناخشا قىلىپ ئېيتىشى، يادلىشى نەتىجىسىدە نىسپىي مۇقىملىققا ئىگە بولغان.

ھەممىگە تونۇشلۇق بولغان «دوست خېنىم»، «ئاشناجان»، «چىمچاچاق»، «ئانام قونىخان»، «گۈلمەرەم»، «خالىدەم»، «روزىلەم» قاتارلىق قويۇق يەرلىك پۇراققا ئىگە ئاتۇش خەلق ناخشىلىرى رېئال ۋەقەلەر ئاساسىدا يارىتىلغان بولۇپ، ئاتۇش خەلقىنىڭ ئەل - يۇرت سۆيەرلىكى، مۇھەببەتكە بولغان سادىقلىقى، ئەمگەكچانلىقى، تەرەققىيپەرۋەرلىكى، يېڭىلىق يارىتىش ھەم ئىزدىنىش روھىغا ئىگە ئىكەنلىكىدىن ئىبارەت ئۆزگىچە خاراكتېرىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە.

«خالىدەم» ناملىق بۇ ناخشا 1967 - يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئاتۇشنىڭ كاتتايايلاق يېزىسىدا پەيدا بولۇپ، شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا كەڭ تارقالغان خەلق قوشىقى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئاتۇش يىگىت - قىزلىرىنىڭ بىر - بىرىگە بولغان ۋاپادارلىقى، ساداقەتمەنلىكى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈرۈلۈپلا قالماستىن، يەنە ئاتۇش خەلقىنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە پسىخىك خاراكتېرىمۇ ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. «شارائىت خاراكتېرنى يارىتىدۇ» دېگەندەك، مەلۇم بىر كىشى خاراكتېر يېتىلدۇرۇشتە شۇ كىشى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مۇھىتنىڭ تەسىرى ناھايىتى زور رول ئوينايدۇ ھەمدە ئۇ شۇ كىشىگە ئوخشىمىغان تۇيغۇ، تەسىرات، ئىلھام، پىكىر، دىتلارنى بەخش ئېتىدۇ. «پالۋانلار ماكانى» دەپ ئاتىلىدىغان كاتتايايلاقتا تۇركۇم - تۇركۇملەپ چېلىشچى - پالۋانلار مەيدانغا كېلىش بىلەن بىرگە يەنە داڭلىق قوشاقچى ۋە غەزەلچىلەرمۇ يېتىشىپ چىققان. كاتتايايلاق يېزىسىنىڭ ئىقلىمى قۇرغاق، تۇپرىقى شورلۇق، ھاۋاسى ساپ بولۇپ، بۇنداق قۇرغاق ئىقلىم، شورلۇق تۇپراق بىر تەرەپتىن ئۇلارنى چىداملىق، غەيرەتلىك ھەم باتۇر قىلىپ يېتىلدۈرگەن بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن چەكسىز كەتكەن قۇمساڭغۇ توغراقلىق (يانتاقلىق، جىگدىلىك) ئۇلارغا مەرد - مەردانە ھەم سەممىي خاراكتېر ئاتا قىلغان. ئۇنىڭدىن باشقا كاتتايايلاقلىقلارنىڭ ئۆزگىچە تۇرمۇشى ئۇلارنىڭ قوشاقلىرىغا چىن ھېسسىيات، جەلپكار تۇيغۇ ئاتا قىلغان. مەسىلەن، بىز سۆيۈپ ئاڭلايدىغان ئاتۇش خەلق ناخشىلىرىدىن «خالىدەم»، «روزىلەم» قاتارلىق ناخشىلاردا بۇ خىل ئالاھىدىلىك ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان.

خالىدەم 1950 - يىلى 10 - ئاينىڭ 27 - كۈنى كاتتايايلاق يېزىسىنىڭ چوقچا كەنتى ئوڭرىق مەھەللىسىدە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئاددىي بىر دېھقان قىزى بولۇپ، ئۆزىنىڭ شوخ مىجەز - خۇلقى، گۈزەل رۇخسارى ۋە شېرىن سۆزلۈكى بىلەن ئۆز مەھەللىسىدىكى دېھقان يىگىت راھماننىڭ مەيلىنى تارتىدۇ. راھمان ئۇنىڭغا چىن دىلىدىن ئاشىق بولىدۇ. خالىدەممۇ راھمانغا تېگىشنى ئىختىيار قىلىدۇ. ئاينىڭ يۈزىدە دېغى بولغىنىدەك، خالىدەمنىڭ سول قولى چولاق، راھماننىڭ ئوڭ پۇتى توكۇر بولسىمۇ، ئەمما جىسمانىي جەھەتتىكى بۇ خىل نۇقسان ئۇلارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىگە ھېچقانداق توسالغۇ بولالمايدۇ. خالىدەم 17 ياشلارغا كىرگەن مەزگىلدە ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ھەم مەھەللە چوڭلىرى مەسلىھەتلىشىپ، ئۇلاردىكى جىسمانىي ئاجىزلىقنى نەزەردە تۇتۇپ ۋە كېيىنكى تۇرمۇشنى ئويلاپ، خالىدەمنى مەجبۇرىي ھالدا جىسمانىي جەھەتتە راھماندىن بېجىرىم بولغان جۇمەخۇنغا ياتلىق قىلىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ تويى 1967 - يىلى قوغۇن پىشىقىدا بولىدۇ. توي كۈنى كەچتە ھېچنېمىدىن خەۋەرسىز ھالدا ئۆز قوغۇنلۇقىدا قوغۇن بېقىپ ياتقان راھمان بۇ «شۇم خەۋەر» نى ئاڭلىغاندىن كېيىن، دەرھال يېنىدىكى داپنى قولىغا ئالىدۇ -دە، «خالىدەم» قوشىقىنى ئوقۇپ، 1960 - يىللاردىكى ئوتلۇق مۇھەببەتنىڭ سىمفونىيىسىنى ياڭرىتىدۇ.

«خالىدەم» ناخشىسىدا خالىدەم بىلەن راھماننىڭ بىر مەھەللىدە ئويناپ چوڭ بولۇپ، بويىغا يەتكەندىن كېيىن، كىچىكىدىكى دوستلۇق ئوتلۇق مۇھەببەتكە ئايلىنىپ، ئالىمەن، تېگىمەن دەپ

قىلىشقان قەسىمى تىلغا ئېلىنىدۇ:

شۇنداق ئۆستۈق خالىدەم،
چوقچا دېگەن يەردە.
بىر سەن ئۇچۇن كۆيگەنتىم
ئاسمىنى كەڭ يەردە.

ئويلاپ باققىن، بىز باشتا
نېمە ـ نېمە دېيىشكەن؟
«ئالىمەن»، «تېگىمەن» دەپ (خالىدەم)
ۋەدە بېرىشكەن.

بۇناخشىدا خالىدەمنىڭ ۋاپاغا جاپا قىلىپ، ئەھدىنى بۇزۇپ ئەرگە تەگكەنلىكى كىنايىلىك ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئاچچىق ھەسرەت، ئېچىنىش ۋە سېغىنىش بىلەن تولغان ناھايىتى مۇرەككەپ ئىدىيىۋى ھېسسىيات ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ:

كاتتايايلاق ئەزالىرى
قوغۇن تېرىۋاپتۇ.

ھەرنېمە بولسا خالىدەم
ئەرگە تېگىۋاپتۇ.

يۇقىرىقى مىسرالاردىكى «ھەرنېمە بولسا» دېگەن سۆز چوڭقۇر ھەسرەت يوشۇرۇنغان كۈچلۈك كىنايە بىلەن يۇغۇرۇلغان بولۇپ، كىشىنىڭ يۈرەك ـ باغرىنى لەرزىگە سالىدۇ.

مۇھەببەت مۇقەددەس تۇيغۇ، ئۇ ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچى بىلەن نى ـ نى زەبەردەست يىگىتلەرنى يەر بىلەن يەكسان قىلىدۇ، نى ـ نى ئاجىز، ناتىۋانلارنى دۇنيانىڭ ئەڭ زور خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلىدۇ، قەلبلەرنى قەلبلەرگە باغلايدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا پادىشاھ ۋە شاھزادىلەرمۇ بەزىدە ئاجىز. مۇھەببەت بابىدا شاھ بىلەن گادايى باراۋەر. ئۇ ھۆسن گۈزەللىكنى ئېتىبارغا ئالمايدۇ. جىسمانىي كەمتۈكلۈك مۇھەببەت ھارارىتىنى سوۋۇتۇشقا قادىر بولالمايدۇ. ھەقىقىي مۇھەببەتكە ھەرقانداق كۈچ توسقۇنلۇق قىلالمايدۇ. خالىدەمنىڭ نەزىرىدە راھمان توكۇر ئەمەس، راھماننىڭ قەلب تۆرىدە خالىدەممۇ يەتتە ئەزاسى بېجىرىم، ھۆسن ـ جامالدا تەڭداشسىز بىر قىز. بۇ جەھەتتە ئۇلارغا توسقۇنلۇق قىلىدىغان ھېچقانداق كۈچ يوق. مانا بۇ خىل چوڭقۇر ھېسسىياتنى راھمان «خالىدەم» ناخشىسىدا مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

سەن چولاق بولساڭ (خالىدەم)،
مەن توكۇر بولسام،
ئاش ئېتەلمىسەڭ (خالىدەم)،
ئۇماچ چالامتۇق؟

نان ياقالمىساق (خالىدەم)،
كۆمەچ كۆممەمتۇق؟
ئىش قىلالمىساق (خالىدەم)،
ئورمان باقمامتۇق؟

مۇھەببەت قىلچە ساختىلىقنى سىغدۇرمايدىغان ئەڭ نازۇك تۇيغۇ. ئۇ شەھۋانىيلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسان يۈرىكىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئۇرغۇپ چىققان مۇقەددەس سۆيگۈ. ئۇ مۇستەھكەم ئائىلە قۇرۇپ، سۆيەتلىك بالا تۇغۇپ، ئۇلارنى ئاتا ـ ئانىسىغا، قېرىنداشلىرىغا ۋاپادار، ئەل ـ ۋەتەنىنىڭ

ئۆتىدا كۆيلەيدىغان قىلىپ تەربىيىلەش بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. «خالىدەم» قوشىقىدا راھمان بىلەن خالىدەمدىن ئىبارەت ئىككى ئاشىق ـ مەشۇقنىڭ بىجىرىم بالىلىق بولۇپ، ئۇلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، شۇ ئارقىلىق ئەلگە تۆھپە قوشۇپ، ئۆزلىرىنىڭ جىسمانىي ئاجىزلىقىدىن كېلىپ چىققان بوشلۇقنى تولدۇرۇش ئارزۇسى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن:

بىر ئوغۇل تاپساق (خالىدەم)،
شوپۇر بولماتتى؟
بىر قىزچاق تاپساق (خالىدەم)،
دوختۇر بولماتتى؟

ئۇلار ئالغان مائاشتا
بىزنى باقماتتى؟
شۇنداق بولسا ئىشىمىز،
ئەلگە ياقماتتى؟

گەرچە خالىدەم باشقىلارنىڭ يول كۆرسىتىشى بىلەن جۇمەخۇنغا ياتلىق بولغان بولسىمۇ، لېكىن راھمان ئۇنىڭدىن ئۈمىدىنى ئۈزمەيدۇ ھەم ئۇنىڭدىن نەپرەتلەنمەيدۇ، بەلكى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىلگىرى قىلىشقان ۋەدىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا بەل باغلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇمەخۇننىڭ مەھەللىسىدە داپ چېلىپ، قوشاق ئېيتىپ، ئۇ يەردىن زادىلا كەتمەيدۇ. تۆۋەندىكى مىسرالاردا راھماننىڭ ئېگىلمەس ـ سۇنماس قەتئىي ئىرادىسى، كەسكىن خاراكتېرى تېخىمۇ يارقىن نامايان بولىدۇ:

خالىدەم، ساڭا
كۆيگىنىم كۆيگەن.
باشتا سۆيگەن لەۋلىرىڭگە
سۆيگىنىم سۆيگەن.

سۇ ئامبارنىڭ سۈيىنى
بوزغا باشلايمەن.
ئاتا ـ ئاناڭ بەرمىسە،
ئېلىپ قاچارمەن.

راھمانغا باشقىلارنىڭ نەسىھەت ۋە دەشنامىلىرى زادىلا كار قىلمايدۇ. ئۇ ئەنە شۇنداق چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەت ھەم گۈزەل ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ ناخشىسىنى بىردە داپ چېلىپ، بىردە قولىقىنى تۇتۇپ ئېيتىپ، بىر ئايغىچە سەۋدايىلارچە ھەسرەت ـ پىغان چېكىدۇ. بۇ ناخشىنى ئاڭلاپ تۇرغان جۇمەخۇنمۇ ئۇنىڭ ھەسرەت ـ پىغانىغا بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. خالىدەممۇ راھماننىڭ ئۆزىگە بولغان چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن تەسىرلىنىپ، جۇمەخۇندىن ئاجرىشىپ كېتىشنى تەلەپ قىلىدۇ. جۇمەخۇنمۇ ئاخىر بۇ ئىشنىڭ خەلقئالەم ئالدىدا ئۆزى ئۈچۈن تازا ياخشى بولمىغانلىقىنى ئويلاپ، خالىدەمنى قويۇپ بېرىدۇ. 1967 ـ يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا راھمان ئۆز ۋەدىسىگە بىنائەن خالىدەمنى ئەمرىگە ئالىدۇ ھەمدە ئۇنىڭدىن ئۆزى ئارزۇ قىلغىنىدەك بەش پەرزەنتلىك بولىدۇ. گەرچە ھازىر راھماننىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگە ئون نەچچە يىل بولغان بولسىمۇ، ئەمما خالىدەم ھازىرمۇ بالا ـ چاقىلىرى بىلەن خاتىرجەم ياشىماقتا.

راھمان گەرچە جىسمانىي جەھەتتىن ئاجىز بولسىمۇ، لېكىن روھىي جەھەتتىن ساغلام، ئۆز مۇھەببىتىگە سادىق، ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، مەردانە خاراكتېرگە ئىگە، قەيسەر ئىرادىلىك يىگىت. خالىدەمنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى مېيىپ كۆرۈپ، ئۆز قىزىنى جۇمەخۇنغا بەرگەندىن كېيىنمۇ، ئۇ ئۆز نىيىتىدىن زادىلا يانمايدۇ، باشقىلارنىڭ مازاق قىلىشلىرىنى، ئەيىبلەشلىرىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيدۇ

ھەم مۇنداق قىلىشنى بىر «ئاشىق» ئورۇنداشقا تېگىشلىك ئەقەللىي تەلەپ دەپ بىلىدۇ، شۇنداقلا ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ھەقىقىي مۇھەببەتنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇتىدۇ.

بىزدە «ئېلىپ قاچقۇدەك جۇۋان بار، تاشلاپ قاچقۇدەك قىز» دەيدىغان ھېكمەتلىك سۆز بار. ئەمەلىيەتتە خالىدەم راھمان ئۈچۈن ئەنە شۇنداق ئېلىپ قاچقۇدەك جۇۋان ھېسابلىنىدۇ. يىگىتنىڭ قىز ياكى جۇۋان بىلەن توي قىلىشى ھەرگىزمۇ ئۇنىڭ ئەرلىك غورۇرى ياكى مەردانە خاراكتېرىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم ئەمەس. مۇھىمى ئۆزىگە ھەر جەھەتتىن ماس كېلىدىغان ئىشەنچلىك ھەمراھنى تاللاش. راھمان دەل مۇشۇ نۇقتىدا تۇرۇپ دەسلىپىدە جىسمانىي ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن تارتقۇزۇپ قويغان خالىدەمنى ئۇنىڭغا بولغان چىن مۇھەببىتىنىڭ تۈرتكىسىدە قوشاق توقۇپ، غەزەل ئېيتىپ يۇرۇپ قايتۇرۇۋالىدۇ. مانا بۇ جەريانلارنى ئاڭلىغان ھەرقانداق بىر ئادەم راھماننىڭ ئۆز مەشۇقىغا ئېرىشىش يولىدىكى ئىرادىسىگە، جاسارىتىگە ئاپىرىن ئوقۇيدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مۇھەببەت ھەقىقىي پىداكارلىق كۆرسەتكەندىلا ئېرىشكىلى بولىدىغان ۋاپادارلىق سوۋغىسى. بىزدە «يىگىت جاسارەتتە، قىز نازاكەتتە چىرايلىق كۆرۈنىدۇ» دەيدىغان گەپ بار. ھەقىقىي ئەرلىك جاسارەتكە تايىنىپ، قارنى ــ كۆكسىنى كەڭ تۇتۇپ، مەردانىلارچە ئىش قىلالايدىغان ئەرلەرلا ئۆزىنى ھەم ئۆزگىنى بەختلىك قىلالايدۇ.

قوشاقنىڭ باش قەھرىمانى بولغان خالىدەم گەرچە باشتا راھمان بىلەن ۋەدىلەشكەن بولسىمۇ، ئەمما جۇمەخۇن بىلەن توي قىلىدۇ. بۇنىڭدا خالىدەمنى ئەيىبلەشكە بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ قولى بېجىرىم بولمىغانلىقتىن، راھمانغا يوك بولۇپ قېلىشىدىن، ئۇنى بەختلىك قىلالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ، ئۆز بەختىنى جىسمانىي جەھەتتە بېجىرىم ئەردىن كۈتكەنلىكىنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئۇ كېيىن راھماننىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن مۇھەببەتنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىقىنى تونۇپ يېتىدۇ ۋە جۇمەخۇندىن ئاجرىشىپ، راھمانغا ياتلىق بولىدۇ.

يۇقىرىقى بايانلاردىن شۇنداق خۇلاسە چىقىرىشقا بولىدۇكى، ھەقىقىي ئەزىمەتلەرلا چىن دىلىدىن سۆيگەن يارىغا ئېرىشەلەيدۇ. ھاياتنى سۆيگەن، ئۇنىڭغا ئۈمىد ــ ئىشەنچ بىلەن باقالىغان ئادەملا مۇھەببەتنى قەدىرلىيەلەيدۇ. مۇھەببەت مەيدانىدا قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ. مۇھەببەت يىگىت ــ قىزلارنىڭ خاراكتېرىنى سىنايدىغان ئىنتايىن نازۇك تارازا. مۇھەببەتكە ساداقەت كۆرسەتلىگەن قىز ــ يىگىت ۋەتەن ــ خەلققە ساداقەت كۆرسىتەلەيدۇ. مۇھەببەتكە ساداقەتسىزلىك، ۋاپاسىزلىق قىلغان ئادەم ئەل ــ يۇرتقىمۇ ۋاپاسىزلىق، ساداقەتسىزلىك قىلىدۇ. ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ قىممەت قارىشى ئۆزگىرىپ، پۇل ــ مەنپەئەت ئالدىدا مۇھەببەت قەدىر ــ قىممىتىنى، قۇدرىتىنى يوقىتىپ قويۇۋاتىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، توكۇر راھمان بىلەن چولاق قىز خالىدەمنىڭ پاك مۇھەببىتىنىڭ يالدامىسى بولغان «خالىدەم» ناخشىسى ياشلىرىمىزدا مەرد ــ مەردانە، ساداقەتمەن خاراكتېر ۋە ئۆز يارىنى چىن دىلىدىن سۆيەلەيدىغان، ئۇنىڭغا ئاخىرغىچە ۋاپادارلىق كۆرسىتەلەيدىغان روھ يېتىلدۈرۈشتە ئاكتىپ رول ئوينايدۇ، دەپ قاراشقا بولىدۇ، ساداقەت ۋە ۋاپادارلىق سىمفونىيىسى مەڭگۈ ئۆزۈلۈپ قالمىسۇن. جىسمانىي مېيىپلىك قورقۇنچلۇق ئەمەس، قەلب مېيىپلىكى ئىنتايىن خەتەرلىك.

پايدىلانما:

ئاتۇش شەھەرلىك «ئۈچ توپلام» تەييارلاشقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى ئىشخانىسى تەرىپىدىن تۈزۈلگەن: «ئاتۇش خەلق قوشاقلىرى»، «قەشقەر گېزىتى» باسما زاۋۇتى 1991 ــ يىلى 1 ــ باسمىسى.

(ئاپتور شىنجاڭ مائارىپ ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە شۆبە ئىنستىتۇتىنىڭ لىكتورى)



# ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدىبلىرى ۋە ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتى

نەبىجان مەمەت

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەدەبىيات ـ سەنئىتى ئۇزاق تارىخقا ۋە مول مىراسلارغا ئىگە. جۈملىدىن مۇزىكا سەنئىتى ئۇيغۇرلاردا ناھايىتى ئۇزۇن تارىخقا، باي ۋە شانلىق مىراسلارغا ئىگە. ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنى ۋاراقلىغىنىمىزدا، بۇ ساھەدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرۇپ كەتكەن نۇرغۇن تالانت ئىگىلىرىنى ئۇچرىتىمىز، بولۇپمۇ بۇ ساھەدە ئەجىر سىڭدۇرگەن كلاسسىك ئەدىبلىرىمىز ئالاھىدە دىققەتكە سازاۋەردۇر.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە سەنئىتىنىڭ پېشۋاسى، بۈيۈك ئەدىب ئەبۇ نەسىر فارابىي پەلسەپە، ئەدەبىيات، تېبابەت، تىلشۇناسلىق، ماتېماتىكا، فىزىكا قاتارلىق پەنلەر بويىچە ئۆز دەۋرىنىڭ بۈيۈك ئالىمى بولۇپلا قالماي، يەنە ماھىر مۇزىكانت، مەشھۇر مۇزىكا نەزەرىيىچىسى ۋە مۇزىكا تارىخچىسى ئىدى. تارىخىي مەنبەلەردە قەيت قىلىنىشىچە، فارابىي مۇزىكا چالغاندا، ئاڭلىغۇچىلار ئاۋۋال ھاياجانلىناتتى، ئارقىدىن يىغلاپ كېتەتتى، ئەڭ ئاخىرىدا ئۆزلىرىمۇ سەزمەستىنلا ئۇخلاپ قالاتتى. فارابىي بولسا ھەممىيلەننى ئۇخلىتىپ قويۇپ، سورۇندىن كېتىپ قالاتتى. بۇنىڭدىن فارابىينىڭ مۇزىكا ئارقىلىق ئىنسان قەلبىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ كىرىپ، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل سازىنىڭ نازۇك تارلىرىنى چېكەلىگەنلىكىنى كۆرۈۋىشكە بولىدۇ. فارابىي نۇرغۇن ئېسىل مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغان ۋە ئۇنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئورۇندىغان. چالغۇ ئەسۋابلار ئىچىدە قالۇننى فارابىي كەشىپ قالغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. فارابىي مۇزىكا تارىخى ۋە نەزەرىيىسى ھەققىدە «رىسالە مۇغەننىيۇن» (مۇزىكانتلار قوللانمىسى) ناملىق كىتابنى يازغان. ئۆز كىتابىدا: «مۇزىكىنىڭ تىلسىز مۇڭلىرى ئىنسان روھىغا مەنىۋى ئوت تۇتاشتۇرغۇچى ئامىلدۇر. ئۇنىڭغا شېئىر قوشۇلسا، مۇزىكىنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ» دېگەنىدى. فارابىينىڭ بۇ سۆزىدىن مۇزىكا بىلەن شېئىرنىڭ قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋىتى بارلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن كلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى ئاتاقلىق شائىرلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز نۆۋىتىدە يەنە ماھىر مۇزىكانتلاردىن بولغانىدى.

13 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئىلى ئالمالىقتا ياشاپ ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان بۈيۈك ئالىم يۈسۈپ ئىبنى ئەبۇ بەكر سەككاكىي «مىفتاھۇل ـ ئۇلۇم» (ئىلىملەرنىڭ ئاچقۇچى) ناملىق ئەسەرنى يېزىپ ئەدەبىيات ساھەسىدە زور شۆھرەت قازانغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتىدىكى مول مېھنەت مېۋىلىرى، ئۇن ئىككى مۇقامغا قوشقان تۆھپىلىرى ۋە تەڭداشسىز

ئورۇنداش ماھارىتى بىلەن مۇزىكا ساھەسىدە داڭ چىقارغانىدى.

ئاتاقلىق شائىر مەۋلانا ئۇبەيدۇللاھ لۇتفىي (1366 — 1465) ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن شېئىرىيەتتە «مالىكۇل ـ كەلام» (تىل پادىشاھى) دەپ شۆھرەت قازانغان بولسا، ئۆزىنىڭ مۇزىكا جەھەتتىكى ئاجايىپ ئىقتىدارى ۋە ئىجادىيەت مېۋىلىرى بىلەن «مۇزىكا ئۇستازى» دېگەن نامغا ئېرىشكەن.

ئۇلۇغ مۇتەپەككۇر شائىر ئەلىشىر نەۋائىي (1441 — 1501) ئۆزىنىڭ شېئىرىي تالانتى ۋە ئىنتايىن مول ئەدەبىي مىراسلىرى بىلەن «شېئىرىي مەملىكىتىنىڭ پادىشاھى» دەپ تەرىپلەنگەن بولسا، مۇزىكا جەھەتتىكى نادىر ئىجادىيەت مىراسلىرى ۋە ئاجايىپ ئورۇنداش ماھارىتى بىلەن زور شۆھرەت قازانغان. رىۋايەتلەردە بايان قىلىنىشىچە، «ناۋا» مۇقامىنى ئەلىشىر نەۋائىي ئىجاد قىلغانىكەن. ئۇ مۇزىكانتلار ھەققىدە ئالاھىدە توختىلىپ ئۇلارغا: «سازەندىلەر شادلىق يەتكۈزگۈچى، غەمنى كەتكۈزگۈچىدۇر ...» دەپ يۇقىرى باھا بەرگەن. ئەلىشىر نەۋائىي يەنە: «سازەندىنىڭ مىجەزى مۇلايىم، ئۆزى ئەقىللىق بولسام، تاش يۈرەك ئادەمنىڭمۇ باغرىنى ئېرىتىۋېتەلەيدۇ، بولۇپمۇ ھەم ئوقۇپ، ھەم چالىدىغان ناخشىچى ۋە سازەندە كۆڭۈل مەملىكىتىگە قوزغىلاڭ سالىدۇ» دېگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا ئاتاقلىق شائىرلىرىمىزدىن قىدىرخان ياركەندىي، سۇلتان سەئىدخان، سۇلتان ئابدۇررەشىدخان، مىرزاھەيدەر ئايازىي، مەلىكە ئامانىنىساخان نەفىسىي، بابا رەھىم مەشرەب، نەۋبەتىي، موللا ئىسمەتۇللاھ ئىبنى نېئمەتۇللاھ مۆئجىزىي، موللا سابىرئاخۇن ناقىس قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ماھىر سازغا مۇزىكا ئۇستازلىرىدىن ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىدا ئوينىغان رولى زور بولغان. ئۇلار ئۆزلىرى مۇزىكا ئىجاد قىلغان، ئورۇندىغاندىن سىرت، مۇزىكا ھەققىدە مۇھىم يازما مەنبەلەرنى مىراس قالدۇرغان.

ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكا سەنئىتىنىڭ بۈيۈك يادىكارلىقى ئون ئىككى مۇقامىنىڭ بارلىققا كېلىشىدە ئۇيغۇر شائىر ـ ئەدىبلىرىنىڭ ئوينىغان رولى ناھايىتى چوڭ بولغان. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ نادىر شېئىرىيەت مىراسلىرى بىلەن مۇقام تېكىستلىرىنى بېيىتىپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزلىرىمۇ ئاجايىپ نادىر مۇقام نەغمىلىرىنى، پەشرۇلىرىنى، سەنەملىرىنى، داستانلىرىنى ۋە مەشرەبلىرىنى ئىجاد قىلىپ ياكى ئورۇنداپ، مۇقام سەنئىتىنىڭ تەرەققىياتىغا ئۆچمەس تۆھپىلەرنى قوشقان. ئۇلار مۇقام ھەققىدە، مۇزىكا ۋە مۇزىكانتلار ھەققىدە ئاجايىپ پاساھەتلىك ئوتلۇق مىسرالارنى، چوڭقۇر مۇھەببەت، يۇقىرى ئىشتىياق ۋە زوق ـ ھاياجانغا تولغان بېيىتلەرنى، شۇنداقلا يۇقىرى ئىلمىي قىممەتكە ئىگە تارىخىي ۋە نەزەرىيىۋى مەلۇماتلارنى يېزىپ قالدۇرغان.

كلاسسىك ئەدىبلىرىمىزنىڭ مۇزىكا ھەققىدە يېزىپ قالدۇرغان يازما مەلۇماتلىرى بىزنىڭ ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىنى، خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن كلاسسىكلىرىمىزنىڭ مۇزىكىغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتىنى، مۇقام سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ چوڭقۇر چۈشىنىشىمىزدە ناھايىتى زور ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ئۇيغۇر كلاسسىك مۇزىكىسىنىڭ گويا بىر جۈپ قوشكېزەكتەك تەڭ تەرەققىي قىلىپ، بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنى تولۇقلاپ، ۋە قەدىرلەپ بۈگۈنكى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز.

بۈگۈنكى ئەدەبىيات ـ سەنئەت تەرەققىياتىمىزدىمۇ ئەدەبىيات بىلەن مۇزىكا قول تۇتۇشۇپ تەڭ ئىلگىرىلىشى، بىر ـ بىرىدىن ئۆگىنىشى، بىر ـ بىرىگە مەدەت بېرىشى، بىر ـ بىرىدىن ئەقلىي كۈچ، بەدىئىي ماھارەت، مەنىۋى زوق ئېلىشى ئىنتايىن مۇھىم. ئەدىبلەر مۇزىكىنى چۈشىنىشى، ئېسىل مۇزىكا ئەسەرلىرىدىن ۋاقتى ـ ۋاقتىدا بەھرىمەن بولۇپ، ئۇلاردىن ئۆزىچە مەنىۋى ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىشى، مۇزىكانتلارمۇ شائىر ـ ئەدىبلەرنىڭ مۇنەۋۋەر ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭدىن زوق ـ ئىلھام ئېلىشى ۋە بۇنىڭ مۇزىكا ئىجادىيىتى ئۈچۈن تۈرتكە بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىشى كېرەك. كومپوزىتورلار ئۆزىنىڭ ئىجاد قىلغان مۇزىكا ئاھاڭلىرىغا مۇنەۋۋەر تېكىستلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشى، ھەرگىزمۇ خام ـ خاتالا، يېرىم ـ ياتا تېكىستلەرنى ئىشلەتمەسلىكى كېرەك. شۇنداق قىلغاندىلا، خەلقىمىز ياخشى كۆرىدىغان سەرخىل ئەسەرلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ناخشا ـ مۇزىكا سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ تېزلەتكىلى بولىدۇ. بىز كلاسسىك مىراسلىرىمىزنى يەنىمۇ چوڭقۇر قازايلى، كلاسسىكلىرىمىزدىن ئۆگىنەيلى، ھەممىمىز تەڭ كۈچ چىقىرىپ، ئەدەبىيات ـ سەنئىتىمىزنى گۈللەندۈرەيلى!

(ئاپتور خوتەن يېڭى قاشتېشى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە)



# ئۇيغۇر كلاسسىك تىياتىر- چىلىقى ۋە ئۇيغۇر ئىتوت سەنئىتى

گۈلبەھردەم قەييۇم

ئۇيغۇر خەلقى كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە سەنئەت مىراسلىرىغا باي خەلق. كلاسسىك ئەدەبىيات - سەنئەت مىراسلىرىمىز ئىچىدە تىياتىرچىلىق سەنئىتىگە دائىر بەدىئىي مىراسلىرىمىز مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. قەدىمكى ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى ۋە دىنىي ئېتىقادى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. شامان دىنى دەۋرىدىكى «پېرە ئويۇنى»، «ئوتلاپ قېقىش» قاتارلىق دىنىي تۈس ئالغان مۇراسىم ۋە پائالىيەتلەر ناخشا - مۇزىكا، ئورۇنداش سەنئىتى، ھەرخىل قونچاقلار ۋە باشقا سەنئەت ۋاسىتىلىرىنىڭ ياردىمىدە قويۇق دراماتىك كەيپىيات ئىچىدە ئېلىپ بېرىلاتتى. بۇددا دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا تارقالغاندىن كېيىن، بۇددا دىنىغا دائىر نورغۇنلىغان ئەدەبىي ئەسەرلەر، نوملار ۋە سەھنە ئەسەرلىرى ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا كەڭ ئومۇملاشتى؛ نورغۇن تىياتىرخانىلار ۋە ئورۇنداش سورۇنلىرى بارلىققا كەلدى. بۇ دەۋردە قىسقا ھەجىمدىكى سەھنە ئەسەرلىرى كۆپلەپ بارلىققا كېلىپ، سەھنىلەردە ئوينالغاندىن باشقا، بىرقەدەر زور ھەجىمدىكى كۆپ پەردىلىك دراممىلارمۇ بارلىققا كېلىپ، ئۇيغۇر سەھنىلىرىدە كەڭ كۆلەمدە ئوينالغاندى. «مايترى سىمىت» ناملىق 27 پەردىلىك دراما ئەنە شۇ دەۋردە بارلىققا كەلگەن.

ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، سەھنىلەردە تىياتىر ئورۇنداش ئىشلىرى ئەمەلدىن قالغان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا تىياتىر سەنئىتىنىڭ تەسىرى مۇھىم بىر ئىپادىلەش ۋاسىتىسى سۈپىتىدە ئىزچىل داۋام قىلغان. «قۇتادغۇ بىلىك» داستانى ئۇيغۇر خەلقى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن بارلىققا كەلگەن، دراماتىك تۈسى قويۇق بولغان بۈيۈك داستاندۇر. بۇ داستاندا تىياتىر سەنئىتىنىڭ دىيالوگ ۋە مۇنازىرە ئارقىلىق ئوبراز يارىتىش ئۇسۇلى ئۈنۈملۈك قوللىنىلىپ، ئوخشاش بولمىغان پېرسوناژلارنىڭ ئۆزىگە خاس خاراكتېرى تولۇق ئېچىپ بېرىلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا مەۋلانا لۇتفىينىڭ «گۈل ۋە نەۋرۇز»، ئەلىشىر نەۋائىينىڭ «پەرھاد ۋە شىرىن»، مۇھەممەد ئەبۇ سەلاھىيىنىڭ «گۈل ۋە بۇلبۇل»، مۇھەممەد ئەمىن خوجام قۇلى ھىرقەتنىڭ «مۇھەببەتنامە ۋە مېھنەتكام» قاتارلىق كلاسسىك داستانلاردا تىياتىرغا خاس ئامىللار ئىنتايىن قويۇق ئەكس ئەتكەن.


ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىمۇ تىياتىرچىلىق ئامىللىرى ناھايىتى كۆپ ساقلانغان. مەسىلەن، «كاسىپلار مۇنازىرىسى»، «تۆگە بىلەن ئاتنىڭ مۇنازىرىسى»، «داستىخان مەيدانىدىكى جەڭ»، «مېۋىلەر

مۇنازىرىسى» قاتارلىق ئەسەرلەردە تىياتىرغا خاس بولغان كەسكىن مۇنازىرە، دىئالوگ ۋاستىسى بىلەن ئوبراز يارىتىلغان. خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىمىزدا كەڭ ئومۇملاشقان قىسسەخانلىق، داستانچىلىق، ۋائىزلىق ۋە مەدداھلىق قاتارلىق خەلق ئەدەبىيات ـ سەنئەت كەسپلىرى تىياتىرچىلىقنىڭ كۈچلۈك ياردىمىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سەنئەت تۈرلىرى ئىدى. قىسسەخانلار، مەدداھلار، ۋائىزلار ۋە داستانچىلار ئۆز شاگىرتلىرى ۋە ياردەمچىلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن سورۇن تۈزۈپ، جەڭنامە، قىسسە ياكى داستانلارنى بىر ياقتىن سۆزلەپ، بىر ياقتىن رول ئېلىپ، ھەرىكەت بىلەن ئورۇنداپ، يۈزلىگەن، ھەتتا مىڭلىغان تاماشىبىنلارنى جەلپ قىلاتتى. «ھۆرلىقا ۋە ھەمراجان»، «يۈسۈپ ـ ئەھمەد»، «جەمشىدنامە»، «ھەمزەنامە»، «شاھنامە»، «مۇسەيىبنامە»، «رەۋزەتۇش ـ شۇھەدا»، «ئابدۇراھمان پاشا»، «سېيىت نوچى»، «ئەبەيدۇللاخان»، «يالپۇزخان»، «ھەۋزىخان»، «زىنۇدىخان» قاتارلىق قىسسە ۋە داستانلار ئۆز نۆۋىتىدە قىسسەخانلار، داستانچىلار، ۋائىزلارنىڭ رول ئېلىپ ئورۇندىشى، ناخشا ـ مۇزىكىنىڭ ياردىمى ئارقىسىدا ئۆزىنىڭ تەسىر كۈچىنى يەنىمۇ زورايتقان. داستانچىلارنىڭ قىسسە ۋە داستانلاردىن مۇھىم بۆلەكلەرنى ئۈزۈپ ئېلىپ ئاھاڭغا سېلىپ، ئۆزئارا دىئالوگ شەكلىدە رول ئېلىپ، ھەرىكەتلەرنى دوراپ كۆرسىتىپ ئورۇنداشلىرى ئۆز دەۋرىدىكى ئىتوت ۋە ئېپىزوتلارنىڭ دەل ئۆزى ئىدى.

ئىتوت سەنئىتى 1930 ـ يىللاردىكى سەنايىنەپىسىلەردە ئوينالغان بەزى قىسقا سەھنە ئەسەرلىرىدە يېڭى قىياپەت بىلەن سەھنە سەنئىتى سۈپىتىدە مەيدانغا چىققانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن، بولۇپمۇ 1980 ـ يىللاردىن كېيىن ئىتوت سەنئىتى گۈللىنىش باسقۇچىغا كىردى. ئىتوت ئۆزىنىڭ ئىخچاملىقى، ئەپچىللىكى، ھازىرجاۋابلىقى، چاققانلىقى بىلەن جەمئىيىتىمىزدىكى مەۋجۇت مەسىلىلەرنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا ئەكس ئەتتۈرۈپ، خەلقىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. جەمئىيەتتە تۇرمۇش رىتىمىنىڭ بارغانسېرى تېزلىشىشى، رادىئو، تېلېۋىزىيە سەنئىتىنىڭ ئومۇملىشىشىغا ئەگىشىپ، ئىتوتقا بولغان ئېھتىياج كۈنسېرى ئاشتى. ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئىتوتچىلىقى ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىيات ـ سەنئىتىدىكى ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى مۇنەۋۋەر تىياتىرچىلىق ئەنئەنىسى ئاساسىدا، قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ ۋە چەت ئەل ئەدەبىيات ـ سەنئىتى، جۈملىدىن تىياتىرچىلىقىنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىش ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز بېيىدى، تاكامۇللىشىشقا قاراپ يۈزلەندى. بۇ جەرياندا تىياتىر سەنئىتىمىزدە نۇرغۇن مۇنەۋۋەر ئىتوتلار ۋە ئىتوتچىلار بارلىققا كەلدى. ئاتاقلىق ئىتوت ئارتىسلىرىمىزدىن زۇنۇنقىز ئىلاخۇن، ئاپرېل سەمەت، مەتىمىن نورۇز، توختىسايىت قۇربان، مەرھۇم ھەسەن يۈسۈپ، يولۋاسخان قاتارلىقلار ئىتوت سەنئىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىغا زور تۆھپىلەرنى قوشۇپ، تاماشىبىنلارنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئېرىشتى. ياش ئىتوت ئارتىسلىرىدىن ئابدىرىشىت توختى، ئابلىز توختى، ئادىل مجىت، ئابدۇكېرىم ئابلىز، ئابلىكىم كەلكۈن، تۆمۈرخان روزى، ھوشۇر قارى قاتارلىقلارمۇ ئىز بېسىپ يېتىشىپ چىقىپ، سەھنىنى جانلاندۇردى. بۇ ساھەدە كۆزگە كۆرۈنگەن تالانت ئىگىلىرى يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغانلار بىلەنلا چەكلەنمەيدۇ. يەنە نۇرغۇن تالانتلىق ئوتتۇرا ياش ۋە ياش سەنئەتكارلىرىمىز بۇ ساھەدە جاپالىق ئەجىر سىڭدۇرمەكتە.

بىز ئۆزىمىزنىڭ كلاسسىك مىراسلىرىمىز ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى مىراسلىرىمىزدىكى تىياتىرچىلىق ئامىللىرىغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنى ۋە روھىي دۇنيايىمىزنى چوڭقۇر قېزىپ، يېڭى ـ يېڭى تىياتىر ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن مۇۋۋەر ئىتوت ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. باشقىلارنىڭكىنى شاتۇتىدەك دوراش، تەقلىد قىلىش، ئۆزلەشتۈرمە ئىتوتلارنى قوراشتۇرۇش قاتارلىقلار ئىتوتچىلىقىمىزغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بىز چوقۇم ئۆز ئەنئەنىمىز، ئۆز تۇرمۇشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ ئىجادىي تەپەككۇرىمىز ئاساسىدا ئىزدىنىپ، ئۆزىمىزگە خاس ئىجادىي ئەسەرلەرنى يارىتىشقا ئەھمىيەت بېرىشىمىز، شۇ ئارقىلىق ئۆز سەنئىتىمىزنى نامايان قىلىشىمىز، بېيىتىشىمىز ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشىمىز لازىم. بىزنىڭ خەلقىمىز، مەدەنىيىتىمىز ۋە تۇرمۇشىمىز ئىتوت سەنئىتىمىزنىڭ پۈتمەس ـ تۈگىمەس مەنبەسى.

(ئاپتور خوتەن يېڭى قاشتېشى ناخشا ـ ئۇسسۇل ئۆمىكىدە)



# ئۇيغۇر ئاياللىرى ۋە ياتلىشىش

ھۆرنىسا

ئىنسانىيەت يىراق قەدىمكى زاماندىلا ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمىنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاياللىق جىنسىنى ئۇلۇغلىغان. جۈملىدىن ئۇيغۇرلارمۇ خۇددى شۇنداق. ئۇلار يەر ۋە سۇ تەڭرىسىنى ئايال سۈپىتىدە قىياسلاپ، «ئوماي ئانا»، «ئوماي تەڭرى» دەپ ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلغان. ئانىلىق ئۇرۇقداشلىق تۈزۈمى يىمىرىلگەندىن كېيىن، ئاياللارنىڭ ئورنى ۋە رولىدا ئۆزگىرىش بولدى. ئاياللار ئەسلىدىكى بىۋاسىتە ھۆكۈمران بولۇشتىن ھۆكۈمدارلىق ۋە تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالدى. ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتى ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى گارمونىك مۇناسىۋەت ئاساسىدا تەبىئىي بارلىققا كەلگەن بولۇپ، جەمئىيەتنىڭ ساغلام ھەم نورمال تەرەققىياتىغا پايدىلىق ئىدى. ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ خىل ئىش تەقسىماتى تېخىمۇ گەۋدىلىنىپ تۈزۈملەشتى. گەرچە ھەر ئىككى جىنسقا قاتتىق تەلەپ، ئىنتىزام ۋە ئۆلچەم بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئەمما يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىكى مۇۋازىنەتلىك ھالەت فېئودال مۇتەئەسسىپ كۈچلەر تەرىپىدىن بۇزۇلۇپ، ئاياللارنى پەس كۆرۈش، ئۇلارنى خارلاش، ئۇلارغا نىكاھ ئەركىنلىكى بەرمەسلىك، ئائىلىدە قىلچە ئورۇن ۋە ھوقۇققا ئىگە قىلماسلىق قاتارلىق ھالەتلەر يۈز بەردى ۋە تەرەققىي قىلدى. ئاياللارنىڭ تەربىيىلىنىشىگە سەل قارالغاچقا، ئۇلار دائىم دېگۈدەك ئەرلەر دۇنياسى تەرىپىدىن كەمسىتىلىپ، سەلبىي ھالەتتە تونۇلدى. ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا ئۇيغۇر ئاياللىرى تارىخنىڭ شىددەتلىك بوران - چاپقۇنلىرى، ئادالەتسىزلىك، خورلۇق، كەمسىتىلىش ئازابىنى يەتكۈچە تارتقان بولسىمۇ، يەنىلا تالاي قۇربان بېرىشلەر بەدىلىگە تارىخىي تەرەققىياتقا ئۆزلىرىنىڭ تېگىشلىك ھەسسىسىنى قوشۇپ كەلدى. تارىخ سەھنىسىنىڭ پەردە ئارقىسىدا ئۇلارنىڭ سەممىي بەخشلىرى ۋە ئازابلىق بەدەللىرىنى كۆرۈش مۇمكىن. ئاياللارغا بولغان بىر تەرەپلىمە قاراش ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي پاجىئەسىنى بارلىققا كەلتۈردى.

ئازادلىقتىن كېيىن، ھۆكۈمەت ئاياللار ئازادلىق مەسىلىسىنى تۈزۈم جەھەتتىن ھەل قىلىش

ئۇچۇن كۆچ چىقاردى، ئۇلارنى ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىشقا دەۋەت قىلدى ۋە رىغبەتلەندۈردى. ئاياللار ئازادلىقى مەسىلىلىرى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىندى. نەتىجىدە ئاياللارمۇ جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئاشكارا ئارىلىشالايدىغان بولدى. ئاياللار ئەرلەر بىلەن تەڭ ئەمگەك قىلىپ ئىقتىسادىي جەھەتتە مۇستەقىل بولۇش ھالەتلىرى قىسمەن شەكىللەندى.

ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى، ئىقتىسادىي جەھەتتە نىسپىي مۇستەقىل بولۇشى، بىلىم ئېلىش، ئەمگەك قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى گەرچە كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ئەھۋال بولسىمۇ، ۋەھالەنكى ئۇزاق يىللىق تارىخىي جەرياندىكى زۇلۇم، نامراتلىق، خورلۇق، كەمسىتىلىش ۋە مەرىپەتسىزلىك نەتىجىسىدە ئاياللىرىمىزدا جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئۆزگىرىشكە نىسبەتەن سوغۇق قانلىق، تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان ئىممۇنىتېت كۈچى شەكىللەنمىگەنىدى، بۈگۈنكى ئىشخانىلاشقان ۋە تاۋارلاشقان ئىجتىمائىي قورۇلما ئىچىدىكى سانسىز ئاياللىرىمىز بۇنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. گەرچە بىرقىسىم ئاياللىرىمىز ئۆز قەدرىيەتلىرىنى تەمكىنلىك بىلەن ساقلاپ قېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ تېرەن گۈزەللىكىنى ساقلىيالىغان بولسىمۇ، يەنە بىرقىسىم ئاياللىرىمىز بۈگۈنكى زامانىۋىلاشقان، ئېچىۋېتىلگەن دۇنيانىڭ جەلپكارلىقى ئالدىدا ئېچىرقاپ كەتكەندەك ئۆزلىرىنى يوقىتىپ، ساياقلىقنى نامايان قىلىپ قويدى، ئەپسۇسكى، ئاياللىرىمىزدىكى ساياقلىق كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ساياقلىقىنى ئۆز تەرەققىياتى قىلىدۇ.

ئۆزىنى يوقىتىش ئاياللارنىڭ ئۆز مىللىتى، ئۆز مەدەنىيىتى، ئۆز ئېتنوگرافىيىسىگە خاس ئىزچىللىقتىن ياتلىشىش، چەتنەش بىلەن خاراكتېرلەندى. ئاياللار گەرچە جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتە مۇستەقىل بولغاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئاياللارنىڭ روھىي مەھكۇملۇقى ۋە كېلەچەكتىكى يېڭىچە ئىجتىمائىي پاجىئەسىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ پاجىئەنىڭ ئالدىنى ئېلىش يەنىلا ئاياللارغا، يەنى ئانىلارغا باغلىق.

ئۇيغۇر مىللىي پىسخىكىسىدا ھايا — ئاياللىق غۇرۇرنىڭ قورغىنى ھېسابلىنىدۇ. بىر ئايالنىڭ گۈزەللىكىگە باھا بېرىشتە، ئۇنىڭ سىرتقى رەڭ ـ تۈسلىرى ئاساس قىلىنىپلا قالماي، مۇھىمى ئەپەت ـ ھاياسى ئۆلچەم قىلىنىدۇ. ھايانىڭ مەنىسى — ئۆزىنى نامۇناسىپ سۆز ـ ھەرىكەتلەردىن چەكلەش ۋە تارتىش بولۇپ، بىر ئايالنىڭ ھايالىق ـ ھايالىق ئەمەسلىكى ئۇنىڭ كىيىنىش، تارىنىش، تىل ئىشلىتىش، تۇرمۇش قائىدە ـ يوسۇنلىرىغا رىئايە قىلىش، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلىش قاتارلىقلاردا ئىپادىلىنىدۇ.

ئەمما. جەمئىيەت ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە بىزنىڭ تارىختىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ھايا ـ نومۇس قارىشىمىز يات مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدە يىمىرىلىشكە قاراپ يۈزلەندى. ئېچىۋېتىلگەن، تېخىمۇ ئەركىن بولغان ۋە ھاياتىي كۈچكە تولغان يېڭىچە بىر دۇنيا بىر قىسىم ئاياللىرىمىزنى تېز ۋە كۈچلۈك جەلپ قىلدى، بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مىللىي ئەنئەنىسى ۋە ئەدەپ ـ ئەخلاقىنى ئۇنتۇپ، ئاشۇ رەڭۋاز دۇنياغا قېتىلىپ كەتتى. بۇ ئالدى بىلەن ئاياللىرىمىزنىڭ كىيىنىشى، ياسىنىشى جەھەتتە ئەكس ئەتتى. كىيىنىشمۇ بىر خىل تىل. ئۇ ئۆز ئىگىسىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ. كىيىنىش جەھەتتە ئاياللارنىڭ ئىچكى ۋە تاشقى بېزەكلىرى بارغانسېرى ئاشكارىلىنىشقا باشلىدى. كىيىنىشتىكى «ئاشكارىلىق» دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى ـ تۆۋەنلىكى مەلۇم جەھەتتىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر

ئايالنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنىڭ يۇقىرى - تۆۋەنلىكى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالدى ۋە ئۇنى ئىپادىلەپ بەردى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، قىز - ئاياللىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى كېيىنىش جەھەتتە قانچىلىك ئېچىۋېتىلگەنلىكى ۋە «زامانىۋىلاشقان» لىقى بىلەنمۇ ئىپادىلەشكە تىرىشتى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىچكى - تاشقى بېزەكلىرىنى ئىختىيارسىز تاۋارغا ئايلاندۇرۇپ، قانداقتۇر مەنپەئەت تەمەسىنى قانائەتلەندۇرۇشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋالدى، ۋۇجۇدى سىرتقى دۇنياغا قارىتا قانداقتۇر بىر خىل تەشەببۇسكارلىقنى نامايان قىلىپ تۇرىدىغان بولدى. شۇنىڭغا ماس ھالدا ئاياللارنىڭ بارلىق جەلپكار ئەزالىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى پەرھىزلىرىگە تۈپتىن قارىمۇ قارشى ھالدا تاۋار ئېلانىغا ئايلاندى.

ئالىم ۋە ئەدىب ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر ئۇيغۇر قىزلىرىنىڭ قاپقارا چېچى ۋە قېشىنى مەدھىيىلەپ: «شەرق گۈزىلىنىڭ قېشىمۇ قارا، چېچىمۇ قارا» دەپ يازغانىدى. ئەپسۇس، بۈگۈنكى كۈندە ئاشۇ سۇمبۇل چاچلاردىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ، ھەتتا قاپقارا چاچلاردىنمۇ سۆز ئېچىشتا قورۇنماي تۇرالمايمىز، شەھەر كوچىلىرىدا كېتىۋاتقىنىڭىزدا، ئالدىڭىزغا يولۇققان سىز بىلەن تۇركۈمداش مەلۇم ئايالنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆز تۇركۈمىگە تەۋە ھېچقانداق تەبىئىي بېزەك ياكى تەبىئىي بەلگىلەرنى ئىزدەپ تاپالماسلىقىڭىز، ھەتتا ئۇنىڭ ئەسلىي جامالىنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەسلىكىڭىز مۇمكىن. كېيىنكى ئېيتىشقا بولىدۇكى، بەزى خوتۇن قىزلىرىمىزدىن ئىچىملىك ئىچمىگۈچە «ھايا قىزىللىقى» نى كۆرەلمەيمىز. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تەبىئىيلىك، مىللىيلىك — «تومپايلىق»، «نامراتلىق»، «مەدەنىيەتسىزلىك»، «تەربىيە كۆرمىگەن» لىكنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالدى.

مەيلى زامانىۋىلىشىش قايسى دەرىجىگە يەتمىسۇن، ئەر - ئاياللارنىڭ سىرتقى بېزىنىشلىرىدە ھامان پەرق بولىدۇ. ئەمما، شۇنداق قىز - ئاياللارنى ئۇلۇقتۇرىسىزكى، ئۇلارنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلالماي، تېڭىرقاپ قالىسىز. ئالىم ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەتئىمىن بۇ خىل ھالەتنى «بىز بارا - بارا شەرقنى، ئۆز مەدەنىيەت تىپىمىزنى، ئۆز يىلتىزىمىزنى ئۇنتۇپ، غەربنىڭ شەرقتىكى قوشۇمچىسىغا ئوخشاپراق قالدۇق» دېگەن.

ھەربىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە خاس ئەخلاق ئەنئەنىسى، مەدەنىيەت ئەنئەنىسى جىنس قارىشى بولىدۇ. ئەنئەنە — مەلۇم بىر ئىجتىمائىي كوللېكتىپنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەندۈرگەن ھەرقايسى جەھەتلەردىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، شۇ كوللېكتىپنىڭ پۈتكۈل ھاياتىي پائالىيىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ. «ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت بىر مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقى قىممىتىنىڭ مەنىۋى ئۇلى، مىللەتنىڭ ئەۋزەل رىقابەت ئىقتىدارىنىڭ ھاياتىي بۇلىقى، دۇنيا مىللەتلىرى ۋە مەدەنىيەتلىرى ئارىسىدا ئۆزىگە خاس قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشىنىڭ ئاساسى» (ئا، مۇھەممەتئىمىن). ئەنئەنە يوقالغان جايدا ئۆزلۈك ئىگە بولمايدۇ، ئۆزلۈك ئىگە بولمىغان مىللەت ھامان تارىخ سەھنىسىدە پۇت تىرەپ تۇرالمايدۇ. ئۆزلۈك بىزنىڭ مەۋجۇتلۇقىمىزنىڭ ئاساسىدۇر.

بىر مىللەتنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىمۇ ئۇنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ، شۇ مىللەتنىڭ تارىخى، گۈزەللىك قارىشى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى قاتارلىقلاردىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئۇزاق تارىخقا ئىگە بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا ئىپادىلەنگەن زىننەتۋازلىق ئۇيغۇرلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىش ۋە ئۇنى سۆيۈشتەك خاراكتېرىنى ئىپادىلەپ بېرىدۇ. تارىخىي خاتىرىلەرنى ۋاراقلايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە كۆرسەتكەن تەسىرىگە دائىر پاكىتلارنى ئۇچرىتىمىز.

ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم - كېچەك مەدەنىيىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەخلاقىي پەرھىزلىرى ۋە ئىنتىزامىنى چىقىش قىلغان بولۇپ، شەرق دۇنياسىغا خاس يوشۇرۇن گۈزەللىكنى نامايان قىلىدۇ. ئۇ پەقەت بېزەكلىك رولىنى ئويناپلا قالماي، جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىن چىركىنلىشىشىنى مەلۇم دەرىجىدە توسۇش رولىنى ئوينايدۇ. لېكىن، بۈگۈنكى كۈندە خوتۇن - قىزلىرىمىز ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىگە خىلاپ ھالدا ئۆز بەدىنىنى تاشقى دۇنياغا تولۇق نامايان قىلىپ بېرىدىغان كىيىم - كېچەكلەرنى كىيىشكە يۈزلەندى. ھازىر جەمئىيەتكە قارايدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىرىدە نامايان قىلىش «چەكلەنگەن رايون» ھېسابلىنىدىغان جايلىرىنى كۆز - كۆز قىلىپ كېتىۋاتقان خوتۇن قىزلارنى قەدەمدە بىر ئۇچرىتىمىز. بۇ بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، ئەنئەنىۋى ئەدەپ - ئەخلاق قارىشىمىزنىڭ يىمىرىلىۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە ئائىلە، جىنسىيەت ھەم ئىككى جىنس ئوتتۇرىسىدىكى ئىش تەقسىماتى مىللىتىمىزنىڭ رېئال تۇرمۇشى، مىللىي ئەخلاقىي قارىشى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن. ئەمما، زامانىۋىلىشىش قەدىمىنىڭ ھادىسۋى ئىپادىلىرىگە مەستانە بولغان ئاياللىرىمىزدا ئەنئەنە زامانىۋىلىقنى چەكلەۋاتقاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى - دە، ئۇلار ئەنئەنىنى بۈگۈنكى دەۋر ئېقىمىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، دەپ قاراشتى. كۈندىلىك تۇرمۇش ئۇسۇلى ۋە شەكلىمۇ ئەنئەنىدىن يىراقلاشتى. ئەنئەنىدىن يىراقلاشقان بۇ خىل ئەركىن ھالەت بىزنى خۇشال قىلمايلا قالماي، نۇرغۇن مەسىلىلەرگە ئۇچراتتى. ئاياللار «تەرەققىيات» ئارقىلىق ئەرلەرنىڭ ئىسكەنجىسىدىن ئاجراشقا تىرىشقانسېرى، «تاۋار»غا ئايلىنىشتەك پاجىئە ئۇلارنى كۈتۈۋالدى. شۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدا قاتمال ۋەزىيەت شەكىللەندى، ھەتتا نۇرغۇن ئائىلىلەر ۋەيران بولۇپ، كۆپلىگەن باللار ئاتا - ئانىسى ھايات يېتىمگە ئايلىنىپ، ھاياتىدا بەھرلىنىشكە تېگىشلىك ئاتا - ئانا مېھرىدىن مەھرۇم قالدى.

ئەنئەنە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۆز مەنىسىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىدۇ. ئۇ ئۆزگەرمەس، قاتمال نەرسە بولماستىن، بەلكى باشقا ئىلغار مەدەنىيەتلەر ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ رېئاللىقىدىن ئۆزىگە پايدىلىق ئوزۇقلارنى ئالىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆز - ئۆزىنى كۈچەيتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ئەمما، «مۇنداق راۋاجلاندۇرۇش يەنىلا ئۆز مەدەنىيىتىنى ئۇنىڭ يادروسى، تۈزۈلمىسى ۋە تىپى بويىچە راۋاجلاندۇرۇشنى مەقسەت ۋە ئۆلچەم قىلىشى كېرەك» (ئا، مۇھەممەتئىمىن).

ئاياللارنىڭ ئەنئەنىدىن ياتلىشىشى مىللەتنىڭ ھەربىر ئەزاسىنىڭ دىققەت - ئېتىبارىنى قوزغىشى كېرەك. چۈنكى، «مىللەتنىڭ كېلەچىكى ئانىلارنىڭ قولىدا.» (بالزاك). ئاياللار — ئانىلاردۇر. ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتە بالا بىلەن ئانىنىڭ مۇناسىۋىتى باشتىن - ئاخىر ناھايىتى يېقىن بولىدۇ. ئانىنىڭ ھەرىكىتى، كۆزقارىشى، تۇرمۇش ئۇسۇلى، بالىغا نىسبەتەن ئەڭ ئۈنۈملۈك دەرسلىكتۇر. بالا دەسلەپكى، شۇنداقلا ھەل قىلغۇچ تەربىيىنى ئائىلىدىن ئالىدۇ. ئانىنىڭ پائالىيەتلىرىدىكى نۇقسانلار رۇسلانماي تۇرۇپ بالىنىڭ كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكىلى بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ مەسىلىگە ئاياللارلا ئەمەس، پۈتكۈل جەمئىيەت جىددىي كۆڭۈل بۆلۈشى، بۇ جەھەتتە ئاياللارغا ياردەم بېرىشى ۋە ئۇلارنى يېتەكلىشى كېرەك.

شۇنىمۇ تەكىتلەپ ئۆتۈش كېرەككى، قىز - ئاياللىرىمىزدىكى ئائىلە قارشىمۇ بوھرانغا دۇچ كەلدى. قىزلار ئانا بولۇشنى خالىماسلىق، ئانىلار بولسا تۇترۇقسىز سەۋەبلەرنى كۆرسىتىپ بالىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىك، مەكتەپ تەربىيىسىدىن زور ئۈمىد كۈتۈش ۋە تەربىيە مەسئۇلىيىتىنى مەكتەپكە ئىتتىرىش قاتارلىق ئەھۋاللار بۇنىڭ دەلىلى. نۆۋەتتە ئاياللارنىڭ ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن ئادا قىلىشى جەمئىيەت تەقەززا بولۇۋاتقان مۇھىم مەسىلىدۇر.



# رىۋايەتلەر

توپلاپ رەتلىگۈچى: نىياز كېرىمى

## تۇرپان كارىزلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدا رىۋايەتلەر

كارىزنىڭ پەيدا بولۇشى توغرىسىدىكى يازما ماتېرىياللار يوق. ئەمما، تۇرپان دېھقانلىرى ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ زامانىمىزغىچە يېتىپ كەلگەن مۇنداق ئۈچ خىل رىۋايەت بار:

بىرىنچى خىل رىۋايەت: قەدىمكى زاماندا چىگە بۇلاق ئەتراپىدا تاشئاخۇن ئىسىملىك بىر چارۋىچى بوۋاي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ توققۇز ئوغلى بار ئىكەن. تاشئاخۇن ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ نەۋرە - چاقىلىق بولۇپ، جان سانى ئەللىككە يېتىپتۇ. بوۋاي بىر كۈنى بالىلىرىنى يىغىپ، ئۇلارغا: «سىلەر ئەمدى چوڭ بولدۇڭلار. مەندىن كېيىن قالساڭلار، بۇ كىچىككىنە بۇلاق سۈيى تىرىكچىلىك قىلىشىڭلارغا يەتمەيدۇ. شۇڭا باشقا جايدىن سۇ تېپىشىڭلار كېرەك» دەپتۇ - دە، ئۇزۇق - تۈلۈك تەييارلاپ، توققۇز ئوغلىنى توققۇز تەرەپكە يولغا ساپتۇ. سەككىز ئوغۇل مەڭگۈ بۇلاق (مۇنكە بۇلاق)، چىگە بۇلاق، پاقا بۇلاق، توشقان بۇلاق، تاللىق بۇلاق، توغراق بۇلاق، سىڭگىم بۇلاق، يىلان بۇلاق دېگەن بۇلاقلار ئەتراپىغا ماكانلىشىپتۇ. ئەڭ كىچىك ئوغۇل بولسا، ماڭا - ماڭا تاغ باغرىدىكى ئوت - چۆپلەر، يۇلغۇن، سۆگەت قاتارلىق دەرەخلەر بىلەن قاپلانغان ياپيېشىل بىر جايغا كېلىپ قاپتۇ. قارىسا بۇ يەردە چوكىدەك سۇ سىرغىپ ئېقىۋاتقان، ئەتراپىدا نەم ئۆرلەپ تۇرغۇدەك. يىگىت سۇ كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپتۇ. قارىسا بىر تۈپ قومۇشنىڭ ئاستىدىن سۇ چىقىۋاتقانىكەن. ئۇ: «مۇشۇ جاي بولىدىكەن، سۈيى ۋە يېتەرلىك ئوت - چۆپى بار ئىكەن» دەپ قايتىپ كېلىپ، ئەھۋالنى ئاتىسىغا مەلۇم قىپتۇ. ئاتىسى ئوغۇللىرىنى باشلاپ كېلىپ قارىسا، دېگەندەك ياخشى جاي ئىكەن. ئۇ سۇ چىقىۋاتقان يەرگە كېلىپ بالىلىرىغا: «بۇ سۇ چىقىۋاتقان يەرنى ئىچكىرىلەپ كولاڭلار» دەپ تاغنىڭ ئىچىگە قاراپ ئىككى - ئۈچ كۈن كولاتقۇزۇپتىكەن، سۇ بارغانسېرى ئۇلغىيىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن سۇنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كۆل چېپىپ، سۇنى كۆلگە باشلاپتۇ. كۆل ھەر كۈنى بىر قېتىم توشىدىكەن. شۇنداق قىلىپ كەنجى ئوغۇل مۇشۇ جايغا ماكانلىشىپتۇ. ئاتىسى: «بالام، بۇ بۇلاقنى تاغنىڭ ئىچكىرىسىگە قاراپ چاپقانسېرى سۈيى ئۇلۇغلاپ بارىدۇ، شۇڭا ھەر كۈنى ئاز - ئازدىن چېپىشنى داۋاملاشتۇر» دەپ تاپىلاپتۇ. كەنجى ئوغۇل شۇنىڭدىن باشلاپ كۈندىلىك ئىشلىرىنى تۈگەتكەندىن كېيىنلا، تاغنىڭ ئىچى تەرىپىگە قاراپ ئېرىق چېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئايلار ۋە يىللار ئۆتۈپ ئېرىق بارا - بارا چوڭقۇرلاپ تىلىمغا ئايلىنىپتۇ. تىلىمدىن تەشمىگە ئايلىنىپتۇ. تەشمە ئۇزارغانسېرى لاي چىقىرىش ۋە نەپەسلىنىش قىيىنلىشىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۈستىدىن قۇدۇق قېزىپ چۇشۇپ، لاينى شۇ قۇدۇقتىن تارتىپ چىقىرىدىغان بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ قىسقا تەشمىلىك بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بوپتۇ. كېيىن بۇ ئۇسۇل

باشقا جايلارغىمۇ تارقىلىپتۇ.
ئىككىنچى رىۋايەت: قەدىمكى زاماندا بىر پادىچى بالا ئايدىڭكۆل ياقىسىدىكى بىر ئوتلاقتا مال باقىدىكەن. بىر كۈنى ئۇ چىڭقى چۈشتە مال بېقىۋېتىپ بەك ئۇسساپ كېتىپتۇ ـ دە، سۇ چىقىپ قالارمىكىن دېگەن ئۈمىد بىلەن نەم ئۆرلەپ تۇرغان يەرگە تاياقنى غولاچتىن ئۇشۇقراق پاتۇرۇپ، سۇغۇرۇپ ئېلىپ قارىسا، ئۇچىغا لاي يېپىشىپ چىقىپتۇ. پادىچى بالا: «كولىسام سۇ چىقىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلاپ ئەتىسى كەتمەن ئەكېلىپ قارىسا تاياق سانجىلغان تۆشۈككە سۇ يىغىلىپ قاپتۇ. ئۇ ئىچ ـ ئىچىدىن خۇشال بولۇپ، بۇ يەرگە بىر كۆل كولاپتۇ. ئەتىسى كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، بۇ كۆلنىڭ يېرىمىغىچە سۇ يىغىلىپ قاپتۇ. پادىچى بالا بۇ ئەھۋالنى ئاتىسىغا ئېيتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ئائىلىلىك ئادەم كېلىپ، سۇ چىققان يەرنى چوڭقۇرلاپ چاپقانىكەن، كەتمەن سېپىدەك سۇ چىقىپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئىلھاملانغان دېھقان باشقا قاراپ چېپىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. ئېرىق بارا ـ بارا چوڭقۇرلاپ، قازىدىغان توپا مىقدارى كۆپەيگەندىن كېيىن، ئېرىق قېزىشتىن تەشمە قېزىشقا ئۆتۈپتۇ. تەشمە تېشىلىپ مەلۇم جايغا بارغاندا، لاي چىقىرىش، ھاۋا ئۆتۈشۈش مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، ئۈستىدىن قۇدۇق قېزىپ چۈشۈپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر قۇدۇقلۇق ئىپتىدائىي كارىز پەيدا بولغانىكەن. كېيىنچە بۇ كارىز باشقا قارىتا ئۇزارتىلىپ قۇدۇق سانى تەدرىجىي كۆپىيىپ، نۇرغۇن قۇدۇقلۇق كارىزغا ئايلانغانمىش.
ئۈچىنچى رىۋايەت: تۇردىئاخۇن ئىسىملىك بىر ئوۋچى ئايغىر بۇلاق تېغىغا شىكارغا چىققاندا، كەچ قېلىپ دالىدا يېتىپ قاپتۇ. كېچىسى قۇلىقىنى يەرگە يېقىپ ياتسا، يەر ئاستىدىن سۇنىڭ شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. يەر ئاستىدا ئېقىن سۇ بار ئوخشايدۇ، دېگەن خىيالغا كەلگەن تۇردىئاخۇن ئەتىسى بالىلىرىنى ئۆزى قونغان جايغا باشلاپ كېلىپ، ئۇ يەرنى نەچچە غولاچ قازغانىكەن، سۇ چىقىپتۇ. ئاندىن قۇدۇق سۈيىنى تەشمە ئارقىلىق ئېقىتىپ يەر يۈزىگە ئېلىپ چىقىپتۇ. توقسۇندىكى ساي كارىز مانا مۇشۇنداق پەيدا بولغانمىش.

## سىڭگىم توغرىسىدا رىۋايەت

. سىڭگىم تۇرپاندىكى بىر يېزىنىڭ نامى بولۇپ، بۇ نام توغرىسىدا يەرلىك كىشىلەر ئارىسىدا ئەۋلادتىن ئەۋلادقا داۋاملىشىپ بىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار:
قەدىمكى زاماندا «يالغۇز ئوغۇل» دەپ ئاتالغان بىر باھادىر بولۇپ، قارايۇز ئېقىنى (تەڭرىتاغنىڭ بىرقىسمى بولغان چالقان تېغىدىن چىقىدىغان ئېقىنلارنىڭ بىرى) نىڭ سۈيىنى لۈكچۈنگە (لۈكچۈن ئەينى چاغدا تۇرپان رايونىنىڭ مەمۇرىي مەركىزى ئىدى، ھازىر پىچاننىڭ بىر بازىرى) باشلاپ بېرىش ئۈچۈن ئۇنىڭ باش قىسمىدىن لۈكچۈنگە قاراپ ئۆستەڭ چېپىپ ماڭغانىكەن. ئۇنىڭ كەتمىنى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئېغىرلىقى يەتتە پاتمان كېلىدىكەن. ئۇ ئىشلىگەندە، كىيىم ـ كېچىكىنى سېلىۋېتىپ، يالىڭاچ ئىشلەيدىكەن. قورسىقىغا كۈندە بىر تاغار نان يەيدىكەن. ئانىسى ھەر كۈنى بىر تاغار ناننى تۆگىگە ئارتىپ ئەكېلىپ بېرىدىكەن. تۆگىنىڭ بوينىغا قوڭغۇراق ئېسىلغان بولۇپ، ئۇ ئانىسىغا قوڭغۇراقنى تۆگىنىڭ بوينىدىن ئاجراتماسلىقنى تاپىلاپ تۇرىدىكەن. ئانىسى يېقىنلاپ كەلگەندە، قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال كىيىم ـ كېچەكلىرىنى كىيىۋالىدىكەن. ئەھۋال مۇشۇ تەرىقىدە بىرنەچچە يىل داۋاملىشىپ، ئۆستەڭ پۈتەي دېگەن بىر كۈنى ئانىسى «بالام نېمە ئۈچۈن قوڭغۇراقنى تۆگىنىڭ بوينىدىن ئاجراتما دەيدىغاندۇ؟ بۇنىڭدا بىر سىر بولۇشى مۇمكىن» دەپ ئويلاپ، تۆگىنىڭ بوينىدىن قوڭغۇراقنى ئېلىۋېتىپ تۇيدۇرماي كېلىپ قارىسا، بالىسى قىپيالىڭاچ ھالەتتە ئىشلەۋاتقانىكەن. ئانىسىدىن قاتتىق ئۇيالغان ئوغۇل: «ئۆزۈڭگىمۇ قىلدىڭ، ماڭىمۇ قىلدىڭ» دەپ ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ، باشقا يۇرتقا كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ ئۆستەڭگە كېپشبەگ (لۈكچۈننىڭ بېگى) نۇرغۇن

هاشار توپلاپ سۇ باشلاپتۇ. سۇ هازىرقى سىڭگىمنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە، شېغىل قەۋەتتى قېلىن بولغاچقا، يەر ئاستىغا سىڭىپ كېتىپ، ئاياغ تەرەپكە ئۆتمەپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «سىڭگەن» دەپ ئاتىلىپتۇ. كېيىن بۇ نام ئۆزگىرىپ سىڭگىم بولۇپ قالغانىكەن.

## ئامانشا توغرىسىدا رىۋايەت

ئامانشا پىچان ناھىيىسىدىكى بىر قەدىمكى يۇرت نامى بولۇپ، ئەسلىي «ئامان شەھەر» دەپ ئاتىلاتتى. بۇ ھەقتە مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

ھازىرقى لۈكچۈننىڭ ئەسلىي ئورنى لۈكچۈننىڭ جەنۇبىدىكى قۇم تاغنىڭ ئورنىدا ئىكەن. بۇ يۇرتتا بالا ئوقۇتىدىغان تالىپ ئاخۇن ئىسىملىك تەقۋادار بىر ئۆلىما بار ئىكەن. ئۇ بىر كېچىسى چۈشىدە ھاۋا تۇتۇلۇپ، ئاسماندىن قارا بۇلۇتلار چۈشۈپ ئەتراپىنى قاپلاپ كەتكەنلىكىنى، ئارقىدىنلا قۇم يېغىپ، پۈتۈن يۇرت قۇم ئاستىدا قالغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. بۇ چۈش يۇرتنى قۇم بېسىپ كېتىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتى ئىكەن. ئۆلىما ئەتىسى كۆرگەن چۈشىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ، ئۇلارنىڭ بۇ جايدىن تېزرەك كېتىشىنى تەلەپ قىپتۇ. كىشىلەر كېتىشكە ئۇنىماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى تۇساتتىن بوران چىقىپ، قۇم يېغىشقا باشلاپتۇ. ئۆلىما دەرھال ئۆزىنىڭ ئىككى يۈزگە يېقىن تالىپىنى بىر يەرگە يىغىپ، ئۇلارغا: «ئېگىزرەك بىر يەرگە تۇۋرۇك قاداپ، قۇم توختىغۇچە شۇ تۇۋرۇكنى توختىماي ئايلىنىڭلار، بولمىسا قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالىسىلەر» دەپتۇ. تالىپلار ئۇستازىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە تۇۋرۇك قاداپ، ئۇنى توختىماي ئايلىنىشقا باشلاپتۇ. كەچ كىرىپتۇ، قۇم ھېچ توختايدىغاندەك ئەمەس. تالىپلار ھەرقانچە ھېرىپ كەتسىمۇ، چىشىنى ـ چىشىغا چىشلەپ تۇۋرۇكنى ئايلىنىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ. قۇم ئاخىر ئەتىسى قۇياش كۆتۈرۈلگەندە توختاپتۇ. ئۇلار قارىسا پۈتۈن شەھەر قارا قۇمغا كۆمۈلۈپ، پەقەت ئۆزلىرى تۇرغان كىچىككىنە يەرلا ئامان قاپتۇ. ئەتراپتىكى ئۆي ـ جايلارنىمۇ قۇم بېسىپ كېتىپتۇ. ئۆلىما ئۆز شاگىرتلىرى بىلەن مۇشۇ جايغا ماكانلىشىپتۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ بۇ جاي «ئامان شەھەر» (ئاپەتتىن ئامان قالغان شەھەر) دەپ ئاتالغانىكەن. كېيىنچە ئۆزگىرىپ «ئامانشا» بولۇپ قاپتۇ.

## ئات باغلاش غوجام توغرىسىدىكى رىۋايەتلەر

«ئات باغلاش غوجام» چوققىسى ئاستانە قەدىمىي شەھىرىنىڭ 11 كىلومېتىر شەرقىي شىمالىدىكى «ئىدىقۇت تېغى»غا جايلاشقان. تاغلار ئارىسىدا خۇددى ئېگىز مۇنارغا ئوخشاش قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان بۇ چوققا ئۈستىدە قەدىمكى زاماندا ئورنىتىلغان بىر ياغاچ تۇۋرۇك بار بولۇپ، ئۇنىڭغا بۇغا، كېيىك قاتارلىق ھەر خىل ھايۋانات تېرىلىرى ۋە ئاق ماتالار باغلانغان. يەرلىك خەلقلەر بۇ جاينى «ئات باغلاش غوجام» دەپ ئۇلۇغلاپ تاۋاپ قىلىپ كەلگەن. بولۇپمۇ نورۇز مەزگىلىدە مەكتەپ يېشىدىكى باللار توپلىنىپ بۇ جاينى تاۋاپ قىلاتتى. بۇ چوققىدىكى قەدىمىي تۇۋرۇك «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا يۇلۇپ تاشلانغان. بۇ چوققا توغرىسىدا مۇنداق ئىككى خىل رىۋايەت بار:

بىرىنچى رىۋايەت: ئىدىقۇت پادشاھى ئارسلانخان ھەر يىلى نورۇزدا ئىدىقۇت تېغىدىكى «ئات باغلاش غوجام» غا كېلىپ ھەرخىل مۇراسىم، چېلىشىش ۋە ھەربىي ماھارەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزىدىكەن. شۇ كۈنى يەنە مەكتەپ يېشىغا يەتكەن باللارنى شۇ چوققىغا چىقىش مۇسابىقىسىگە سالىدىكەن. نەتىجە قازانغانلارنى مۇكاپاتلايدىكەن ۋە ھەربىي تەلىم ـ تەربىيە ئورۇنلىرىغا تاپشۇرۇپ ئالاھىدە تەربىيىلەيدىكەن. ئۇلارنىڭ تەمىناتى، ئىمتىيازى يۇقىرى بولىدىكەن. شۇڭا بۇ چوققىنى «قوت

چوققىسى»، تاغنى بولسا «قۇت تېغى» دەپ ئاتىغانىكەن. كېيىنچە كىشىلەر بۇ تاغنى پادىشاھنىڭ نامى بىلەن «ئىدىقۇت تېغى» دەپ ئاتايدىغان بوپتۇ.

ئىككىنچى رىۋايەت: قاراخانىيلار سەركەردىسى ئەبۇلپەتتاھ ئۆز زامانىسىدا تۇرپان خەلقىنى ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرۇش ئۈچۈن كەلگەندە، مۇشۇ ئات باغلاش غوجام چوققىسىنى ماكان تۇتۇپ، كېچىسى بۇ جايدا قونۇپ، ئېتىنى مۇشۇ تۈۋرۈككە باغلاپ، كۈندۈزى ئاستانىدىكى ئىدىقۇت پادىشاھىنىڭ ئەسكەرلىرى بىلەن سوقۇشقانىكەن. بۇ چوققىدىن تۆت ـ بەش يول غەربتىكى تاغ باغرىدا خۇددى ئات تۇيىقى شەكلىدە ئويمان ئىزلار بار. بۇ ئويمان ئىزلارنى يەرلىك خەلقلەر ئۇزۇن تارىختىن بۇيان «دۇلدۇل ئىزى» (ئەبۇلپەتتاھنىڭ دۇلدۇلىنىڭ ئىزى) دەپ ئاتاپ كەلگەن. بۇ چوققىدىن ئىككى ـ ئۈچ يول شەرقتىكى تىك يار ئۈستىدىكى تاش چوققا ئۈستىدە خۇددى ناۋاينىڭ بېشىدىكى تەۋەككە ئوخشاش توختاپ قالغان ئۆيدەك چوڭلۇقتا بىر پارچە يوغان تاش بار. تارىختىن بۇيان بۇنى يەرلىك خەلقلەر ئەبۇلپەتتاھ ئاتقان «سالغا تاشلىرى» دەپ ئۇلۇغلاپ، بۇ جايدىن ئۆتكەندە دۇئا قىلىپ ئۆتكەن. ھازىرمۇ كىشىلەر بۇ يەرنى بەك ئۇلۇغلايدۇ.

## تەڭرى كۆلى (بۇغدا كۆلى) توغرىسىدىكى رىۋايەت

تەڭرى كۆلى ئۈرۈمچىدىن 110 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئېگىز تاغ ئۈستىگە جايلاشقان چوڭقۇر كۆل بولۇپ، باش تەرىپىدىن بىر تۈگمەن چۆرۈگۈدەك سۇ كىرىپ تۇرىدىغان، لېكىن سۇ چىققان جاينى بىلگىلى بولمايدىغان، سۇ ئورنى قىش ـ ياز بىر خىللا تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ توغرۇلۇق ئەجدادلىرىمىز ھەر خىل رىۋايەتلەرنى توقۇغان.

بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ كۆل پەرىلەر كەپتەر قىياپىتىگە كىرىپ ئۈچۈپ كېلىپ چۈشىدىغان سىرلىق كۆل ئىكەن. بۇ كۆلنىڭ تېگى يوقمىش، ئاستىدا بىر ئالتۇن دەرۋازا بولۇپ، ئىككى ياقىسىدا ئىككى يولۋاس پوستتا تۇرىدىكەن. كۆل سۈيى شۇ دەرۋازا ئىچىگە ئېتىلىپ كىرىپ تۇرىدىكەن. دەرۋازىدىن كىرگەن سۇنىڭ ئايغى «بۇلاق تاغ» (شۈيمۇگۇ تېغى ئىلگىرى بۇلاق تاغ دېيىلەتتى)دىن چىقىدىكەن. بۇلاق تاغدىكى ئېتىلىپ چىقىدىغان قاينام بۇلاقلار مۇشۇ كۆلنىڭ ئاياغ سۈيى ئىكەن.

يەنە بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: بۇ كۆل ياقىسىدا تۆپە ئاتا غوجام (بۇغدا چوققىسى ئىلگىرى «تۆپە ئاتا» دەپ ئاتىلاتتى) دېگەن بىر ئەۋلىيا بار ئىكەن. سايئوپىدىكى ئايدىڭكۆل قەدىمكى زاماندا كاتتا شەھەر بولۇپ، خەلقى ئىسلامغا كىرمىگەنىكەن. تۆپە ئاتا غوجام دېگەن بۇ ئەۋلىيا سايئوپا شەھىرىدىكى بۇددىست ئۇيغۇرلارنى ئىسلامغا دالالەت قىلىپ، دىنغا كىرگۈزەلمەي نۇرغۇن يىل جەڭ قىلغانىكەن. ئۇ زات مۇشۇ كۆل ياقىسىدا تۇرۇپ ئۇ شەھەرگە سالغا بىلەن تاش ئاتىدىكەن. سالغا تېشىنىڭ چوڭلۇقى ئۆيدەك كېلىدىكەن. سايئوپىنىڭ يۇقىرىسىدىكى سايدىكى قاتار تاشلار شۇ ئەۋلىيا ئاتقان سالغا تاشلىرى ئىكەن. دەرۋەقە 1930 ـ يىللىرى بۇ سايدا خۇددى تىزىپ قويغان ئادەمدەك ئۆرە ـ ئۆرە تاشلار كۆپ ئىدى. كېيىن بۇ تاشلار توشۇپ كېتىلگەن. بۇددىست ئۇيغۇرلانى ئۇزۇن يىل جەڭ قىلىپمۇ يەنىلا ئىسلام دىنىغا بەيئەت قىلدۇرالمىغاندىن كېيىن، ئەۋلىيا دۇئايى بەد قىلىپ بۇ شەھەرنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتكەنمىش، شۇنىڭ بىلەن ئۈستى كۆل، ئاستى شەھەر بولۇپ قاپتىكەن. سايئوپا ئايدىڭكۆل ئەتراپىدا ياتسا، كېچىسى يەر ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ ـ چۇرۇڭلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىكەن. تارىخي ماتېرىياللاردىن قارىغاندا، تۆپە ئاتا غوجام دېگەن بۇ زات ئەسلى قاراخانىيلار سەركەردىسى ئەبۇلپەتتاھ بولۇپ، تۇرپان خەلقىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈش ئۈچۈن تۇرپان ۋە تەڭرى كۆلى ئەتراپلىرىدا جەڭ قىلىپ شۇ ئەتراپتا شېھىت بولغانىكەن. تۇرپان ئۇيغۇرلىرى 15 ـ ئەسىردە ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغاندىن كېيىن، بۇ زاتنىڭ قەبرىسىنى تەڭرىتېغىدىن تېپىپ،

جەسەتنى تۇرپان ئاستانىگە ئاپىرىپ قويغانىكەن. ھازىرمۇ تۇرپان ئاستانىدە ئەبۇلپەتتاھ غوجام مازىرى دېگەن مەشھۇر مازار بار.

## قىزىل ئەمچەك توغرىسىدا رىۋايەت

داۋانچىڭنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى تاغدا كۆرۈنۈشى خۇددى ئاياللارنىڭ ئەمچىكىگە ئوخشايدىغان بىر چوققا بار. بۇ چوققىنىڭ ئاستى قىسمى ئەتراپتىكى تاغلار بىلەن ئوخشاش بوز رەڭلىك، ئۇنىڭ ئەڭ چوققىسى قىپقىزىل قان رەڭگىدە بولۇپ، يىراقتىن قارىسا خۇددى ئۇغۇز سۈتى ئېتىلىپ چىقىۋاتقان ئەمچەككە ئوخشايدۇ. بۇ چوققىنى ئەجدادلىرىمىز «قىزىل ئەمچەك غوجام» دەپ ئاتاپ كەلگەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئىلگىرى بۇ ئەتراپنى مۇسۇلمان قىلىش ئۈچۈن كەلگەن بىر جۈپ پالۋان مۇشۇ چوققىدا شېھىت بولغانىكەن. بۇ جايدىكى قىزىل توپا شۇ پالۋانلارنىڭ قېنى ئىكەن دېيىشىدۇ. ئىلگىرى ئەمچىكى ئاغرىپ قالغان بەزى ئاياللار مۇشۇ جايغا كېلىپ قازان قايناتتىپ، دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى.

## ئايغىر بۇلاق توغرىسىدا رىۋايەت

ئايغىر بۇلاق ئوت يۇرتى دەپ ئاتالغان تۇرپان ئويمانلىقىدىكى چۆلتاغنىڭ بىر بۆلىكى بولغان ئايغىر بۇلاق غولىنىڭ باش تەرىپىگە جايلاشقان. توقسۇندىن 40 كىلومېتىر جەنۇبقا توغرا كېلىدۇ. ئايغىر بۇلاقنىڭ سۈيى تىك قىيانىڭ قاپ بېلىدىن (تېرەك بويى ئېگىزلىكتىن) خۇددى چۆگۈننىڭ جوغىسىدىن قۇيۇلغان سۇ كەبى بىرنەچچە غولاچ يىراققا ئېتىلىپ چۈشۈپ تۇرىدىغان بولغاچقا، ئەجدادلىرىمىز بۇ بۇلاقنى «ئايغىر بۇلاق» (ئايغىر ئاتتەك جىڭغىلايدىغان بۇلاق) دەپ ئاتىغان. بۇ قەدىمدىن تارتىپ ھەربىي سەركەردىلەر، قوماندانلار ئىگىلەشكە ئىنتىلىدىغان مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇن بولۇپ، مەخسۇس ئەسكەر تۇرغۇزۇلاتتى. قورغان خارابىلىرى ھېلىمۇ تارىخنىڭ شاھىتى سۈپىتىدە قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئەجدادلىرىمىز ئەسىرلەر داۋامىدا ئايغىر بۇلاقنى مەدھىيىلەيدىغان قوشاقلارنى توقۇپ، ئۇنى ئاھاڭغا سېلىپ، ناخشا قىلىپ ئېيتىپ كەلگەن:

تاغمۇ تاغلاردىن ئېگىز
ئايغىر بۇلاقنىڭ تاغلىرى.
ئۈستىگە قارلار يېغىپتۇ،
ئاستىدا گۈل باغلىرى.

دېگەن مىسرالار ئەنە شۇلارنىڭ بىرى.

مەشھۇر تارىخشۇناس ئالىم موللا مۇسا سايرامى «تارىخى ئەمىنىيە»دە (ئايغىر بۇلاق) دېگەن جايدىكى تاغنى مېتىن بىلەن ئويۇپ خەتتى چەللى شەكلىدە مۇنداق مەزمۇندا خەت پۈتۈلگەن: (بىرىنچى قېتىم بۇ يولدا ماڭغان كىشى بىلمەسلىكتىن، تىجارەت ۋە نەپەقە، ئەھلى ئايال دەپ نادانلىق بىلەن ماڭغان بولغاي، ئىككىنچى قېتىم ماڭغانلار ناھايىتى زورۇرلۇقتىن ياكى ئەسھابول ـ كەھفنى زىيارەت قىلىش نىيىتى بىلەن ماڭغاندۇر. ئۈچىنچى قېتىم ماڭغانلارنىڭ ئۆزى كاپىر، خوتۇنى تالاق» دەپ بايان قىلىنغان. («تارىخى ئەمىنىيە» 240 ـ بەتكە قارالسۇن)

ئەجدادلىرىمىز يەنە بۇ مەشھۇر جاينى ئۇلۇغلاپ، تۈرلۈك رىۋايەتلەرنى توقۇغان.

ئايغىر بۇلاق ھەققىدە خەلقىمىز ئىچىدە ئېغىزدىن - ئېغىزغا چۆچەك تەرىقىسىدە داۋاملىشىپ يىزگىچە يېتىپ كەلگەن مۇنداق بىر رىۋايەت بار:

قەدىمكى زاماندا ئايغىر بۇلاق ئەتراپىدا ئولتۇرۇشلۇق بىر بوۋاي بولۇپ، ئۇنىڭ دۇنيالىقتا بىرلا ئوغلى، بىر ئايغىر ئېتى ۋە سېغىپ ئىچىدىغان بىر كۆك ئىنىكى بار ئىكەن. بوۋاينىڭ ئوغلىنىڭ ئىسمى قوچقار ئىكەن. ئۇ بۇ يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ئامانلىقىنى قوغداش ئۈچۈن مۇشۇ ئەتراپتا ئاتلىق ئايلىنىپ يۈرۈپ يىرتقۇچ ھايۋانلارنى ئوۋلايدىكەن ۋە ئادەم بۇلايدىغان قاراقچىلار بىلەن جەڭ قىلىدىكەن. قوچقار يوق چاغلاردا بوۋاي كۆك ئىنەكنى سېغىپ، شۇ سۈت بىلەن كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. قوچقار ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، ئايغىر ئېتىنىڭ ئېگەر - توقۇم ۋە چۇلۋۇرلىرىنى يېشىپ ئوتلاشقا قويۇۋېتىدىكەن. بۇ ئات كۈندۈزى شۇ ئەتراپتا ئوتلاپ، كېچىنى ئايغىر بۇلاق ئۈستىدىكى تاغنىڭ بېشىدا ئۆتكۈزىدىكەن. ئايغىر بۇلاق دەپ ئاتىلىۋاتقان بۇ بۇلاقنىڭ سۈيى شۇ ئايغىر ئاتنىڭ سۈيدۈكى ئىكەن. توقسۇنلۇق كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ تاغنىڭ ئۈستىدىكى ئايغىر ئات تۈنەيدىغان جايدا بىر تاش ئوقۇر بارمىش. قوچقار شىكارغا چىقىدىغان چاغدا يۈگەننى شاراقلاتسا، ئات شۇ زامان چېپىپ كېلىدىكەن. شۇ تەرىقىدە ئايلار - يىللار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى يىگىت ئايغىرنى مىنىپ شىكارغا چىقىپ كېتىپ، ئون نەچچە كۈنگىچە قايتىپ كەلمەپتۇ. بوۋاي ھەر كۈنى كۆك ئىنەكنى ساغىدىكەن. قارىسا ئىنەك كۈندىن - كۈنگە جۇدەپ سۈتى كۈندىن - كۈنگە ئازىيىپ كېتىۋاتقۇدەك. بوۋاي ئىنەكنىڭ ھالىغا قاراپ ئەجەبلىنىپ، سەۋەبىنى تاپالماي، ئوغلىنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قوچقار شىكاردىن قايتىپ كېلىپ ئاتىسىغا سالام - سائەت قىلغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ مىسكىن چىراي بولۇپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ:

— ئاتىجان، سىلىگە نېمە بولدى؟ مەن ئۆيدە يوق چاغلاردا بىرەر .پالاكەت يۈز بەردىمۇ ياكى مىجەزلىرى يوقمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

بوۋاي ئىنەكنىڭ كۈندىن - كۈنگە جۇدەپ، سۈتىنىڭ ئازىيىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتىپتۇ. قوچقار بۇ گەپنى ئاڭلاپ :

— مەن ئىنەك ئوتلاۋاتقان جايغا بېرىپ قاراپ باقاي، سىلى غەم قىلماي گۆش پىشۇرۇپ تۇرسىلا، — دەپ ئايغىرنى مىنىپ، قىلىچ - ئوقيالىرىنى ئېسىپ ئىنەك ئوتلاۋاتقان جايغا كېلىپ، بىر دالدىغا مۆكۈنۈپ ئەتراپنى كۆزىتىپ يېتىپتۇ. كەچكە يېقىن شەرق تەرەپتىن ئۇزۇن ھەم يوغان ئىككى باشلىق بىر ئەجدىھا كېلىپ، ئىنەكنىڭ پۇتىغا يامىشۇېلىپ سۈتىنى تازا شورىغىلى تۇرۇپتۇ. قوچقار ئەجدىھاغا ئېتىلىپتۇ. ئەجدىھامۇ قوچقارغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. قوچقار چەبدەسلىك بىلەن ئەجدىھانىڭ بىر بېشىنى چېپىپ تاشلاپتۇ. بىر بېشىدىن ئايرىلغان ئەجدىھا غەربتىكى سۇلۇق ئېغىز تەرەپكە قاراپ قېچىپتۇ. قوچقار ئەجدىھانىڭ تېنىدىن ئاققان قاننى نىشان قىلىپ مېڭىپ سۇلۇق ئېغىزغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ.

رىۋايەت قىلىنىشىچە، سۇلۇق ئېغىزدىكى سۇ ئاشۇ ئەجدىھانىڭ قېنى ئىكەن. شەرقتىن - غەربكە قاراپ سوزۇلغان قىزىل رەڭلىك توپىلىق شۇ ئەجدىھانىڭ قېنىدا بويالغانىكەن. ھازىرمۇ ئايغىر بۇلاقنىڭ تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر يۇقىرىسىدا ساينىڭ شەرقىي قاسنىقىدىن غەربىي قاسنىقىغا سوزۇلغان ئون مېتىر كەڭلىكتىكى قىزىل رەڭلىك تۇپراق بار. بۇ تۇپراق يىراقتىن قارىسا خۇددى يەرگە ياتقۇزۇلغان ئۇزۇن پاياندازدەك كۆرۈنىدۇ. شۇڭا، ئەجدادلىرىمىز تارىختىن بۇيان بۇ جاينى «ئەجدىھا قېنى» دەپ ئاتىشىپ كەلگەن. ھېلىمۇ شۇنداق ئاتايدۇ.

(ئاپتور شىنجاڭ نېفىت ئىنستىتۇتىنىڭ پېنسىيونېرى)



# مەلىكە زىبا چېھرە

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللاھ نۇر

شۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئىراق زېمىنىغا تەۋە ۋىلايەتلەرنىڭ بىرىدە ئۇلۇغلۇق دەرىجىسىگە يەتكەن، مال - دۇنيالىرى ھەددى - ھېسابسىز ۋە لەشكەرلىرى سان - ساناقسىز، ئالىي مەرتىۋىلىك، سەلتەنەت ئىگىسى بولغان ئازادە مېھىر ئىسىملىك بىر پادىشاھ بار ئىدى. ئۇ ئۆز زامانىسىدىكى ئەڭ قۇدرەتلىك پادىشاھلارنىڭ پادىشاھى بولۇپ، پۇقرالىرى تىنچ، خاتىرجەم ۋە باياشات تۇرمۇش كەچۈرەتتى. ئۇقىيا ئېيتىش ماھارىتىدە پادىشاھ ئازادە مېھىرنىڭ ئالدىغا ئۆتىدىغان كىشى يوق ئىدى. ئۇ ئۆز سەلتەنىتىگە مۇناسىپ كېلىدىغان، پۈتۈن جاھاننى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان بىر ئالىي ئىمارەت سالدۇرۇپ، ئۇنى «قەسرى خەير ئاباد» دەپ ئاتىدى. ئۇ يەنە تەنگە راھەت، جانغا ھوزۇر بەخش ئېتىدىغان گۈزەل باغۇبوستان ئەھيا قىلدۇرۇپ، ئۇنى «باغى سەرۋى ئاباد» دەپ ئاتىدى.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە پادىشاھ ئازادە مېھىر دۆلەت ئەركانلىرى ۋە يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرى بىلەن باغى خەير ئابادتا بەزمە ئۇيۇشتۇرۇپ، كۆڭۈل ئېچىپ ئولتۇرغاندا، ھەمراھلىرى ئۇنىڭغا: «ئۆزلىرىدەك قۇدرەتلىك پادىشاھقا ۋە مۇشۇنداق ئېسىل ئىمارەت، گۈزەل باغلىرىغا لايىق كېلىدىغان، ھۆسن - لاتاپەت ۋە ئەقىل - پاراسەتتە زامانىمىزدا تەڭدىشى تېپىلمايدىغان گۈزەل، دانىشمەن بىر مەلىكە بولۇشى كېرەك ئىدى» دېدى. بۇ سۆز پادىشاھ ئازادە مېھىرنىڭ تەبىئىگە خۇش كەلدى. ئۇ ئەمىرلىرىگە: «ئەنە شۇنداق گۆھەرى سەدەفنى ئانىسىنىڭ باغرىدىن تېپىپ بولسىمۇ ھوزۇرۇمغا ھازىر قىلغايسىلەر» دەپ ئەمر قىلدى.

ئەلقىسسە، بارلىق چوڭ - كىچىك ئەمەلدارلار پادىشاھنىڭ ئەمرىگە ئاساسەن تەرەپ - تەرەپتىن يۇقىرىدىكى تەلەپكە ئۇيغۇن كېلىدىغان مەلىكىنى ئىزدەشكە كىرىشتى. ئارىدىن كۆپ ۋاقىتلار ئۆتتى. بىر كۈنى «پالانى يەردىكى ئۇلۇغ خانىدا مەلىكە زىبا چېھرە ئىسىملىك جەمشىد نەسلىدىن بولغان پەرى سۈپەت بىر قىز باردۇركى، ئۇنىڭ ھۆسن - جامالىنىڭ تەڭدىشى ئادەم نەسلىدىن تېپىلمايدۇ.

خۇسۇسەن، ئۇ تائەت ـ ئىبادەت ۋە تەقۋادارلىقتا، شۇنداقلا ساپ نىيەتلىك ۋە پاك دىللىق رەسىمدە ئالەمدە تاقتۇر؛ ئابىدە (تەقۋادار ئايال) ۋە سالىھە (ياخشى ئىشلارنى قىلغۇچى ئايال) لىك بابىدا يالغۇزدۇر؛ ئىلىم ساھەسىدە يېگانە كامالەت ئىگىسىدۇر» دەپ خەۋەر كەلدى. پادىشاھ ئازادە مېھىر مەلىكە زىبا چېھرىگە غايىبانە ئاشىق ـ بىقارار بولۇپ، ئۇنىڭ خانىدانىغا كىشى ئەۋەتتى ۋە ئۇلار ئېلىپ كەلگەن «مەلىكىنىڭ گۈزەل سۈپەتلىرى ئاڭلىغىنىمىزدىن نەچچە باراۋەر ئارتۇق ئىكەن» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتى ھەسسىلەپ ئاشتى. پادىشاھ ئازادە مېھىر ھېسابسىز سوۋغا ـ سالاملار بىلەن قىزنىڭ خانىدانىغا ئەلچى ئەۋەتتى. مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى «پادىشاھنىڭ تەلىپىنى رەت قىلساق، ئۇ زورلۇق ـ زومبۇلۇق قىلىپ بولسىمۇ ئارزۇسىغا يېتىدۇ. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلايلى» دەپ ئويلاپ، ئەلچىلەرنىڭ تەلىپىنى ئامالسىز قوبۇل قىلدى. ئەلچىلەر خۇرسەن بولۇشۇپ، پادىشاھ ئازادە مېھىرگە خۇش خەۋەر يەتكۈزدى.

ئەلقىسسە، پادىشاھ ئازادە مېھىر چەكسىز خۇشال بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە ئۆزىنىڭ توي قىلىدىغانلىقىنى جاكارلاپ، بارلىق پۇقرالىرىنى تويغا تەكلىپ قىلدى ۋە نۇرغۇن ئالتۇن، تىللا سەرپ قىلىپ، توي تەييارلىقلىرىنى پۈتتۈرۈپ ۋەزىر ـ ۋۇزرالىرى بىلەن بانۇئى جاھان ۋە تادىرەئى دەۋران مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ خانىدانىغا باردى. قىز تەرەپ ئۇلارنى داغدۇغا بىلەن كۈتۈۋالدى ۋە خەيرلىك ۋاقىتنى تاللاپ، مەلىكە زىبا چېھرىنى پادىشاھ ئازادە مېھىرگە نىكاھلاپ بەردى.

ئەلقىسسە، مەلىكە زىبا چېھرە پادىشاھ ئازادە مېھىرنىڭ ھەرەمخانىسىغا يۆتكەپ كېلىندى. پادىشاھ ئازادە مېھىر بىلەن مەلىكە زىبا چېھرە جەم بولۇپ، بىر ـ بىرىدىن مۇرادى ھاسىل بولۇشتى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى پادىشاھنىڭ مەلىكىگە بولغان مۇھەببىتى بارغانسېرى كۈچەيدى. پادىشاھ باغى سەرۋى ئاباد بىلەن قەسرى خەير ئابادنى مەلىكىگە ھەدىيە قىلدى. ئۇلار بىر مەزگىل ئەنە شۇنداق خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە ياشىدى. پادىشاھ ئازادە مېھىر ھەر ھەپتە بەش كۈن كۈندۈزلىرى سەلتەنەت تەختىدە ئولتۇرۇپ ئاۋامنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى سورىسا، كېچىلىرى باغى سەرۋى ئابادقا بېرىپ، قەسرى خەير ئاباتتىكى مەلىكە زىبا چېھرە بىلەن بىرگە بولاتتى، ئىككى كۈن شىكارغا چىقىپ سەھرالارنى ساياھەت قىلاتتى. كۈنلەر ۋە ئايلار ئەنە شۇنداق ئەيش ـ ئىشرەتلەر بىلەن ئۆتتى. بارا ـ بارا پادىشاھ ئازادە مېھىرنىڭ كۆڭلىگە ئۆزىدىن پەخىرلىنىش ۋە مەغرۇرلىنىش تۇيغۇسى سايە تاشلاشقا باشلىدى. چۈنكى، ئۇ بۇ ئالەمنىڭ ۋە تەقدىرنىڭ ئاجايىپ قىسمەتلىرىدىن بىخەۋەر ئىدى.

بىر كۈنى پادىشاھ ئازادە مېھىر قەسرى خەير ئابادنىڭ گۈمبىزىدە مەلىكە زىبا چېھرە بىلەن بەزمە قىلىپ ئولتۇراتتى، ئاسماندا غاقىلدىشىپ ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بىر توپ غاز كۆرۈندى. شاھ مەستۇمۇستەغرەق ھالىتىدە ئورنىدىن تۇرۇپ ئوقيانى قولىغا ئېلىپ، ئۈچ تال يا ئوقىنى بىرلا ۋاقىتتا كىرىچكە تارتىپ، كامانچىلار قائىدىسى بويىچە غازلار توپىغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئۈچ غاز ئارقا ـ ئارقىدىن يەرگە چۈشتى. مۇلازىملار غازلارنى يىغداپ، تازىلاپ ھەرخىل دورا ـ دەرمەكلەر بىلەن كاۋاپ قىلىپ، ئۈچ دانە كۈمۈش لېگەنگە ئېلىپ كېلىپ، پادىشاھ بىلەن مەلىكىنىڭ ئالدىغا قويدى. چۆرىلەر غاز كاۋىپىنى پارچىلاپ شاھ بىلەن مەلىكىگە سۇندى. پادىشاھ بىلەن مەلىكە غاز كاۋىپىدىن بىر پارچىدىن قوللىرىغا ئېلىشتى. دەل شۇ چاغدا پادىشاھ مەغرۇرلۇقى چېكىگە يېتىپ تېرىسىگە سىغماي قالدى ـ دە، مەلىكە زىبا چېھرىگە قاراپ:

— ئەي مەلىكەم، مېنىڭ ساڭا كۆرسىتىۋاتقان دۆلىتىمنى كۆردۈڭمۇ؟ دەردمەنلەر قولىدىن مۇنداق ئىشلار كېلەمدۇ؟ بۇ ئىززەت ـ ئابرۇي ساڭا يېتەرلىك. ئەگەر سەن بىرەر كاسىپ نىكاھىدا بولغان

بولسالاڭ، ساڭا مۇنداق دۆلەت ۋە ئىززەت ـ ئابرۇي نېسىپ بولماس ئىدى، ــ دېدى.

پادىشاھنىڭ بۇ سۆزلىرى مەلىكىنىڭ كۆڭلىگە ياقمىدى ۋە دېدى:

ــ ھەركىمنىڭ ئۆيىدە ئېپچىللىك، ياخشى خۇلقلىق ۋە ياخشى ئەمەللىك جورىسى بولسا، ئۇنىڭ قەدىمى بەرىكىتىدىن جۇپتىنىڭ ئاتقان بىر تال ئوقى توققۇز غازغا تەگسە، ئەجەبلىنەرلىك ئەمەستۇر، چۈنكى ئۇنىڭ نەپسىدە، قەدىمىدە، قولىدا شاراپەتلەر ھەم بەرىكەتلەردىن كۆپدۇر، ــ دېدى ۋە دىلىدا ئەستەغپۇرۇللانى زىكرى قىلدى.

پادىشاھ ئازادە مېھىر مەلىكىنىڭ سۆزلىرىدىن غەزەپلىنىپ، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ:

ــ ئەي چىڭگىلىك چاچ، سېنىڭچە بولغاندا، سېنىڭ قەدىمىڭ بەرىكىتىدىن مېنىڭ ئاتقان بىر تال ئوقۇم ئۈچ غازغا تېگىپتۇ ـ دە؟! ئەگەر بۇ سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بولغان بولسا، بەس! مەن بۇ دۆلەتتىن بىزارمەن، سېنى نىكاھىمدىن چىقىرىۋەتتىم. كۆزۈمدىن يوقال! ــ دەپ ۋارقىراپ مەلىكىنى تالاق قىلىپ چۆرىلەرگە، ــ بۇ بىئەدەپنى قوغلاپ چىقىرىڭلار! نەگە بارسا بارسۇن! ــ دەپ بۇيرۇدى.

مەلىكە زىبا چېھرە: «بۇ مېنىڭ تەقدىر قىسمىتىمدىندۇر» دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ پەرەنجىسىنى ئارتىپ قەسرى خەير ئابادنىڭ پەلەمپىيىدىن چۈشۈۋېتىپ: «ئەي پادىشاھ، يادىڭدا بولسۇنكى، ئىككى پۇلغا يارىماس بىرەر نامرات ئوتۇنچىنىڭ نىكاھىغا ئۆتسەم، ئاللادىن تىلەيدىغىنىم ۋە ئۈمىد قىلىدىغىنىم شۇكى، ئۇنى ئاللا سەندىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان سەلتەنەتلىك پادىشاھلاردىن قىلسا ئەجەب ئەمەس» دېدى ۋە دەرۋازىدىن بېلىگە تەۋەككۇل كەمىرىنى باغلاپ يولغا چىقتى. ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى ۋە نەگە بېرىشنى بىلمەيتتى. چۈنكى، ئۇ شۇنداق ئېپچىللىك ۋە ھايالىق ئۆسۈپ يېتىلگەنلىكى سەۋەبلىك ئۆزى يالغۇز ھېچقانداق يەرگە بېرىپ باقمىغانىدى. قەسرى خەير ئابادنىڭ بىر يولى سەھرا تەرەپكە تۇتىشاتتى. مەلىكە ئاخىر ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ، شۇ يول بىلەن مېڭىپ شەھەر دەرۋازىسىدىن چىقتى. يولدا مەلىكىگە بىر ئەر كىشى يولۇقتى. مەلىكە بىر قاراپلا ئۇنىڭ ئۆزى تىلغا ئالغان كەمبەغەلدىنمۇ ھالى خاراب كىشى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. بۇ ئادەمنىڭ قولىدا بىر دانە كونا ئورغاق ۋە ئارقاندىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى. مەلىكە بۇ ئادەمنىڭ باش ـ ئايىغىغا قاراپ: «بۇ مەملىكەتتىن بۇنىڭدىنمۇ كەمبەغەل كىشىنى تاپقىلى بولماس» دەپ ئويلىدى.

### مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ قەسرى خەير ئابادتىن چىقىپ، سەئىد ھىزىمكەشكە ئۇچرىغانلىقى

مەلىكىگە ئۇچرىغان بۇ كىشىنىڭ ئىسمى سەئىد بولۇپ، ھېچقانداق ھۈنەر ـ كەسىپ ئۆگەنمىگەن، ئوتۇنچىلىق قىلىش ئارقىلىق كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان، ئىنتايىن كەمبەغەل ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئايالى ۋە ئىككى ئوغلى بار بولۇپ، ئۇلار سەئىد ھىزىمكەشنىڭ ئوتۇن ساتقان پۇلغا تايىنىپ جان باقاتتى. سەئىد ھىزىمكەش ھەركۈنى ئوتۇن كېسىپ ۋە تېرىپ شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، پۇلغا ئۇن ئېلىپ كېلەتتى. ئايالى ئېرى ئېلىپ كەلگەن ئۇننىڭ ھەممىسىنى قازانغا تۆكۈپ ياغسىز ۋە گۆشسىز قارا ئاش ــ ئاتالا ئېتىپ، ئېرى ۋە باللىرى بىلەن بىرگە ئىچەتتى.

مەلىكە زىبا چېھرە دىلىدا: «ئەي مەبۇدى بەرھەق، مەندەك ئاجىزەنىڭ دۇئاسىنى ۋە ئىلتىجاسىنى قوبۇل قىلغايسەن» دەپ ئاللاغا سېغىندى ۋە خۇدايىتائالادىن ھىممەت تىلەپ سەئىد ھىزىمكەشكە ئەدەپ بىلەن سالام بەردى. سەئىد ھىزىمكەش سالام قايتۇرغاندىن كېيىن، مەلىكىگە سىنچىلاپ قاراپ ھەيرانلىق ئىلكىدە: «بۇ مەلىكە گويا ئىرەمباغدىن چىققان پەرىزاتقىلا ئوخشايدىكەن. ئادەم نەسلىدىن بۇنداق گۈزەل قىز دۇنياغا كەلمەس» دەپ ئويلىدى. مەلىكە سەئىد ھىزىمكەشتىن:

— ئەي مەرد، ئىسمىڭىز نېمە؟ قايسى شەھەردە تۇرىسىز؟ ئۆيىڭىز قەيەردە؟ — دەپ سورىدى. سەئىد ھىزىمكەش مەلىكىنىڭ سوئالىغا جاۋاب بېرىپ:

— ئەي يېگانەئى دەۋران، مېنى كىشىلەر سەئىد ھىزىمكەش دەپ ئاتىشىدۇ. بۇ ۋىلايەتتىكى يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە ھەممە ئادەم مېنى تونۇيدۇ، مەندەك نامۇراد (مۇرادىغا يېتەلمىگەن) نىڭ ئۆيى بۇ شەھەردىكى مەھەللەئى مۇراد دېگەن جايدىدۇر، بىر ئايالىم، مەجىد ۋە ھەمىد ئىسىملىك ئىككى ئوغلۇم بار. ھەركۈنى ئوتۇن ساتقان پۇلغا ئۇن ئېلىپ كېلىمەن، بالىلارنىڭ ئانىسى ئاتالا ئېتىپ بېرىدۇ، بىز ئاتىلىدىن باشقا تائامنى يېيەلمەيمىز، — دېدى. مەلىكە سەئىد ھىزىمكەشكە:

— مەن ئۆزۈمنى سىزگە بېغىشلىدىم، ئەمدى تېزدىن ئوتۇن تەرگىلى بېرىڭ، ئوتۇننى سېتىپ پۇلغا ئۇن ئېلىپ ئۆيگە قايتىڭ. بالىلىرىمىز ئاچ قالمىسۇن، — دېدى. - دە، سەئىد ھىزىمكەش كۆرسەتكەن شەھەرگە قاراپ يول ئالدى. مەلىكە شەھەر دەرۋازىسىدىن كىرىپ مەھەللەئى مۇرادنى سوراپ تاپتى ۋە يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن سەئىد ھىزىمكەشنىڭ ئۆيىنىڭ نەدىلىكىنى سورىدى. كىشىلەر: «سەئىد ھىزىمكەشنىڭ ئۆيىنى پالاكەت ئوتى كۆيدۈرۈپ بەرباد قىلغاندۇر» دېيىشىپ بىر خارابىلىكنى «مۇشۇ ئۆي شۇ» دەپ كۆرسىتىپ قويۇشتى.

مەلىكە كىشىلەرنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ بەتتەر ھويلىنىڭ ئىچىگە نەزەر سالدى. ھويلىنىڭ يۇقىرىسىدا ئىككى ئېغىز ئۆي تۇراتتى. ھويلا ئوتتۇز - قىرىق يىلدىن بېرى سۈپۈرۈلمىگەندەك ئەمەس، خەس - خەشەكلەر دۆۋىلىنىپ كەتكەن ۋە ئەخلەت - چاۋارلار ئۆچۈپ يۈرگەن. بەختكە يارىشا ھويلىدا ئېقىن سۇ بار ئىدى. مەلىكە يائاللا دەپ ھويلىغا قەدەم باستى ۋە كۆردىكى، خەس - خەشەكلەر چىرىمىشىپ خۇنۇكلەشكەن چاچلىرى يەلكىسىگە يېيىلغان، تېنىدىن سېسىق ھىد پۇراپ تۇرغان بىر ئايال سۇ بويىدا ئولتۇراتتى. مەلىكە كۆڭلىدە: «بۇ ئايال سەئىد ھىزىمكەشنىڭ ئايالى بولسا كېرەك» دەپ ئويلاپ، خۇشخۇيلۇق بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالام بەردى ۋە مۇلايىم سۆزلەر بىلەن ئېسەنلىك سوراپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. مەلىكە پەرەنجىسىنى ئېلىپ بىر چەتكە قويۇپ، يەڭلىرىنى شىمايلاپ «بىسمىللا» دەپ ئىشقا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن خەس - خەشەكلەرنى يىغىپ بىر يەرگە دۆۋىلىدى، بۇ خەس - خەشەكلەردىن ئۈچ يىل قالسا يەتكۈدەك يېقىلغۇ جەملەندى. ھويلا - ئارامىلارنى سۈپۈرۈپ، سۇ سېپىپ تازىلىدى، ئارقىدىن ئوچاق بېشىغا كېلىپ قازان - قومۇچلارنى تازىلاپ سەرەمجانلاشتۇرغاندىن كېيىن، ئوت يېقىپ سۇ ئىسسىتىپ ئايالنى يۇيۇندۇرۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، ئۆز ياقىسىدىكى يىڭنىنى ئېلىپ ئۇنىڭ كىيىمىنىڭ يىرتىلغان جايلىرىنى يامىدى. مەلىكە ئايالدىن: «ئوغۇللىرىم مەجىد بىلەن ھەمىد قەيەردە؟ نېمە ئۈچۈن تا ھازىرغا قەدەر ئۆيگە كىرمەيدۇ؟» دەپ سوراپ تۇرۇشىغا، «ئەي ئانا، ئاتىمىز نېمىشقا ھازىرغىچە كەلمەيدۇ؟ قورسىقىمىز ئېچىپ كەتتى» دەپ يىغلاشقىنىچە ئىككى ئوغۇل ئۆيگە كىرىپ كەلدى. مەلىكە ئورنىدىن تۇرۇپ: «ئەي ئوغۇللىرىم، ئاتاڭلار ھازىر يولدا كېلىۋاتىدۇ، بىردەمدىن كېيىن يېتىپ كېلىدۇ» دەپ بالىلارنى بەزلەپ، ئۇلارنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئەركىلىتىپ يۇيۇندۇرۇپ، كىيىملىرىنىڭ يىرتىقلىرىنى ياماپ، شېرىن سۆزلەر بىلەن كۆڭلىنى ئاۋۇندۇردى ...

سەئىد ھىزىمكەش بولسا، مەلىكىدىن ئايرىلىپ ئۆز - ئۆزىگە: «ئەي ئوتۇنچى، مۇشۇ ھالىڭ بىلەن ئۇ مەپتۇن قىلغۇچى گۈزەلنىڭ سېھرىگە بەند بولماسلىقىڭ كېرەك ئىدى. بۇ سىرنى باشقىلار بىلسە، سېنى مەسخىرە قىلىشى، ئوتۇنچىلىقتىنمۇ مەھرۇم قېلىشىڭ مۇمكىن» دەپ پىچىرلىغاچ كۈندىلىك ئادىتى بويىچە ئوتۇننى باغلاپ شەھەرگە ئەكىرىپ سېتىپ، پۇلغا ئۇن ئېلىپ ئۆيگە قايتتى.

ئۇ باشتىن - ئاياغ سۈپۈرۈلگەن كوچىنى، سۇ سېپىپ تازىلانغان ھويلا - ئارامنى، سەرەمجانلاشتۇرۇلغان ئۆيىنى، يۇيۇنۇپ، تارىنىپ پاكىز ھالدا كۈلۈپ تۇرغان خوتۇن - بالىلىرىنى

كۆرۈپ، هاڭ - تاڭ بولۇپ تۇرۇپ قالدى ۋە «ۋادەرىخا! بۈگۈن مەن قانداق ئىشلارغا يولۇقتۇم؟ ئەقلىمدىن ئازدىممۇ نېمە؟ ئۆز ئۆيۈمنى تونۇيالمىدىمغۇ؟» دەپ كەينىگە بۇرۇلۇپ مەلىكىنى كۆردى. مەلىكە باللارغا: «دادائىلار كەلدى، ئۇنى ئۆيگە باشلاپ كىرىڭلار» دېدى. مەجىد بىلەن ھەمىد يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، دادىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيگە ئېلىپ كىردى. مەلىكە ياغلىقىنىڭ ئۇچى بىلەن سەئىد ھىزىمكەشنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۇپ تۆرگە ئولتۇرغۇزۇپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن ئۇننىڭ يېرىمىنى قايناپ تۇرغان قازانغا سېلىپ، بىر قازان ئاتالا پىشۇردى. سەئىد ھىزىمكەش ئۆز ئۆيىنى، خوتۇن - بالىلىرىنى ئەزەلدىن بۇنداق پاكىز ۋە چىرايلىق ھالەتتە كۆرۈپ باقمىغانىدى. مەلىكە ئاشنى ئۇسۇپ داستىخانغا ئېلىپ كەلدى. سەئىد ھىزىمكەش ۋە خوتۇن - بالىلىرى تويغۇدەك ئىچتى، ئاشنىڭ يېرىمى ئېشىپ قالدى.

ئەلقىسسە، بۇ كېچىنى سەئىد ھىزىمكەش بىلەن خوتۇن - بالىلىرى پاراغەتتە، مەلىكە بولسا ئىبادەت بىلەن ئۆتكۈزدى. تاڭ ئاتقاندا مەلىكە ئېشىپ قالغان ئاشنى ئىسسىتىپ، ئۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزدى. سەئىد ھىزىمكەش ئادىتى بويىچە جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئەكېلىپ سېتىپ، پۇلىغا ئۇن ئېلىپ كەلدى. مەلىكە ئۇننىڭ يېرىمىنى ئېلىپ قېلىپ يېرىمىدا ئۇلارغا ئاش ئېتىپ بەردى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن، مەلىكە سەئىد ھىزىمكەشكە: «بۈگۈن ئوتۇن ساتقان پۇلغا ئۇن ئالماڭ، ئۇنىمىز خېلى كۆپ يىغىلدى. بۈگۈن گۆش بىلەن ياغ ئېلىپ كېلىڭ» دەپ بۇيرۇدى. سەئىد ھىزىمكەش مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە ئوتۇن ساتقان پۇلغا گۆش بىلەن ياغ ئېلىپ كەلدى. مەلىكە ئۇلارغا گۆش - ياغ بىلەن تاماق ئېتىپ بەردى. ئەتىسى ئۇ سەئىد ھىزىمكەشكە: «بۈگۈن ئوتۇن ساتقان پۇلغا گۈرۈچ، پىياز، سەۋزە ئېلىپ كېلىڭ» دەپ بۇيرۇدى. سەئىد مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئورۇندىدى. مەلىكە ئۇلارغا ئوخشىتىپ پولو ئېتىپ بەردى. ئۇلار بىر مەزگىل ئەنە شۇ تەرىقىدە كۈن ئۆتكۈزدى. ئۇن، گۈرۈچ، گۆش ۋە ياغلار يېتەرلىك يىغىلدى. سەئىد ھىزىمكەش ئائىلىسىدىكىلەر بۈگۈنى پولو يېسە، ئەتىسى باشقا غىزا يەيدىغان بولدى. بىر كۈنى مەلىكە سەئىد ھىزىمكەشكە: «بۈگۈن ئوتۇن ساتقان پۇلىڭىزغا ئالدىڭىزغا نېمە ئۇچرىسا، شۇنى ئېلىپ كېلىڭ» دەپ بۇيرۇدى. سەئىد ھىزىمكەش ئوتۇن ساتقان پۇلنى يانچۇقىغا سېلىپ بازار ئارىلاپ يۈرگەندە، ئۇنىڭغا قانات - پۇتلىرى باغلانغان، توخۇغا ئوخشايدىغان بىر قۇشنى كۆتۈرۈۋالغان بىر ئادەم ئۇچرىدى. سەئىد ھىزىمكەش ئۇ ئادەمدىن: «ئەي بۇرادەر، بۇ قۇشنى قانچە پۇلغا ساتىسىز؟» دەپ سورىدى. ھېلىقى ئادەم: «ئىككى تەڭگە بېرىڭ» دېدى. سەئىد ھىزىمكەش ئۇ قۇشنى ئەكېلىپ مەلىكىگە بەردى. مەلىكە قۇشنى باغلاقتىن بوشىتىپ، باش - كۆزلىرىنى سىلاپ، قانات - پۇتلىرىنى ئۆۋىلاپ قويۇپ بەردى. بۇ قۇشنىڭ نامى مۇرغى ھەفت ناتىقە (يەتتە خىل تىلدا سۆزلىيەلەيدىغان قۇش) بولۇپ، ساپ دىل ئادەمگە يولۇقسا يەتتە خىل تىلدا سۆزلەيتتى، قارا نىيەت ئادەمگە ئۇچرىسا سۆزلىمەيتتى، ئۇنىڭ يەنە بىر خاسىيىتى شۇكى، ھەر ھەپتىدە بىر دانە گۆھەر تۇخۇملايتتى، ئۇ بۇ خاسىيىتىنى قارا كۆڭۈل ئادەملەردىن پىنھان تۇتاتتى. خۇدايىتائالا ئۆزىنىڭ پەزلى كەرەمى بىلەن مەلۇم سەۋەبلەر ۋاستىسى ئارقىلىق مۇرغى ھەفت ناتىقەنى مەلىكىگە نېسىپ ئەتتى.

ئەلقىسسە، مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، خېلى كۆپ گۆھەر يىغىلدى. مەلىكە سەئىد ھىزىمكەشكە: «ئەي سەئىد باي، بۈگۈن ئوتۇن تەرگىلى بارماي بازارغا بېرىڭ» دەپ ئاق رومالغا بىر جۈپ گۆھەرنى ئوراپ ئۇنىڭغا بەردى ۋە: «بۇنى ساراي دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تۇتۇپ تۇرۇڭ. بۇنىڭ باھاسىنى سورىغۇچىلارغا: 'ئىنساپ بىلەن نېمە بەرسىڭىز، شۇنى ئالىمەن'، دەڭ، بۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلماڭ. ئاللاتائالانىڭ كەرەمى قانداق بولسا، شۇنى كۆرەرمىز» دېدى ۋە ئەدەپ - قائىدە توغرىسىدا تەلىم بېرىپ، ئۇنى يولغا سالدى. سەئىد ھىزىمكەش مەلىكىنىڭ دېگىنى بويىچە ساراي

دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، گۆھەر ئورالغان رومالنى تۇتۇپ تۇردى. يولۇچىلار ئۇنى مەسخىرە قىلىپ: «بۇ دىۋانىنى كۆردۈڭلارمۇ! بىر جۈپ تۇخۇمنى ساراي ئالدىدا ساتىمەن دەپ يۈرگىنىنى قارا ...» دەپ كۈلۈشەتتى.

ئەلقىسسە، سەئىد ھىزىمكەش ساراي دەرۋازىسى ئالدىدا بىر ئاش پىشىم تۇردى. بۇ شەھەرگە باشقا بىر جايدىن زور كارۋانلار توپى كەلگەن بولۇپ، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ سودا - سېتىق ئىشلىرى بىلەن مەشغۇل ئىدى. ئاشۇ كارۋانلار ئىچىدىكى ئەڭ كاتتا باي ماللىرىنى سېتىپ بولۇپ، كېرەكلىك نەرسىلەرنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن، ساراي دەرۋازىسىدىن چىقىپلا قولىدا بىر جۈپ «تۇخۇم» تۇتۇپ تۇرغان سەئىد ھىزىمكەشنى ئۇچراتتى. باي يېقىنراق بېرىپ ئۇنىڭ قولىدىكى تۇخۇم ئەمەس، بەلكى دۇررى يېگانە ئىكەنلىكىنى كۆردى ۋە: «ئەي بۇرادەر، تۇخۇملارنىڭ باھاسى قانچە؟ ئېيتىڭ» دېدى. سەئىد ھىزىمكەش: «ئىنساپ بىلەن ھەرقانداق نەرسە بەرسىڭىز، ئېلىپ كېتىۋېرىمەن» دېدى. باينىڭ خۇشاللىقتىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك بولدى. ئۇ سەئىد ھىزىمكەشنى سارايدىكى ھۇجرىسىغا باشلاپ كىرىپ، گۆھەرلەرنىڭ باھاسىنى يەنە سورىدى. سەئىد ھىزىمكەش بۇرۇنقى جاۋابنى تەكرارلاۋەردى. باي بىر جۈپ گۆھەرنىڭ بەدىلىگە سەئىد ھىزىمكەشكە باشتىن - ئاياغ ئېسىل كىيىملەرنى كىيدۈردى، ئۈستىگە زەرباب تون ياپتى، بارلىق مال - مۈلكى ۋە پۇللىرىنى ئىككى ساندۇققا قاچىلاپ ئىككى غۇلامغا كۆتۈرگۈزدى ۋە ئۇلارغا: «سىلەرنىڭ غوجاڭلار بۈندىن كېيىن مۇشۇ كىشى بولىدۇ. مەن سىلەرنى مۇشۇ ئادەمگە ھەدىيە قىلدىم» دەپ جېكىلەپ، سەئىد ھىزىمكەشنى ياسىداق ئاتقا مىندۈرۈپ، «ئەي بۇرادەر، قولۇمدا بار بىساتىمنىڭ ھەممىنى سىزگە بەردىم، رازى بولغايسىز» دەپ يولغا سالدى. باي «باشقا سودىگەرلەر بۇ ئىشنى بىلىپ قالسا، سودىنى بۇزمىسۇن يەنە» دېگەن خىيال بىلەن ئالدىراپ - تېنەپ ئۆز شەھىرىگە راۋان بولدى.

ئەلقىسسە، سەئىد ھىزىمكەش بىردىنلا سەئىد بايغا ئايلىنىپ ھەممىنى ھەيرەتتە قالدۇرۇپ، مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ساندۇقلارنى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. مەلىكە ساندۇقنى ئېچىپ كۆردىكى، ساندۇقلارغا لىقمۇلىق ئالتۇن، كۈمۈش قاچىلانغانىكەن. مەلىكە ئىككى رەكئەت شۈكۈر نامىز ئوقۇدى ۋە غۇلاملارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئەتىسى تاڭ سەھەردە ناشتىدىن كېيىن مەلىكە سەئىد باينىڭ قولىغا بىر چاڭگال ئالتۇن تۇتقۇزۇپ: «بۇ ئىككى غۇلامنىڭ ھەمراھلىقىدا بازارغا بېرىپ، چىرايلىق كىيىم - كېچەك، ياخشى ئۆي جاھازلىرى ۋە پاكىز يوتقان - كۆرپە ئەكېلىڭ» دەپ بۇيرۇدى. سەئىد باي غۇلاملار بىلەن بازارغا بېرىپ مەلىكە بۇيرۇغان نەرسىلەرنى سېتىۋېلىپ، غۇلاملارغا كۆتۈرگۈزۈپ قايتىپ كەلدى. مەلىكە ئۆي - ھويلىلارنى جابدۇدى، ئەتىسى سەئىد باينىڭ ئايالى ۋە ئىككى ئوغلىنى يېڭى كىيىملەر بىلەن چىرايلىق ياساندۇردى.

ئەلقىسسە مەلىكە سەئىد بايغا: «ئەمدى بىز توي قىلايلى» دېدى. شۇنىڭ بىلەن توي تەييارلىقىغا تۇتۇش قىلىنىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا تارتىلىدىغان ئاش، گۆش، مېۋە - چېۋە ۋە باشقا لازىمەتلىكلەردىن سىرت، مېھمانلارغا ھەدىيە قىلىنىدىغان رومال، سەرۋاپايلارمۇ تەق قىلىندى.

ئەلقىسسە، سەئىد باينىڭ خانىدانىدا بىر كۈن كەچكىچە توي - تاماشا بولدى. ھەممەيلەن تويغۇچە يەپ - ئىچىپ، خۇشال ئوينىدى. ھەر بىر مېھمانغا رومال، تون - سەرۋاپاي ھەدىيە قىلىندى. ئىشاننىڭ ۋاكالەتچىسى شەرىئەت بويىچە سەئىد باي بىلەن مەلىكە زىبا چېھرەنىڭ نىكاھىنى ئوقۇدى. توي قاتناشچىلىرى ئۇلارغا بەخت - ئامەت، سالامەتلىك، ئىنساپ - دىيانەت تىلەپ دۇئالار قىلىشتى ۋە ئۆيلىرىگە تارقىلىشتى. سەئىد باي بىلەن مەلىكە ھالال جۈپلەردىن بولۇشۇپ كۈنلىرىنى خاتىرجەملىك ئىچىدە خۇشال - خۇرام ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. سەئىد باي ئائىلىسىنىڭ بايلىقى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىشكە، ئىشلىرى كۈندىن - كۈنگە روناق تېپىشقا باشلىدى. ئۇلارنىڭ داستىخىنى دائىم

ئوچۇق، خەير - ئېھسانلىرى داۋاملىق جارى ئىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى سەئىد باينىڭ شۆھرىتى ئەتراپقا تارالدى. ئۇ چاپارمەنلىرىنى تەرەپ - تەرەپكە ئەۋەتىپ، كەمبەغەل، غورىبەتتە قالغانلارنىڭ ھاجىتىدىن چىقىپ، دۇئاسىنى ئالاتتى.

ئەلقىسسە، سەئىد باي مەلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە ئەللىك مو يەر ۋە قىرىقتا يېقىن خىزمەتكار سېتىۋېلىپ، ياغاچچى ۋە بىناكارلىق ئۇستىلىرىنى تەكلىپ قىلىپ ئىمارەت سالدۇرۇشقا تۇتۇندى. مەلىكە بىر ھۆكۈمنامە پۈتۈپ سەئىد بايدىن ئۇستىلارغا چىقاردى. ھۆكۈمنامىدە مۇنۇلار يېزىلغانىدى: «ئەي ئۇستازلار، مېنىڭ ئىمارىتىم سېلىنىپ بولماي تۇرۇپ، باشقا ئىش تۇتمىغايسىزلەر، قانچىلىك خىراجەت لازىم بولسا، خەت يېزىپ ماڭا كىرگۈزگەيسىزلەر. ئىمارەتنىڭ قەۋىتىنىڭ لايىھىسىنى كېچىسى ئۆزۈم سىزىپ بېرىمەن، ئىمارەت شۇ بويىچە سېلىنغاي.»

ئەلقىسسە، يۈزدىن ئارتۇق ئۇستا ۋە ئۇلارغا لايىق گۈل نەقىشلىگۈچى ئويمىكارلارغا ھۆجرىلار تەييارلىنىپ، ئۇلارنىڭ كۈندىلىك تورمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى قىلغۇچى چاكارلار ھازىرلاندى. ئۇستىلار قۇرۇلۇشنى باشلىدى، ھەركۈنى كېچىسى مەلىكە چۆرە قىزلار بىلەن كېلىپ تەرھى ئىمارەت (ھۆجرىلارنى ئايرىپ تۇرىدىغان بوشلۇق سىزىقى)نى تارتىپ (سىزىپ) قوياتتى، ئۇستىلار بۇنىڭغا ئەمەل قىلاتتى. ھەرخىل نازۇ نېمەتلەر ھەرۋاقىت تەييار ئىدى. ھەرقانداق ئادەم خىراجەت ئۈچۈن كەلسە، ئۇنىڭغا ئالتۇن - كۈمۈش ۋە سەرۇپايمۇ ئىنئام قىلىناتتى. ئۇزۇن ئۆتمەي باغى سەرۋى ئاباتتىكى قەسىرى خەير ئاباتتىنمۇ كۆركەم بىر ئىمارەت قەد كۆتۈردى. بۇ ئىمارەتنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم: «بۇ قايسى سەلتەنەتلىك شاھنىڭ قەسىرىدۇر؟» دەپ ھەيران قېلىشاتتى. مەلىكە ئۇستا، خىزمەتكارلارنىڭ ئىش ھەققىنى ئەسلىدىكىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق بېرىپ ئۇزاتتى. ئارىدىن مەلۇم مەزگىل ئۆتتى. مەلىكە سەئىد بايغا: «ئوغۇللىرىمىز بويىغا يېتىپ قالدى، ئەمدى ئۇلارنىڭ تويىغا تۇتۇش قىلايلى» دېدى. سەئىد باي: «قانداق بۇيرۇقىڭىز بولسا ئېيتىڭ» دەپ جاۋاب بەردى. مەلىكە خىزمەتكارلىرىنى يىغىپ ئىش تەقسىم قىلدى. ئىككى يۈزچە تەجرىبىلىك ئايالنى كىيىم تىكىشكە، بىرقانچە مويسىپىت ئەرنى ئالاھىدە ياساندۇرۇپ، قوللىرىغا ھاسا تۇتقۇزۇپ قەسىر ئالدىدا تۇرۇپ تويغا كەلگەنلەرگە: «خۇش كېلىپسىزلەر» دەپ سالام بېرىپ تۇرۇشقا تەيىنلەندى، يەنە بىرقانچە ئىش باشقۇرغۇچىغا ئۆزىگە لايىق ئىشلارنى تاپشۇرۇپ، ئۇلارنى بىجانىدىل خىزمەت قىلىشقا بۇيرۇدى. ئۇندىن ئارتۇق جايدا توي سورۇنى ھازىرلاندى، توي ھازىرلىقلىرى كۆڭۈلدىكىدەك پۈتتى. بۇلاردىن قانائەت ھاسىل قىلغان مەلىكە سەئىد بايغا: «ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك ئورۇنلاشتۇرۇلدى. سىز ئەتە سەھەردە شاھ ئوردىسىغا بېرىپ، پادشاھ ئازادە مېھىردىن پاتىھە ئالغاچ، ئۇنى تويغا تەكلىپ قىلىپ كېلىڭ. شۇنىڭدىن كېيىن تويىنى باشلايلى» دېدى ۋە ئۇنىڭ قولىنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ تۇرۇپ «باكىرامەتولئەين» سەناسىنى ئوقۇدى. تاڭ ئاتتى. مۇلازىملار مەلىكىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە پادىشاھقا لايىق سوۋغات تەييارلاپ، سەئىد بايغا شاھانە كىيىملەرنى كىيدۈرۈپ، ئالاھىدە جابدۇلغان ئاتقا مىندۈرۈپ، بېلىگە كۈمۈش كەمەر باغلىغان توققۇز نەپەر غۇلامغا توققۇز ئاتنىڭ تىزگىنىنى تۇتقۇزۇپ، سوۋغاتلارنى ئاتلارغا ئارتىپ يولغا چىقىش تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. مەلىكە سەئىد بايغا بىر پارچە خەت تۇتقۇزۇپ: « سىز شاھ ئازادە مېھىردىن پاتىھە ئالغاندىن كېيىن، مۇشۇ خەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە يارلىق پۈتكۈزۈپ، ئۇنىڭغا پادشاھنىڭ مۆھۈرىنى باستۇرۇپ ئەكېلىڭ» دەپ تاپىلىدى.

ئەلقىسسە، سەئىد باي شاھانە ئارغىماققا مىنىپ يولغا چىقتى. ئۇنىڭ ئالدىدا ئېسىل كىيىم - كېچەك كىيگەن توققۇز غۇلام ئالتۇن - تىللا بىلەن تولدۇرۇلغان بىردىن لىگەننى كۆتۈرۈپ ماڭدى، ئارقىسىدىن بولسا جۇڭگو، رۇم ۋە مىسىرنىڭ ئېسىل يىپەك رەختلىرى ئارتىلغان، ئالتۇن - كۈمۈشتىن

ياسالغان جابدۇقلار بىلەن جابدۇلغان توققۇز ئاتنى يېتىلىگەن توققۇز غۇلام ماڭدى. سەئىد باينىڭ شاھ ھۇزۇرىغا كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان كىشىلەر يولغا چىقىپ، ئۇنىڭغا سالام بېرىشىپ، دۇئالار قىلىشتى. بۇ خەۋەر پادىشاھقا يەتكۈزۈلدى. پادىشاھ كاتتا زاتلاردىن بىرقانچىسىنى سەئىد باينى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. پادىشاھ سەئىد باينى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن كۈتۈۋالدى. سەئىد باي ئېلىپ كەلگەن سوۋغا ـ سالاملار ساراي ئەھلىنى ھەيران قالدۇردى، ھەممىيلەن رازىمەنلىك بىلەن پاتىھە ئوقۇپ، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىشتى. سەئىد باي پادىشاھقا مەلىكە بەرگەن خەتنى سۇندى. ۋەزىر خەتنى ئوقۇدى. خەت سەئىد باينىڭ نامىدا يېزىلغان بولۇپ، مەزمۇنى مۇنداق ئىدى: «ئەي شاھلار شاھى، ئۆمۈر ئىقباللىرى ئۇزۇن، بەخت ـ دۆلەتلىرى زىيادە بولغاي! دۇئا ئاداسىدىن كېيىن سۆزىمىز ۋە ئىلتىماسىمىز شۇكى، كەمىنەنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ تويىغا ئىجازەت، پاتىھە ۋە ئىنايەتنامە بەرگەيلا! پادىشاھلىق تەۋەسىدىكى ئاۋام خەلق تا قىرىق كۈنگىچە كەمىنە سەئىد باينىڭ خاندانىدا تويغا داخىل بولغاي. قىرىق كۈن ئىچىدە تۇرمۇشىغا لازىملىق ھەرقانداق نەرسىنى خاندانىمدىن ئالغاي. بىمارلارغىمۇ لايىق سورۇندا تەييارلانغان بولۇپ، ئۇلارمۇ خاندانىمدىكى توي ـ تاماشادىن بەھر ئالغاي. بۇ قىرىق كۈن ئىچىدە كىمنىڭ ئۆيىدە قازان ئېسىلىپ، مورىسىدىن تۈتۈن چىقسا، گۇناھكار بولغاي».

پادىشاھ ئازادە مېھىر پۈتۈكچىسىگە: «سەئىد باينىڭ خېتىنىڭ مەزمۇنى بويىچە يارلىق پۈتۈلسۇن!» دەپ ئەمر قىلدى. يارلىق پۈتۈلدى ۋە ئۇنىڭغا پادىشاھنىڭ مۆھۈرى بېسىلدى. ئارقىسىدىن بۇ يارلىق پۈتۈن يۇرتقا جاكارلاندى. پادىشاھ سەئىد بايغا شاھانە سەرۇپاي ھەدىيە قىلدى ۋە ئوغۇللىرى مەجىد بىلەن ھەمىدنىڭ تويىنى مۇبارەكلەپ سوۋغىلار ئەۋەتتى. سەئىد باي ئۆز خاندانىغا قايتىپ كەلدى. مەلىكىنىڭ پەرمانى بىلەن توي باشلاندى. تا قىرىق كۈنگىچە ھەممە ئادەم تويغا داخىل بولدى، بۇ قىرىق كۈن ئىچىدە ھېچكىمنىڭ مورىسىدىن تۈتۈن چىقمىدى. توي تامام بولغاندا، پۈتۈن شەھەردىكى چوڭ ـ كىچىك ھەممە ئادەمگە لىباسلار كىيدۈرۈلدى.

تويدىن كېيىن مەلىكە سەئىد بايغا: «بۈگۈن بېرىپ پادىشاھنى خاندانىمىزغا تەكلىپ قىلىپ كېلىڭ» دەپ ئۇنى ئۆزگىچە سوۋغا ـ سالاملار بىلەن شاھ ئوردىسىغا يولغا سالدى. سەئىد باي شاھ ئوردىسىغا بېرىپ، دۇئا ـ سانادىن كېيىن پادىشاھقا: «ئۇلۇغ شاھىم، ئەتە بارلىق سەردار ۋە سەرۋازلىرى، ئەسكەر ۋە خىزمەتكارلىرى بىلەن كەمىنەنىڭ خاندانىغا قەدەم تەشرىپ قىلغايلا ۋە ئۈچ كۈنگىچە خاندانىمدا مېھمان بولغايلا، كەمىنە ۋە خاندانىمدىكىلەر مېھمانلارنىڭ خىزمىتىدە بولغايمىز. ئىلتىماسىمنى رەت قىلمىغايلا» دېدى. پادىشاھ سەئىد باينىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىپ، ئۇنى ئىززەت ـ ئىكرام بىلەن ئۇزىتىپ قويدى. سەئىد باي خاندانىغا قايتىپ كېلىپ، شاھنىڭ سالىمىنى مەلىكىگە يەتكۈزدى. مەلىكە مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىغا تۇتۇندى، ھەممە ئىش جاي ـ جايىدا ئورۇنلاندى. تاڭ ئاتتى. سەردار ـ سەرۋازلار، ئەسكەر ـ خىزمەتكارلار ئارقا ـ ئارقىدىن توپ ـ توپ بولۇپ سەئىد باينىڭ خاندانىغا يېتىپ كېلىشتى ۋە ئۆز دەرىجىلىرىگە مۇناسىپ تەييارلانغان خاس ھۇجرىلارغا جايلاشتى.

چۈشلۈك تاماق ۋاقتى بولغاندا، پادىشاھ ئازاد مېھىر خاس نۆكەرلىرى بىلەن سەئىد باينىڭ خاندانىغا يېتىپ كەلدى. مەلىكىنىڭ تاپشۇرۇقى بويىچە پادىشاھ ئەڭ ئالىي قەسىرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. ئۈچ كۈنگىچە مېھمانلار ئاجايىپ كاتتا زىياپەتلەرگە داخىل بولۇشتىكى، دوستلار ياخشى تىلەكلەر تىلەشسە، دۈشمەنلەر ئاپىرىن ئېيتىشتى. تۆتىنچى كۈنى سەئىد باي مېھمانلارنىڭ ھەربىرىگە توققۇز قۇردىن سەرۇپاي ۋە يېتەرلىك سوۋغات تەقدىم قىلىپ، ياشتا چوڭلارنى ئاتلارغا مىندۈرۈپ يولغا سالدى. پادىشاھ خاس كىشىلىرى بىلەن قالدى ۋە تېخىمۇ كاتتا زىياپەت ۋە ئىززەت ـ

ئىكراملار بىلەن كۈتۈلدى. مەلىكىنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە يېرىم كېچە بولغاندا، سەئىد باي شاھنى باشقا بىر قەسىرگە باشلاپ ماڭدى. پادىشاھ ئازادە مېھىر كۆردىكى، ھەممە جايغا چىراغلار يېقىلىپ كۈندۈزدەك يورۇتۇلغان، گويا باغى سەرۋى ئابادقا ئوخشاشلا مەنزىرە! پادىشاھ ئىشىكىدىن كىرگەن ۋە تۆرىدىن ئورۇن ئالغان قەسىر بولسا، خۇددى قەسىرى خەير ئابادنىڭ ئۆزىلا. پادىشاھ بۇلاردىن ھەيران بولۇپ ئولتۇراتتى، بىر توپ نازىنىن قىزلار قەسىرگە كىرىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى سازەندە، بەزىلىرى غەزەلخان (ناخشىچى)، بەزىلىرى رەققاس (ئۇسسۇلچى) يەنە بەزىلىرى زىياپەت داستىخانىغا مەسئۇل چۆرىلەر ئىدى. ھەممەيلەن تېگىشلىك جايىدىن ئورۇن ئېلىپ، ئۆز ئىشلىرىغا مەشغۇل بولۇشتى. پادىشاھ ئازادە مېھىر ئۆزىنى گويا باغى سەرۋى ئابادتىكى قەسىرى خەير ئابادتا ئولتۇرغاندەك ھېس قىلىپ، مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ يېنىدا بولۇشىنى خالاپ قالدى. دەل مۇشۇ پەيتتە ئىشىكتىن ئىككى قىز كىرىپ، شاھقا سالام بەردى. ئۇلارنىڭ قولىدا ئۆزگىچە سەرۇپايىلار بار ئىدى. ئارقىدىن كېيىنىشى، ياسىنىشى، بوي - تۇرقى، چىرايى مەلىكە زىبا چېھرىنىڭكىگە خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىغان بىر گۈزەل مەلىكە كىرىپ، پادىشاھقا سالام بەردى. پادىشاھ ھاڭ - تاڭ بولۇپ نېمە قىلارىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالدى. مەلىكە يەنە سالام بەردى. پادىشاھتىن يەنە سادا چىقمىدى، ئۇ يەنە سالام بەردى. پادىشاھ ئاخىر ئېسىنى يىغىپ، ئالدىدا تۇرغان قىزنىڭ ھەقىقەتەنمۇ مەلىكە زىبا چېھرىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. مەلىكە زىبا چېھرە پادىشاھ ئازادە مېھىرگە: «ئەي پادىشاھ، ئارزۇ - ئۈمىدىم ۋە توغرا نىيەت ئىخلاسىم، تىرىشچانلىقىم بىلەن نامرات سەئىد ھىزمەتكارىمىزنىڭ بۈگۈنكى سەئىد بايغا ئايلانغىنىنى كۆرۈۋاتقانسەن» دەپ قولىدىكى ئىككى بوغچا كىيىمنى شاھنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى. پادىشاھ ئازادە مېھىر ھوشىدىن كەتتى ۋە بىرئازدىن كېيىن ھوشىغا كېلىپ، ئۆز سارىيىغا قاراپ يول ئالدى. پادىشاھ بىتاپ بولۇپ يېتىپ قالدى ۋە بىر ھەپتىگىچە باشقىلارغا كۆرۈنمىدى. پادىشاھ ساقىيىپ ئەسلىگە كەلگەندىن كېيىن، ئوردا ئەھلىنى ۋە ئاۋام پۇقرانى يىغىپ: «مېنىڭ زىممەمگە ھەج سەپىرى چۈشتى، ئورنۇمغا باشقا بىر كىشىنى سايلاپ ئولتۇرغۇزغايسىلەر» دەپ جاكارلىدى. خالايىق ئۇنىمىدى، پادىشاھ ئۆز سۆزىدە چىڭ تۇردى. ئاخىردا ئۇلار: «ئەي پادىشاھ، خالىغان ئادەملىرىنى تەختلىرىگە ۋارىس قىلسىلا» دەپ تەلەپ قىلىشتى، پادىشاھ بۇ ئىشنى ئاۋامنىڭ رايىغا تاپشۇردى.

بىرى ئۇنى، بىرى بۇنى كۆرسىتىپ، ئەڭ ئاخىردا ئاۋامنىڭ رايى سەئىد بايغا مەركەزلەشتى. پادىشاھ ئازادە مېھىر سەئىد باينىڭ تەختتە ئولتۇرۇشىغا رازىلىق بەردى ۋە بۇ توغرۇلۇق يارلىق چۈشۈرۈپ، ھەممە ئادەمدىن رازىلىق ئېلىپ، بىرقانچە خاس ئادىمى بىلەن شۇ كۈنىلا ھەج سەپىرىگە ئاتلاندى. نۆكەرلەر ۋە يۇرت كاتتىلىرىدىن بىرنەچچەيلەن بىر ئاق تۆگىنى جابدۇپ، ئۆزلىرى پىيادە يۈرۈپ سەئىد باينىڭ خانىدانىغا يېتىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭغا كېلىش مەقسەتلىرىنى بايان قىلىشتى. سەئىد باي بۇ خەۋەرنى مەلىكە زىبا چېھرىگە يەتكۈزدى. مەلىكە: «بۇ ئۇلۇغ زاتلارنىڭ دېگىنى بويىچە بولسۇن» دېدى ۋە سەئىد باينى مۇبارەكلىدى. خالايىق سەئىد باينىڭ بېشىغا شاھلىق تاجىنى تاقاپ، ئاق تۆگىگە مىندۈرۈپ كېلىپ شاھلىق تەختىگە ئولتۇرغۇزدى ۋە مۇبارەكلەشتى. خەزىنىنىڭ ئىشىكى ئېچىلىپ ئاۋام پۇقراغا ئالتۇن - كۈمۈش تارقىتىپ بېرىلدى ۋە ھەممە ئىش ئۆز تەرتىپىدە، ھەممە ئادەم ئۆز ئەمەلىدە بولدى. بۇ دەۋردە تىنچلىق ۋە ئاسايىشلىق ھايات ھۆكۈم سۈردى. كۈنلەر خۇشال - خۇراملىق ئىچىدە ئۆتتى. مەلىكە بىلەن پادىشاھ سەئىد باللىق بولدى ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشۇپ، بەختلىك تۇرمۇش كەچۈردى.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى ئاپتونوم رايونلۇق قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسىدا)



# بېيت- قوشاقلار

رەتلىگۈچى: ئابدۇغېنى سېيت

باغقا قوغۇن تېرىسام،
پىشىپ قاپتۇ تولىشىپ.
سەيلە قىلدىم يار بىلەن،
گۈللۈك باغدا ئوينىشىپ.

ئارا مەھەللە دېگەن يەردە
مەن كىرمىگەن باغ تولا.
نادانلىقتا يار تۇتۇپ،
يۈرىكىمدە داغ تولا.

ئالمىلىق باغقا كىرىپ،
ئالمىنى ئۈزگەنلىرىم.
ئېسىڭىزدە بارمىدۇ
باشتا مەن سۆيگەنلىرىم؟

يارىم مېنى تاشلىدى،
يېگۈسى يوق ئالمىدەك.
تارتىپ ئەمدى ئىچ ئاغرىق،
كۆندە يىغلاپ يۈرگۈدەك.

بىر باغقا ئانار سالدىم،
بىر باغقا قىزىل توغاچ.
چۆرگىلەپ كېتەلمەيمەن،
كۆڭلۈم سەندىلا بولغاچ.

ئاتنى باغلىدىم تۈزگە،
ۋەدە بەردىم مەن سىزگە.
ئىشىنىڭ ماڭا يارىم،
يالغان ئېيتمىدىم سىزگە.

باغقا كىردىم شوراڭدىن،
بەش تال ئۈزدۈم غوراڭدىن.
ماڭا بەرمىگەن قىزىڭنى
خەق ئېپقاچسۇن هويلاڭدىن.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
سېغىز لايدا قاشلايلى.
ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدۇق،
سۆيگۈمىزنى باشلايلى.

يارىم ماڭدى سەپەرگە،
ماڭا قويۇپ تۇمارلىق.
لەۋلىرى ناۋات يارنى
سۆيۈۋالدىم خۇمارلىق.

دۇتار چالىدۇ يارىم،
پەدىسىنى ساز قىلىپ.
بىر سۆيۈپ قويۇڭ دېسەم،
ئەركىلەيدۇ ناز قىلىپ.

قىزىل گۈلدە پۇراق بار،
شېخىدا يوپۇرماق بار.
ئۇۋال قىلدىڭ يار بىزگە،
قىيامەتتە سوراق بار.

شاپتۇل شېخى پەسمىكەن،
ئەگمەك شۇنچە تەسمىكەن؟

يارنىڭ كۆڭلى تەتىللا،
بىزنىڭ كۆڭۈل خەسمىكەن ؟

يول ئۈستىگە ئۆي سالدىم،
ئىچ – تېشىنى سۇۋاتماي.
چوڭ سۆزلەيدۇ بىر قىزچاق،
ئېغىزىنى يۇۋاتماي.

كۆل بېشىدا چوڭ تېرەك،
توز ئۈسۈپتۇ پۇتاق يوق.
سىز ۋەدىدە تۇرسىڭىز،
بىزدە ئەسلا چاتاق يوق.

ئۆيۈڭنىڭ ئارقىسى بېدە،
تومىقىڭ كۆرپىسى گىردە.
ۋاپاسىزدىن يار تۇتۇپ،
يۈرىكىم بولدى زىدە.

قولۇڭدىكى تاياقمۇ؟
ئىچىشىڭ ئاق هاراقمۇ؟
پات – پات ئىزدەپ كەلمەيسەن،
كۆڭلۇڭ مەندىن يىراقمۇ؟

ئالما شېخى، گۈل شېخى
ئېگىلگەنگە قايرىلماس.
چىن يۈرەكتىن سۆيگەن يار
ئۆلمىگۈچە ئايرىلماس.

تاغ باغرىدا ئوتلايدۇ
جۈپتى بىلەن بەش ئۇلار.
مەن يۈرتقا كېتەي دېسەم،
يارىم كۆزگە ياش ئالار.

گۈل تۈۋىدە ئېغناپ،
گۈلنى قورۇتقان يارىم.
تېپىۋېلىپ باشقىنى،
مېنى ئۇنتۇغان يارىم.

باش ئازمىدىن كەلگەن سۇ
هەر توقايدا توختايدۇ.

خوشخوي، ئامرىقىم يارىم
ئەتىرگۈلگە ئوخشايدۇ.

يار ئېتىزغا ماڭغۇچە،
قاراپ تۇردۇم يانغۇچە.
مەڭزى قىزىل شۇ يارنى
سۆيۈۋالدىم قانغۇچە.

باش بۇلاق بۇلاقمىدى،
سۇيى بەك سوغۇقمىدى.
خەت يازسام جاۋابى يوق،
قولىڭىز چولاقمىدى؟

ئاق كۆڭلەكنى كىيىپلا،
هەپتىدە بىر يۇيۇپلا.
باشقا يار تۇتۇپ، بىزگە
بىلدۈرمەيلا يۈرۈپلا.

قىش پەسلى بولۇپ قالدى،
دەريا بويلىرى توڭلاپ.
يۈرىكىمگە ئوت كەتتى،
يارنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ.

ئۈستەڭ بويى ئاق تىكەن،
پۇتىڭىزغا كىرمىسۇن.
دوست بولايلى ئىككىمىز،
چىدىماسلار بىلمىسۇن.

بېيىتىم بار بېيىتتەك،
تاغدىن چۈشتۈم كېيىكتەك.
گەپ قىلسام جاۋاب يوققۇ،
كۆزى ئوچۇق شېھىتتەك.

باغچىڭىزدا ئاق توشقان
پۇتتا شاپتۇل قاقىدۇ.
گېپى يوغان چوكانلار
ۋاسا ساناپ ياتىدۇ.

يارىم كۆڭلەك كىيىپتۇ
گۈلى يوغان تاۋاردا.

ئارىمىزدا دۈشمەن بار،
گەپلەشمەيلى تالادا.

قونداقتىكى خورازغا
چالما ئېتىپ چىللاتتىم.
يىراقتىكى شۇ يارغا
خەت ئەۋەتىپ يىغلاتتىم.

چوڭ ئۆستەڭگە سۇ كەلدى،
كۆۋرۈك سېلىپ ئۆتەلا.
مەن بارىمەن يېقىندا،
گۈل تۈۋىدە كۈتەلا.

ماگىزىندىن يىپ ئالدىم،
سائەت بېغى توقۇشقا.
يارغا بېيىت، خەت يازدىم،
يىغلاپ تۇرۇپ ئوقۇشقا.

يارىمنىڭ ئۆيى ئۇزۇن،
پات ـ پاتلا بارالمايمەن.
ئايرىلىپ كېتەي دېسەم،
ئوتىغا چىدالمايمەن.

يار ئۆيى يول بويىدا،
ئالتۇن سائەت قولىدا.
ئۆلمىسەك كۆرۈشەرمىز،
پىيالىمىنىڭ يولىدا.

ئاق ئالمىنى ئىرغاتتىم،
خاپا بولماي تەرسىلە.
سېغىنىپ سالام يازدىم،
جاۋابىنى بەرسىلە.

قوغۇنلۇقنىڭ كەپىدە
دۇتار بىلەن داپ قالدى.
خۇمار كۆزلۈك قەلەمقاش
يۈرىكىمگە ئوت سالدى.

ئۆستەڭ بويىدا ئۆسۈپ،
سۇغا قانمىغان تېرەك.
يار بىلەن قوشنا تۇرۇپ،
ئويناپ قانمىغان يۈرەك.

تەكىگىزدىن كۆز ئالدىم،
ئۇلاپ قوياي توغاچقا.
سورىمايسىز ھالىمنى،
گەپ قىلايمۇ ياغاچقا ؟

ئېرىقىڭدىن سۇ ئالدىم،
تار كوچاڭدىن نەم توپا.
يار تۇتساڭ بەلەن قىز تۇت،
چوكان دېگەن بىۋاپا.

ئاخشام باردىم مەللەڭگە،
بارغىنىمنى بىلدىڭمۇ؟
ۋەدەڭ قالدى نەلەردە،
يوتقان بېسىپ ئۆلدۈڭمۇ؟

ئۆيۈڭ ئالدىدىن ئۆتتۈم،
«ئۆھۇ ـ ئۆھۇ» يۆتىلىپ.
مەيلىڭ بولسا چىقمامسەن
ئون تۇخۇمنى كۆتۈرۈپ؟

سارجى يوپكا كىيىپلا،
تۈگمە قاداپ، باغلىماي.
ئەجەب يوغان سۆزلەيلا،
ئۆزلىرىنى چاغلىماي.

كوپتاڭ ئەجەب چىرايلىق،
كاستۇمۇڭنى سالغىنا.
يارىڭ مەنمۇ، باشقىمۇ،
راست گېپىڭنى قىلغىنا.

قاشلىرىڭ ئەجەب قارا،
كۆزۈڭدە خۇمار بارمۇ؟
مەن ساڭا تولا كۆيدۈم،
بوينۇڭدا تۇمار بارمۇ؟

ئېيتىپ بەرگۈچى: **توختى مەمەت**
(رەتلىگۈچى خوتەن ۋىلايەتلىك دارىلمۇئەللىمىن مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# مەشرەب ھەققىدە ھېكايىلەر



نەشرگە تەييارلىغۇچى: **تاشقارى يۇسۇپ (تۇلپار)**

## قورساق ئاغرىشىنىڭ سەۋەبى

مەشرەب ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئالتە ئايلىق بولغاندا، ئانىسى بازارغا بېرىپتۇ. بىر باققال خېرىدارغا ئۈزۈم جىڭلاپ بېرىۋاتقاندا، بىر تال ئۈزۈم تارازىدىن دومىلاپ چۈشۈپ، مەشرەبنىڭ ئانىسىنىڭ پۇتىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ توختاپتۇ. ئانا ئۈزۈمنى ئېلىپ پۈۋلىۋېتىپ ئاغزىغا سېلىشىغا تۇيۇقسىز قورسىقى قاتتىق مۇجۇپ ئاغرىپ، بىردەمدىن كېيىن ئاستا - ئاستا ئوڭشىلىپ قاپتۇ. ۋاقتى - سائىتى كېلىپ، مەشرەب دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇ.

— ئانا، — دەپتۇ مەشرەب يېشىغا يەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، — مەن قورسىقىڭىزدىكى چاغدا سىز يېگەن بىر تال ئۈزۈم قورسىقىڭىزنى ئاغرىتقانمىدى ؟

— بۇنى سەن قانداق بىلىسەن ؟ — دەپتۇ ئانىسى ئەجەبلىنىپ.

— شۇ چاغدا باققالنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر تال ئۈزۈمنى ئېلىپ، باققالنىڭ رازىلىقىنى ئالماي يەۋالدىڭىز. بۇنىڭغا ئاچچىقىم كېلىپ، قورسىقىڭىزنى قاتتىق مۇجۇدۇم. شۇ چاغدا ئەگەر ئانىلىق ھۆرمىتىڭىزنى قىلمىغان بولسام، قورسىقىڭىزنى يېرىۋەتكەن بولاتتىم.

— ئاللا، بىلمەي قىلىپ سالغان گۇناھىمنى كەچۈرگىن، — دەپتۇ ئانىسى دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ.

## ئوت ياقمىغان قۇرۇق ئوتۇننى پۈۋلەش

مەشرەب بەش ياشقا كىرگەندە، ئانىسى ئۇنى مەدرىسىگە ئاپىرىپ بېرىپتۇ. ئۇ ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. ئۇنىڭ ئۇستازى دانىش خەلپىتىم بىر كۈنى چۈش كۆرۈپتۇ: چۈشىدە ئۆزىنىڭ ئۆگزىسىدىكى پەغەزدە ئوڭ تەرەپتە سەككىز، سول تەرەپتە سەككىز جەمئىي ئون ئالتە كەپتەرنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا بېشى مەرمەر، كۆزلىرى ياقۇت، پەيلىرى ئالا - يېشىل، تىرناق ۋە تۇمشۇقلىرى ئۈنچە - مەرۋايىتتىنمۇ جۇلالىقراق ئاجايىپ بىر گۈزەل لاچىن ئولتۇرغۇدەك. «خۇدايا توۋا !» دەپتۇ دانىش خەلپىتىم ئويغىنىپ: «ئاجايىپ بىر چۈش كۆرۈپتىمىنا، شۇنداق چىرايلىق ھەم سۈرلۈك لاچىندىن كەپتەرلەرنىڭ ھۈركىمەي، ئەكسىچە ئۇنىڭغا يېقىن تۇرغىنى نېمىسى ؟ !» دانىش خەلپىتىم ھەرقانچە ئويلاپمۇ چۈشىنىڭ تەبىرىنى تاپالماپتۇ - دە، ئاخىر ئۇستازىدىن سوراش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

— قانچە شاگىرتىڭ بار؟ — دەپ سوراپتۇ ئۇستازى دانىش خەلپەتىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن.

— ئون يەتتە شاگىرتىم بار، ئۇستاز، — دەپتۇ دانىش خەلپەت.

— ھە، — دەپتۇ ئۇستازى ئىشىنىڭ تېگىگە يەتكەندەك، — ئاشۇ ئون يەتتە شاگىرتىڭنىڭ ئىچىدە چوقۇم بىرى ئەۋلىيا ئىكەن.

— نېمە، ئەۋلىيا ؟! — دەپتۇ دانىش قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي، — ئەمىسە مەن ئۇنى قانداق پەرق ئېتىمەن؟

— بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاسان.

— قېنى تېزرەك دېسىلە، ئۇستاز، — دەپتۇ دانىش خەلپەت تەقەززا بولۇپ.

— ئۇنىڭ چارىسى شۇكى، — دەپتۇ ئۇستازى تەمكىنلىك بىلەن، — سەن ئەتە شاگىرتلىرىڭنىڭ ھەممىسىگە بىر قولتۇقتىن ئوتۇن ئەكەلدۈر، ئاندىن ئوتۇنلارنى بىر يەرگە دۆۋىلەپ ئوت ياقماي تۇرۇپ، شاگىرتلىرىڭنى بىر باشتىن پۈۋلەشكە بۇيرۇغىن.

— ئوت ياقمىغان ئوتۇننى «پۇف» دەڭلار دېسەم، ئۇلار مېنى ساراڭ بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دېمەمدۇ ؟

— دېگىنىمدەك قىل. ئەگەر شاگىرتلىرىڭنىڭ ئىچىدە قايسىسى ئەۋلىيا بولسا، «پۇف» دېگەندە ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت ئۇچۇپ چىقىدۇ، ئوتۇنغا تۇتۇشىدۇ، — دەپتۇ ئۇستازى.

دانىش خەلپەت ئۇستازىنىڭ قېشىدىن قايتىپ كېلىپ، شاگىرتلىرىغا ئەتە ئەتىگەندە بىر قولتۇقتىن ئوتۇن ئەكېلىشنى بۇيرۇپتۇ. مەشرەب كىچىكىدە دادىسىدىن يېتىم قالغاچقا، ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ كۈنى ناھايىتى غورىبەتچىلىكتە ئۆتىدىكەن. ئانىسى ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇپ، چاۋار تېرىپ كىرىپ ئوماچ ئېتىپ، ئوچاقتا كۆمەچ كۆمىدىكەن. ئەتىسى مەشرەب ئوماچنى ئىچىپ، چۈشلۈك غىزاسى ئۈچۈن تەييارلانغان كۆمەچنى سومكىسىغا سېلىپ، مەدرىسىگە ماڭغاچ قوناقنىڭ كۆتىكىنى ۋە چاۋار تېرىپ ھەممە ساۋاقداشلىرىنىڭ كەينىدە قاپتۇ. مەدرىسە ھويلىسىغا ساۋاقداشلىرى ئۆرۈك ۋە جىگدىنىڭ قۇرۇق ئوتۇنلىرىنى دۆۋىلىۋەتكەنىكەن.

— مەشرەب، نېمىشقا كېيىن قالدىڭ ؟ — دەپتۇ خەلپىتىم سوغۇق نەزەر بىلەن قاراپ.

— ئوتۇن تېرىمەن دەپ ئۇستاز، — دەپتۇ مەشرەب يەرگە قاراپ.

— ئەكەلگەن ئوتۇنۇڭ مۇشۇما ؟

— شۇنداق ئۇستاز، ئانامنىڭ تەرگەن ئوتۇنى ئوچاققا ئاران ئۇلگۈرىدۇ. مېنىڭ ئوتۇنۇم ساۋاقداشلىرىم ئەكەلگەن ئوتۇنغا تۇترۇق بولار.

— ماڭ، ئاۋۇ ئوتۇنلارنىڭ بىر چېتىگە تاشلا.

مەشرەب ئەكەلگەن ئوتۇننى دۆۋىلەنگەن ئوتۇننىڭ بىر چېتىگە تاشلىۋېتىپ كېلىپ، ئەسلىدىكى ئورنىدا تۇرۇپتۇ. دانىش خەلپەت شاگىرتلىرىنى قاتار تىزىپ:

— ھەممىڭلار نۆۋەت بىلەن بۇ ئوتۇننى پۈۋلەڭلار، — دەپتۇ.

— ئۇستاز، ئوت ياقمىغان ئوتۇننى پۈۋلىگەن نەدە بار؟ — دەپتۇ شاگىرتلىرى.

— تولا گەپ قىلماي دېگىنىمدەك قىلىڭلار، — دەپتۇ خەلپەت. شاگىرتلىرى «ئۇستاز بۈگۈن ئەقلىدىن ئېزىپ قالدىمۇ، نېمە؟» دەپ كۈلۈشۈپ، ئوتۇننى نۆۋەت بىلەن پۈۋلەشكە باشلاپتۇ. ئەڭ ئاخىردا نۆۋەت مەشرەبكە كەپتۇ.

— ئۇستاز، بۈگۈن مېنىڭ سىرىمنى بىلمەكچى بولۇپ بۇ ئويۇننى ئورۇنلاشتۇرۇپتۇ، — دەپتۇ مەشرەب ساۋاقداشلىرىغا قاراپ، — بوپتۇ، سىلەرگە بىر ئويۇن قويۇپ بېرەي، — ئۇ شۇنداق دەپلا «يائاللانىڭ ئەمرى، پىرنىڭ ئەمرى !» دەپ «پۇف » دەپتىكەن، ئاغزىدىن بىر پارچە ئوت ئۇچۇپ چىقىپ، ئوتۇنغا تۇتىشىپتۇ. ئوتۇن گۈرۈلدەپ كۆيۈشكە باشلاپتۇ. مەشرەب شۇ ھامان ئوتنىڭ ئىچىگە

كىرىپ «ياﺋاللا، يا ھۇ ...» دەپ جار سېلىشقا باشلاپتۇ. ئۇ ھەر قېتىم «ياﺋاللا !» دېگەندە، ئوت كۆتۈرۈلۈپ، پەلەككە يېتىپتۇ. ئۇ بىرھازادىن كېيىن ئوت ئىچىدىن چىقىپ ئوتقا قاراپ: «ئەي ئوت، ئەمدى توختا !» دەپتۇ. ئوت شۇ ھامان پەسىيىپتۇ. مەشرەب ئۇستاز ۋە ساۋاقداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ كېتىپتۇ.

## ئانا رازى — خۇدا رازى

مەشرەب مەدرىسىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، تەركىدۇنيا بولۇپ، ئاللانىڭ ئىشقىدا مۇناجات ئوقۇپ، چۆل - جەزىرىلەرنى كېزىپتۇ. نۇرغۇن خانىقا - مازارلارنى تاۋاپ قىپتۇ. شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ.

مەشرەب بىر كۈنى بىر مازارلىقتا كېتىۋېتىپ يېڭى كۆمۈلگەن بىر جەسەتنى يەرنىڭمۇ قوبۇل قىلمىغانلىقىنى، تېشىغا چىقىرىۋەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قاپتۇ - دە، ئۇنى كۆمۈپ قويماقچى بولۇپ، يېنىغا بېرىپتۇ. قارىسا جەسەت تېخى ئون گۈللىنىڭ بىرىمۇ ئېچىلمىغان ياش يىگىت بولۇپ، پېشانىسىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا توققۇز بوغۇملۇق بىر چايان غەزەپ بىلەن نەشتەر ئۇرۇۋېتىپتۇ. بۇنى كۆرگەن مەشرەب چايانغا ۋارقىراپتۇ:

— ھەي چايان، ئارقاڭغا قايت !

چايان يەنە چېقىشنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ.

— ھەي چايان، گېپىمنى ئاڭلىمايۋاتامسەن ؟ !

چايان گويا ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغاندەك، بېشىنىمۇ كۆتۈرمەپتۇ.

— چايان ! — دەپتۇ مەشرەب غەزەپ بىلەن، — بۇ ئۆلۈككە نېمانچىۋالا ئازاب سالىسەن ؟ ! ئەگەر كەينىڭگە قايتمايدىغان بولساڭ، ھاسام بىلەن سېنى پارە - پارە قىلىۋېتىمەن !

شۇ ھامان چاياندىن زۇۋان كەپتۇ:

— ئى ئەۋلىيا ! مەن بۇ ئۆلۈكنى ئۆز ئىختىيارلىقىم بىلەن چېقىۋاتقىنىم يوق، بەلكى ئاللانىڭ ئەمرى بىلەن چېقىۋاتىمەن. گېپىڭ بولسا ئاللاغا دېگىن !

مەشرەب بۇ گەپنى ئاڭلاپ شۇ ھامان دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ:

— ئى ئاللا، بۇ بەندەڭنىڭ قانداق گۇناھى بولسا مەن تىلەۋالاي، ئۇنىڭغا بۇنداق ئازاب قىلمىغىن. ئۇنىڭ گۇناھىنى كەچۈرگىن، — دەپتۇ.

شۇ چاغدا غايىبتىن سادا كەپتۇ:

— ئى مەشرەب، بۇ ئانىسىنىڭ قارغىشىنى ئالغان ئاسىي گۇناھكار بەندە. ئەگەر سەن بۇنىڭ گۇناھىنى تىلىمەكچى بولساڭ، ئاۋۋال ئۇنىڭ ئانىسىنى تاپ. ئانىسى رازى بولسا، ئاندىن مەن رازى بولۇپ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلىمەن.

— ئەگەر ئانىسى رازى بولمىسىچۇ؟

— ئۇ ھالدا تا ئاخىر زامانغىچە قاتتىق ئازابلىنىدۇ.

— ئى كەرەملىك ئاللا، بۇ بەندەڭگە بىردەملىك بولسىمۇ جان ئاتا قىلغان بولساڭ، مەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى ئۆز ئاغزىدىن ئاڭلىسام، — دەپتۇ مەشرەب.

ئاللا مەشرەبنىڭ تىلىكىنى ئىجابەت قىپتۇ. ئۆلۈككە جان كىرىپتۇ. ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن داد - پەرياد كۆتۈرۈپ، ئۆزىنى ھەريان ئۇرۇپتۇ. چايان چېقىشنى داۋاملاشتۇرىۋېرىپتۇ.

— ئەي ئاللانىڭ بەندىسى، مۇھەممەدنىڭ ئۈممىتى، سەن بۇنچە ئازابتا قالغۇدەك قانداق گۇناھ قىلغانىدىڭ ؟ — دەپ سوراپتۇ مەشرەب ئۇنىڭدىن.

— مېنىڭ گۇناھىم ئىنتايىن ئېغىر، دېيىشتىن نومۇس قىلىمەن، — دەپتۇ يىگىت ئاچچىق ئازاب

دەستىدىن پىغانلىق تولغىنىپ.

— ئازابتىن قۇتۇلۇشنى خالىساڭ، ئەھۋالنى ماڭا ئېنىق بايان قىل.

— ماقۇل، مەن ئېيتاي، ئازابتىن قۇتۇلىدىغانلا ئىش بولسا ئېيتاي، — يىگىت چاياننىڭ قاتتىق ئازابىغا بەرداشلىق بېرىپ سۆزىنى داۋام قىپتۇ، — مەن ئاتا - ئانامنىڭ بىر تالال پەرزەنتى بولغاچقا، ئۇلار نېمە دېسەم، شۇنى دەرھال بەجا كەلتۈرەتتى. ئائىلىمىز نامرات بولسىمۇ، ئاتا - ئانام مېنى يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ چوڭ قىلدى. مەن توققۇز ياشقا كىرگەندە، دادام ئالەمدىن ئۆتتى. ئائىلىمىزنىڭ بارچە ئېغىرچىلىقى بىچارە ئانامنىڭ زىممىسىگە چۈشتى. ئانام ماڭا ياخشىراق يېگۈزۈپ، كىيدۈرۈش ئۈچۈن باشقىلارنىڭ نېنىنى يېقىپ، كىرىنى يۇيۇپ كۆرمىگەن كۈنى قالمىدى. ئانامنىڭ تارتقان جاپايى بەدىلىگە مەن ياغ ئىچىدىكى بۆرەكتەك غەمسىز چوڭ بولدۇم. قۇرامىمغا يەتكەندە، ئانام بارلىق ئامالLARنى قىلىپ، ئۆزۈم ياخشى كۆرۈپ قالغان قىزنى ئەمرىمگە ئېلىپ بەردى. مەن ئايالىمغا ئىنتايىن ئامراق ئىدىم. بىر كۈنى سىرتتىن كىرسەم، ئانام بىلەن ئايالىم ئۆزئارا چاچلىشىپ شۇنداق قاتتىق ئۇرۇشۇۋېتىپتۇ. ئۇيانغا قارىسام ئانام، بۇيانغا قارىسام ئايالىم. مەن خىجالەتچىلىكتە نېمە قىلىشىمنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدىم. ئاخىر ئانامنىڭ مېھرى ئايالىمنىڭ مۇھەببىتىدىن ئۈستۈن كېلىپ، ئايالىمنىڭ كاچىتىغا قاتتىق ئۇرماقچى بولۇپ، قولۇمنى كۆتۈردۈم. بىراق، ئايالىم يۈزىنى چاققانلىق بىلەن ئېلىپ قېچىۋىدى، كاچات ئانامنىڭ ئاغزىغا تېگىپ، ئاغزى - بۇرنىدىن ئوقتەك قان كەتتى. تۈكۈرۈۋىدى، يەرگە ئىككى تال چىشى قان بىلەن ئارىلىشىپ چۈشتى. ئانام شۇ هامان ھۆڭرەپ يىغلاپ مېنى قارغاشقا باشلىدى: «ئىسىت سېنى پەپلەپ باققانلىرىم! ساڭا بەرگەن سۈتۈمگە، تۈزۈمغا رازى ئەمەسمەن! خۇدا ياش جېنىڭدىن ئايرىغاي، بۇ دۇنيادا ھېچكىمدىن ياخشىلىق كۆرمەي، ئۇ دۇنيا بېھىش يۈزى كۆرمەي ئۆتۈپ كېتەرسەن!» ئانامغا كۆڭلۈمنى چۈشەندۈرۈشكە ئامالسىز قالدىم. ئانام يىغلىغان پېتى ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. ئانامنى ئىزدەپ كېتىۋېتىپ بىر تامنىڭ تۈۋىگە بېرىپ، ھاجەتكە ئولتۇرۇشۇمغا پۇتۇم چوغ يېقىۋەتكەندەك ۋاززىدە ئېچىشىپ ئاغرىپ كەتتى. قارىسام چايان چېقىۋاپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ھايات بىلەن خوشلاشتىم. بىر چاغدا: «ئەي ئانا قارغىشى ئالغان بەتبەخت! پاك جىسمىمنى بۇلغىماي چىق!» دېگەن بىر ھەيۋەتلىك سادا ئاڭلىنىپ، زېمىن مېنى ئۆز قوينىدىن سىرتقا چىقىرىپ تاشلىدى. شۇ هامان مېنى چېقىپ ئۆلتۈرگەن چايان پېشانەمگە چىقىپ غەزەپ - قەھرى بىلەن چېقىشقا باشلىدى. ئاھ، خۇدا! مېنىڭ بۇ ئازابقا چىدىغۇدەك دەرمانىم قالمىدى، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. شاھ مەشرەب يىگىتنىڭ ئانىسىنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئەھۋالنى بايان قىپتۇ. ئانا ئوغلى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، ئىچ ئاغرىقىدا تولا يىغلاپ ئەما بولۇپ قالغانىكەن. ئانا ئوغلىنىڭ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، زار - زار يىغلاپ ياش تۆكۈپ ئاللاغا مۇناجات قىپتۇ:

— ئى كەرەملىك ئۇلۇغ ئاللا! مەن ئاچچىقىمدا مۇنداقلا دەپ قويغان گېپىمگە ئوغلۇمنى شۇنچە ئازابقا دۇچار قىپسەن. مەن بالامدىن رازى، ھەرقانداق گۇناھى بولسا كەچۈرگىن!

ئانىنىڭ دۇئاسى بىلەن تەڭ ئاللا يىگىتنى ئازابتىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ.

— ئى ئاللا! — دەپتۇ يىگىت، — ماڭا ياشاشقا يەنە بىر پۇرسەت بەرگەن بولساڭ، ئانامنى شىللەمدىن چۈشۈرمەي ئۆمرۈنىڭ ئاخىرىغىچە ئىززەت - ئىكرام بىلەن بېقىپ، دۇئاسىنى ئېلىۋالغان بولسام.

— ئى ئىنسان بالىسى، ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئۇنداق پۇرسەت ساڭا بىر قېتىم بېرىلگەن، سەن ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمىدىڭ. ھايات شامىڭنىڭ ئىككىنچى قېتىم يېنىشى مۇمكىن ئەمەس!

ئەزرائىل كېلىپ ئامانەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەر ئۇنى ئۆزلۈكىدىن قوينىغا ئاپتۇ.

شاھ مەشرەب ئانىنىڭ ئۇلۇغ خىسلىتىنى تا ئۆلگۈچە سۆزلەپ يۈرگەنىمىش.



# ياشلار ئۆيلىنىشقا تېگىشلىك سوئاللار

ئابدۇرېھىم دۆلەت

ھايات مەقسەت ئەمەس، بىر جەريان. مەن ئەزەلدىن شۇنداق قاراشتا. ياشلىق پەقەت ھاياتتىن ئىبارەت ئۇزاق بىر جەرياندىكى مەلۇم بىر مەزگىلدىن ئىبارەت. ئەمما، ياشلىقتىن ئىبارەت بۇ قىسقا مەزگىل ئۇزاق ھايات سەپىرىنىڭ مەنزىلىنى بەلگىلەيدىغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، بىزنىڭ مەغلۇبىيەتلىك ياكى غەلىبىلىك ياشىشىمىزنى بەلگىلەيدىغان بىر ھالقىلىق جەريان. ئادەم ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، ئۆز ئۆمرىدىن خۇلاسە چىقىرىپ، بىر پۈتۈن ھاياتىنى كۆز ئالدىدىن كىنو لېنتىسىدەك ئۆتكۈزگىنىدە، چوقۇم ياشلىقىدا سادىر قىلغان خاتالىق، ئەخمەقلىقىدىن چەكسىز ئۆكۈنىدۇ: قىلغان ياخشى ئىشلىرى، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدىن چەكسىز سۆيۈنىدۇ؛ ياشلىقىم قايتا قولغا كەلسە، چوقۇم ئۇنداق قىلماي، مۇنداق قىلغان بولاتتىم، مۇنداق قىلمىسام بوپتىكەن، مۇنداق قىلىۋالسام بوپتىكەن دەپ ئويلايدۇ. دېمەك، ئادەمنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى، قانداق ياشىشى دەل مۇشۇ ياشلىق مەزگىلىدە بەلگىلىنىدۇ.

ئەگەر بىز ھاياتنى بىزگە ھەدىيە قىلىنغان بىر سوۋغات دەپ قارىساق، ئۇ ھالدا ياشلىق بۇ سوۋغاتنىڭ جەۋھىرىدۇر. بۇرۇن بىر يىگىت سەپەرگە چىقىپ بىر تاغقا كەپتۇ. بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغانىكەن. يىگىت ئالدىدىكى جىلغىدىن مېڭىۋېرەي دەپ تۇرسا، تۇساتتىن بىر بوۋاي پەيدا بوپتۇ ۋە يىگىتكە: «ئالدىڭغا ئۇچرىغان، پۇتۇڭ دەسسىگەن تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ ماڭ دەپتۇ». شۇنىڭ بىلەن يىگىت پۇتىغا تەگكەن تاشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ خۇرجۇنىغا سېلىپ مېڭىپتۇ. تاشنى سېلىۋېرىپ خۇرجۇنمۇ توشۇپ قاپتۇ ۋە بارغانسېرى ئېغىر تۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن يىگىت بۇ تاشلارنى نېمىمۇ قىلارمەن، دەپ خۇرجۇندىكى تاشلارنى تاشلىۋېتىپتۇ ۋە قولىدا بىرنى ئويىنغاچ مېڭىپتۇ. يىگىت ئاخىر جىلغىدىن چىقىپتۇ. تاڭمۇ ئېتىپتۇ. يىگىت قولىغا شۇنداق قارىسا، قولىدىكىسى تاش ئەمەس، گۆھەر ئىكەن. ئۇ بۇنى كۆرۈپ چەكسىز پۇشايمان قىپتۇ ۋە جىلغىغا قايتا كىرىپ، تاشلىۋەتكەن گۆھەرلەرنى ئىزدەپتۇ، لېكىن تاپالماپتۇ.

دېمەك، ياشلىق ئەنە شۇ گۆھەرگە ئوخشاش بىر قىممەتلىك بولسىمۇ، بىر قېتىم يوقىتىپ قويۇلسا، قايتا تېپىۋالغىلى بولمايدىغان بايلىقتۇر. بەلكىم، مۇتلەق كۆپچىلىكىمىز ئەنە شۇ يىگىتتەك نادامەتلەرنى چېكىپ باققان بولۇشىمىز مۇمكىن. قايسى خىل مەھرۇملۇق ئادەمنى ئەڭ ئازابلايدۇ؟ مېنىڭچە، قايتا ئېرىشىش

مۇمكىن بولمايدىغان نەرسىنى يوقىتىپ قويۇش. پۇلىمىزنى يوقىتىپ قويساق، يەنە تاپالىشىمىز مۇمكىن؛ ئابرۇيىمىز تۆكۈلۈپ كەتسىمۇ، قايتا تىكلىۋالالىشىمىز مۇمكىن؛ دوستىمىزدىن ئايرىلىپ قالساق، يەنە يېڭى دوست تاپالىشىمىز مۇمكىن؛ ئەمما پەقەت ھاياتنىلا قايتا تاپقىلى، ئۇنىڭغا قايتا ئېرىشكىلى بولمايدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتى ئۇنىڭ بىر قېتىملىق ئىكەنلىكىدە. شۇڭا، ھاياتنىڭ، ياشلىقنىڭ مۇھىملىقىنى، قىممىتىنى چوقۇم ئۇنىڭدىن مەھرۇم بولغاندا، يەنى قېرىغاندا بىلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق، مۇھىمى ئۇنى قولىمىزدىكى ۋاقىتتا بىلىشتە. ئۇنداقتا بىز قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟

بەلكىم، تۆۋەندىكى بىرنەچچە سوئالغا ئەستايىدىل، سەمىمىيلىك بىلەن جاۋاب بېرىش بىزنىڭ قانداق قىلىشىمىزغا نىسبەتەن مەلۇم دەرىجىدە ياردەم بېرەلىشى مۇمكىن.

**بىرىنچى، سىز ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ قارامسىز؟**

بۇ سوئال ھېچكىمگە يېڭىلىق تۇيۇلمايدۇ. چۈنكى، بىز كىچىكىمىزدىن باشلاپ ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەكلىكى ھەققىدىكى پەند ـ نەسىھەت، تەربىيىلەر ئاستىدا چوڭ بولغان، بولۇپمۇ مەكتەپتە. ئەمما، ئارىمىزدا ھاياتنىڭ نېمىلىكى، مەنىسى، قانداق ياشاش كېرەكلىكى ھەققىدە تونۇپ كرەك باش قاتۇرۇپ باققانلار بەكلا ئاز. بىز ھېچبولمىغاندا، ھازىر كۈنىمىزنى قانداق ئۆتكۈزۈۋاتقانلىقىمىزغا قارىساقلا، بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىمىز. مېنىڭ قارىشىمچە، ياشلارنىڭ ئۆز ياشلىقىنى نېمىلەرگە سەرپ قىلىشى، قانداق ئۆتكۈزۈشى ئۇلارنىڭ ھاياتىنى ئىبارەت بىباھا، ئەمما ھەقسىز سوۋغاتنى قانداق چۈشىنىشىگە باغلىق. شۇڭا، «ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك» دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلىش ـ قىلماسلىق ھەربىر ياشنىڭ ئۆز ھاياتىنى قانداق ئۆتكۈزۈشىنى بەلگىلەيدۇ.

ئۇنداقتا، بۇ يەردىكى «مەنە» زادى نېمىنى كۆزدە تۇتىدۇ ياكى زادى نېمە ئىش قىلسا، ھايات مەنىگە ئىگە بولىدۇ؟

بۇ سوئالغا كونكرېت جاۋاب بېرىش قىيىن، چۈنكى، ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ھاياتىنى مەنىگە ئىگە قىلىشتىكى ۋاسىتىسى، ئۇسۇلى، ئىش ـ ھەرىكىتى ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلەر يېزىپ، بەزىلەر سىزىپ، بەزىلەر يۈگۈرۈپ، بەزىلەر ئويناپ، بەزىلەر ئويلىنىپ ... ھاياتىنى بەلگىلىك مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. ھاياتنىڭ قانداق مەنىگە ئىگە بولۇشى شەخسنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ، شۇغۇللىنىۋاتقان كەسپىنىڭ نېمىلىكى، ئۇلارنى قايسى مەقسەت ـ مۇددىئادا قىلىۋاتقانلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى سوئالغا گەرچە كونكرېت جاۋاب بەرگىلى بولمىسىمۇ، ئومۇمىي ھالەتنى نەزەردە تۇتۇپ مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن. ئەلۋەتتە، مەن بۇنى ئەڭ ئۆلچەملىك جاۋاب دېمەكچى ئەمەس، بۇ پەقەت مېنىڭ شەخسىي قارىشىم: ھاياتنىڭ مەنىسى دېگىنىمىز، ئادەمنىڭ مەلۇم بىر نىشانغا يېتىش يولىدىكى تۆلىگەن بەدىلى، كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىنىڭ يىغىندىسى ياكى تېخىمۇ ئومۇملاشتۇرغاندا، مەلۇم نىشانغا يېتىشتىكى تىرىشىش جەريانىدىن ئىبارەت. گەرچە كۆزلەنگەن مەقسەت تولۇق ئىشقا ئاشمىغاندىمۇ، شۇ مەقسەت ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق شۇ ھاياتنى مەقسەتسىز ياشىغان ھاياتتىن پەرقلەندۈرىدىغان بىر مەنىگە ئىگە قىلىدۇ. بۇ يەردە ھاياتنى مەنىگە ئىگە قىلىشتا مەقسەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى توپ شەرت قىلماسلىقتىكى سەۋەب شۇكى، مەقسەتلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇتلەق ئەمەس ھەم مۇمكىن ئەمەس. ئەڭ مۇھىمى شۇ مەقسەت ئۈچۈن قانچىلىك تىرىشىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش. ھاياتتىكى بىز دېگەن «مەنە» مانا مۇشۇ

جەرياندا پەيدا بولىدۇ. دېمەك، كىشىنىڭ ئېيتىشىچە بولىدۇكى، مەنىسىز ھايات مەقسەتسىز ھاياتتۇر، مەقسەتسىز ھاياتتا مەنە بولمايدۇ. مەنە مەقسەتنى شەرت قىلىدۇ. مەسىلە نېمىنى مەقسەت قىلىش ۋە شۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانداق ۋاستە قوللىنىشتا.

ئەمما، دۇنيادا ھاياتنىڭ مەقسەتسىزلىكىنى، ياشاشنىڭ مەنىسىزلىكىنى تەشەببۇس قىلىدىغانلارمۇ، تۇغۇلۇش تاسادىپىيلىق، ياشاش ۋەزىپە دەپ قارايدىغانلارمۇ يوق ئەمەس. ھاياتتا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەس، ئۇ پەقەت ئىنسانلار تەرىپىدىن ئويدۇرۇپ چىقىرىلغان ساختىلىق؛ ئىنسانلار كۆزلەۋاتقان گۈزەل غايىلەر، مەدھىيىلەۋاتقان گۈزەللىكلەر ماھىيەتتە ئىنسانلار ئۆزلىرى پەيدا قىلىۋالغان ساختا تۇيغۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ غايىلەرگە يەتكىلى بولمايدۇ، بۇ خىل غايىنى قوغلىشىش قۇملۇقتىكى ئالۋۇننى قوغلىغاندەك بىر بىھۇدە ئەخمىقانىلىك؛ ئىنسانلار گۈزەللىكنى قوغلىشىپ، مۇكەممەل ئادەم بولىمىز دەپ ئۆزلىرىگە ئەمەلگە ئاشمايدىغان غايىنى يۈكلەپ، ئۆزلىرىنى ئازابلايدۇ، ئىنسانلارنىڭ مۇكەممەل بولىمىز دېيىشى خۇددى ئىلاھ بولىمىز دېگەندەك بىھۇدە ئەخمىقانىلىك؛ شۇڭا ئىنسان بۇنداق يەتكىلى بولمايدىغان غايىنى قوغلىشىپ ئۆزىنى ئازابلىماسلىقى، ئالدىماسلىقى كېرەك ئۆزىگە پرىنسىپ ـ قائىدىلەرنى بەلگىلەپ، پۇت ـ قولىنى چۈشەپ يۈرمەي، ئەركىن، چەكلىمىسىز ياشىشى، مۇكەممەل ياكى ياخشى ئادەم بولىمەن دېگەن غايىنىڭ بېسىمىدىن قۇتۇلۇشى كېرەك، شۇندىلا ئىنسان ئۆزىنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىگە لايىق ياشىغان بولىدۇ ... دېگەن قاراشلار كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە، پرىنسىپسىزلىققا، ئۆزىنى قويۇۋېتىشكە باشلايدۇ. بۇنداق بولغاندا، ھاياتتىكى ھەممە نەرسە رەزىلدەك، دۇنيادا گۈزەللىك مەۋجۇت ئەمەستەك بىلىنىپ، ھايات بىر ئەھمىيەتسىز جەريانغا ئايلىنىدۇ.

توغرا، ھاياتتا رەزىللىك مەۋجۇت، رەزىللىك بەلكىم گۈزەللىكنىڭ قىياپىتىگە كىرىۋالغان، ساختىلىق چىنلىقنىڭ تونىنى كىيىۋالغان بولۇشى، بەزىدە رەزىللىك گۈزەللىك ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشى، ھەتتا بۇ خىل ھالەت خېلى ئۇزۇن مەزگىل داۋاملىشىشى مۇمكىن. ۋەھالەنكى، رەزىللىكنىڭ غەلىبىسى ئۇنىڭ بەرھەقلىقىنىڭ دەلىلى ئەمەس ياكى رەزىللىكنى قوبۇل قىلساق، بولىدۇ دېگەنلىكمۇ ئەمەس، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى گۈزەللىكنىڭ يوقلۇقىنىڭ ئىسپاتىمۇ ئەمەس. بىز تېخىمۇ چوڭقۇر ئويلانساق، رەزىللىكنىڭ مەۋجۇتلۇقى گۈزەللىكنىڭ يوقلۇقى ئەمەس، بەلكى بارلىقىنىڭ ئىسپاتى ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يېتىمىز. چۈنكى، دۇنيا قوش قۇتۇپتىن تۈزۈلگەن، بۇ ھەممە كىشى قوبۇل قىلىدىغان بىر ھەقىقەت. مەسىلە ئادەملەرنىڭ قايسىسىنى تاللىشىدا. كىشىلەرنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشى، ياخشىلىقنى سۆيۈشى ئىنسان تەبىئىتىگە كۆمۈلگەن، شۇنداقلا يامانلىققا مايىل بولۇش، رەزىللىكنى خالاشمۇ ئوخشاشلا ئىنسان تەبىئىتىنىڭ بىر قىسمى، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ياخشى ئادەم بولۇش، يامان ئادەم بولۇش مۇمكىنچىلىكى بار. ئىنساننىڭ گۈزەللىككە مايىل تەرىپى يامانلىققا مايىل تەرىپىنى مۇتلەق يوقىتالايدۇ، دەپ چۈشىنىشمۇ توغرا ئەمەس. ئىنسانلارنىڭ گۈزەللىككە ئىنتىلىشىنى بىر خىل مۇتلەق مۇكەممەللىككە ئىنتىلىش، پەرىشتىلەرچە مەقامنى كۆزلەش، ئەگەر ئۇنداق مەقامغا يېتەلمىسە، گۈزەللىككە ئىنتىلمەسلىك كېرەك، ئۇ بىھۇدىلىك دەپ چۈشەنسەكمۇ خاتالاشقان بولىمىز. مېنىڭچە، بۇ مەسىلىنى مۇنداق چۈشىنىش كېرەك: ئىنسان ئىمكانىيىتىنىڭ يېتىشىچە، ئەڭ زور دەرىجىدە مۇكەممەل بولۇشقا تىرىشىشى كېرەك، مۇتلەق مۇكەممەل بولالمىغىنىدىن ئەپسۇسلانمىسىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، ئۇ مۇتلەق پەللىگە ئىنسان يېتەلمەيدۇ، ئەڭ مۇھىمى ئىنسان ئۆز تەبىئىتىنىڭ ياخشى تەرىپى بىلەن يامان تەرىپىنى بېسىپ، ئۇنى ئىپادىلىنىشتىن توسۇش، شۇنداقلا ئۆز نەپسىنى ئەقىل ـ ئېڭى بىلەن ئەڭ زور دەرىجىدە كونترول قىلىشتۇر. ھاياتتا ئىنساننىڭ قانداقلىقى ھاياتتىكى نىشانىغا

يېتىش جەريانىدا ۋە قوللانغان ۋاستىسىدە ئىپادىلىنىدۇ. ئىنسان ئۆز ھاياتىدا خاتالىق ۋە يامانلىقتىن ئەڭ زور دەرىجىدە ساقلىنالىسا، قىلغان ياخشىلىقى يامانلىقىدىن كۆپ بولسا، يامانلىق قىلىپ سالسا، پۇشايمان قىلىپ ئۆكۈنگۈدەك يۈرىكى بولسا، خاتالىقىنى تۈزىتەلىسە، يامانلىققا ئادەتلىنىپ قالمىسا، يامانلىققا نەپرەتلىنەلىسە، ياخشىلىق قىلالمىسىمۇ، ئۇنى ئۈچ كۆرمىسە، ھاياتىنى ئومۇمەن مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزگەن بولىدۇ. يامانلىقتىن قول ئۈزۈپ، ياخشىلىققا ئىنتىلىشنى ئۆزىگە نسبەتەن بېسىم ھېس قىلىدىغان ئادەم نورمال ئادەم ئەمەس.

دېمەك، ئۆزىنىڭ ئۆمرىنى، ھاياتىنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشنى ئىرادە قىلغان ھەرقانداق بىر ياش ئاۋۋال چوقۇم ھاياتتا مەنە، گۈزەللىك بارلىقىغا چوقۇم ئىشىنىشى، ناتوغرا ئىدىيەلەرنىڭ زەھىرىدىن خالىي بولۇشى كېرەك. ھاياتتا مەنە بار دېگەن قاراشنىڭ تۇرغۇزۇلۇشى مۇۋەپپەقىيەت يولىغا قەدەم باسقانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ.

ئىككىنچى، سىزدە مەلۇم بىر مۇستەقىل ئىدىيە ـ دۇنيا قاراش شەكىللەندىمۇ؟

مېنىڭچە، ئادەمدە سەل بالدۇرراق بولسا 15 ـ 16 ياشلاردا، كېچىكسىمۇ 18 ـ 19 ياشلاردا ئاز ـ تولا مۇستەقىل ئىدىيە ـ قاراش شەكىللىنىشكە باشلايدۇ. گەرچە ئادەم مۇشۇ مەزگىلدە يەنىلا ئۆزگىرىشچان، تۇراقسىز بولسىمۇ، نېمىگە ئېتىقاد قىلىش، نېمىگە ئىشىنىش، قانداق يول، قانداق ئىدىيە تاللاش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئويلىنىشقا باشلايدۇ. بۇ خىل تاللاش ياشلارنىڭ كېيىنكى ھاياتىدا قايسى يولغا مېڭىشىنى بەلگىلەيدۇ. ھەربىر ياش چوقۇم مۇستەقىل تاللاشقا دۇچ كېلىدۇ ۋە شۇ توغرىدا بېشى قاتتىق قاتىدۇ. بۇ ھەرگىزمۇ يەڭگىلتەكلىك قىلىدىغان تاللاش ئەمەس، بەلكىم بۇ بىر ئادەمگە نىسبەتەن جورا، كەسىپ تاللاشتىنمۇ ھالقىلىق، مۇھىم بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، ئادەمنىڭ بىر پۈتۈن ھاياتى ئۆزى تاللىۋالغان شۇ ئىدىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆتىدۇ.

ئىدىيە دېگىنىمىز، بىر ئابستراكت ئۇقۇم. ئۇ بىر ئادەمنىڭ دۇنيا، ھايات، ئىنسان، مۇھەببەت، گۈزەللىك ـ رەزىللىك، ھەق ـ ناھەق، ھەقىقەت ـ سەپسەتە دېگەندەك مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى بولۇشى مۇمكىن. مەن ھەربىر ياشتا چوقۇم يۇقىرىقى ياكى يۇقىرىدىكىگە ئوخشىمىغان مەسىلىلەر ئۈستىدە بەلگىلىك مۇستەقىل قارىشى، چۈشەنچىسى بولۇشى كېرەك دەپ ئويلايمەن. بۇ ھەقتىكى ئىدىيە ـ قاراشلارنى تاللاشتا مۇھىمى تاللىغۇچىنىڭ مۇستەقىل ھۆكۈم قىلىشىدۇر. ياشلار بۇ خىل تاللاشتا مەلۇم شەخس، مەلۇم ئەسەر ياكى كىتابلار، تەلىماتلارنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىسىمۇ ۋە ياكى شۇلارنىڭ قاراشلىرىنى قوبۇل قىلسىمۇ چوقۇم ئۇلارنى ئۆزىنىڭ مۇستەقىل تەپەككۇر جەريانىدىن ئۆتكۈزۈشى، ئەقلىي دەلىللىشى، پاكىت ـ لوگىكىغا ئەھمىيەت بېرىشى ھەمدە ئاخىردا ئۆزىنىڭ مۇستەقىل ھۆكمىنى چىقىرىشى كېرەك. مۇستەقىل بولمىغان ئىدىيە ئىشەنچسىز، ئاجىز بولىدۇ، ئىدىيىسى مۇستەقىل بولمىغانلارمۇ قارىغۇلارچە ئەگەشكۈچىلەردۇر، ئۇلار پىكرىي قارىغۇلۇقتىن ساقلىنالمايدۇ، بۇنداق كىشىلەرنى بەلگىلىك ئىدىيىسى بار دېگىلىمۇ بولمايدۇ.

يۇقىرىدا دېگىنىمىزدەك، ئىدىيە نوقۇل بىر خىللا نەرسە ئەمەس، ئۇ بىر قاتار قاراش ـ چۈشەنچىلەردىن تەشكىل تاپقان بىر پۈتۈن سىستېما. بۇ سىستېمىنىڭ يادروسى مېنىڭچە ئېتىقاد. ئىدىيە ئېتىقادنى مەركەز قىلىپ قانات يايىدۇ، شۇنى دەۋر قىلىدۇ، باشقا ئىدىيىۋى تەركىبلەرگىمۇ ئېتىقادنىڭ تامغىسى بېسىلغان بولىدۇ. ئېتىقاد مەلۇم بىر چۈشەنچىگە ئىشىنىشنى كۆرسىتىدۇ.

ئاۋۋال ئەقلىنىڭ تاسقىشىدىن، تەستىقىدىن ئۆتمىگەن ئېتىقاد نادانلىق، جاھالەتنىڭ يىلتىزى بولىدۇ. ئېتىقادنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ئاۋۋال ئېتىقاد باغلانغان شەيئىنىڭ نېمىلىكىگە، ئاندىن قوبۇل قىلغۇچىنىڭ تەپەككۇرىغا باغلىق بولىدۇ. ئىشقىلىپ قانداقلا بولمىسۇن، مەلۇم بىر ئېتىقادنى مەركەز، يادرو قىلماي تۇرۇپ، بىر مۇستەقىل ئىدىيە شەكىللىنەلمەيدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىدىيىسى مۇستەقىل ياكى ئېنىق بولمىغان ئادەمنىڭ ھاياتى دېڭىزدىكى غازاڭدەك لەيلەپ ئۆتىدۇ.

بۇ خىل ئىشىنىش ياكى ئېتىقاد ئادەمنىڭ ھەرقانداق بىر شەيئى، ھادىسىگە تۇتقان پوزىتسىيىسىدە، ھەق ـ ناھەق، گۈزەل ـ رەزىللىك ئالدىدىكى مەيدانىدا، چوڭ ـ كىچىك ئىش ـ ھەرىكىتىدە روشەن ئەكس ئېتىدۇ. بولمىسا ئۇنى ئېتىقاد دېگىلى بولمايدۇ. مەلۇم بىرنەرسىنى ھەقىقەت دەپ ئېتىقاد قىلىپ، يەنە ئۇنىڭ تەسىرىسىز ياشاش مەنتىقىگە ئۇيغۇن ئەمەس. ئېتىقاد ئادەمنى مەلۇم بىر ئۆلچەم بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. ئەماغا ھاسا قانچىلىك مۇھىم بولسا، ئادەمگە ئۆلچەم شۇنچىلىك مۇھىم.

دېمەك، بىر ياش ئۈچۈن بىر مۇستەقىل ئىدىيە ئىنتايىن زۆرۈر، چۈنكى ئۇ شۇ ئىدىيىگە چۈشلۇق ياشايدۇ ۋە ئىش ـ ھەرىكىتىنى شۇ بويىچە ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

## ئۈچىنچى، ھاياتىڭىزدا ئۆزىڭىزنى ئاتىغۇدەك بىرەر نىشانىڭىز بارمۇ؟

بىز باشتىكى «سىز ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈش كېرەك، دەپ قارامسىز؟» دېگەن سوئالدا، ھاياتنىڭ مەنىسىنىڭ نىشان ئۈچۈن كۆرسىتىلگەن تىرىشچانلىق جەريانىدا يارىتىلىدىغانلىقىنى تىلغا ئالدۇق، يەنى ھاياتتا مەلۇم نىشان بولغاندىلا، ئاندىن ھايات مەنىلىك ئۆتىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كەلدۇق. ئەمدى بىز بۇ مەسىلە ئۈستىدە تېخىمۇ كونكرېت توختىلىمىز.

ئىنساندىكى نىشان نېمىگە ئاساسەن تىكلىنىدۇ؟ نىشاننىڭ مەنىسى نېمە؟ بۇ سوئاللارنىڭ جاۋابى ئىككىنچى سوئالىمىنىڭ جاۋابىدا. ئەگەر بىز ئادەمنىڭ ھاياتى شۇ كىشىنىڭ ئىدىيە ـ ئېتىقادىغا چۈشلۇق ئۆتىدۇ( بەلكى ئېتىقادنىڭ ئاجىز ـ كۈچلۈكلۈكى بىلەن پەرقلىق بولىشىمۇ) دېگەن قاراشنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئىنساننىڭ نىشانى ئۇنىڭ ئېتىقادى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ، دېگەن خۇلاسىگە كېلىمىز. تېخىمۇ ئېنىق دېگەندە، ئېتىقاد بىلەن نىشان ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ، ئېتىقاد قانداق بولسا، نىشان شۇنداق بولىدۇ، ئىككىسى زىت كېلىدىغان ئىش بولمايدۇ، ئەگەر بوپقالسا چوقۇم ئىككىسىنىڭ بىرى ساختا بولغان بولىدۇ. يۇقىرىدا ئېيتقاندەك، ئېتىقاد ئىنساننى ئۆلچەم بىلەن تەمىنلەشتىن باشقا يەنە نىشان بىلەنمۇ تەمىنلەيدۇ. بەلگىلىك نىشان كۆرسىتىپ بېرەلمەيدىغان ئېتىقاد مەۋجۇت بولمايدۇ.

نىشانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئامىللارنىڭ يەنە بىرى ئەمەلىي ئېھتىياج. سىز تۇرۇۋاتقان رايوننىڭ شارائىتىنى چىقىش قىلمىغان، شۇ يەرنىڭ ئېھتىياجى كۆزدە تۇتۇلمىغان نىشان بىر خام خىيال. ئەمەلگە ئېشىشىنىڭ ئاز ـ تولا ئەمەلىي شەرتلىرى بولمىغان نىشان ئادەمنى پەقەت بىھۇدە بەدەل تۆلىتىدۇ، خالاس. شۇڭا، سىز نىشانىڭىزنى بەلگىلىگەندە، ساددىلىق بىلەن ئۆزىڭىزنىڭ ياقتۇرۇش ـ ياقتۇرماسلىقىنىلا ئۆلچەم قىلىۋالماسلىقىڭىز، بۇ مەسىلىدە تولىمۇ سوغۇق قان بولۇپ، نوقۇل قىزىقىش، ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرمەسلىكىڭىز كېرەك. قىزىقىشنىڭ رولىنىڭ مۇھىملىقىنى ئېتىراپ قىلساقمۇ، مۇمكىنقەدەر قىزىقىشنى ئەمەلىي ئېھتىياجغا ماسلاشتۇرۇش كېرەك. ئادەم قىزىققانلا نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ چوقۇم پايدىلىق بولۇشىمۇ ناتايىن.

شۇڭا، ياشلار نىشاننى بېكىتكەندە، چوقۇم ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەت ۋە دۇنيانىڭ نۆۋەتتىكى ھالىتىنى، كەلگۈسى يۈنىلىشىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشى، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىشى كېرەك،

بۇ نىشان بەلگىلەشتە كەم بولسا بولمايدىغان ھالقا.

نىشانغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئۇچىنچى ئامىل ئۇنىڭ ئۆزىڭىزگە ماس كېلىش - كەلمەسلىكىدۇر. ئۆزىڭىزنىڭ ئىقتىداردىن ھالقىپ كەتكەن، قولىڭىزدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى نىشان قىلىشمۇ سىزنى بىھۇدە بەدەل تۆلىتىدۇ. بۇنىڭدىمۇ چوقۇم سوغۇق قان بولۇشىڭىز، ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەلىي شەرت - شارائىتىنى ئويلىشىڭىز كېرەك. گەرچە بەزى مۇمكىن ئەمەس دەپ قارالغان ئىشلار تىرىشچانلىق نەتىجىسىدە مۇمكىن بولسىمۇ، تىرىشچانلىق بىلەن ھەل قىلغىلى بولمايدىغان مەسىلىلەرنى چوقۇم ئېتىراپ قىلىپ، نىشاننى ئاقىلانە تاللاش كېرەك. مەسىلەن، ئاۋازى ياخشى ئەمەسلەر ناخشىچى بولىمەن دېيىشى، ۋىجىك كىشىلەرنىڭ ئېغىر دەرىجىلىكلەر بوكس ماھىرى بولىمەن دېيىشى ئاقىلانىلىك ئەمەس.

دېمەك، ياشلار نىشاننى بېكىتىشتە ئۇنىڭ ئېتىقادىغا، ئەمەلىيەتكە، ئۆزىگە ئويغۇن ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشى كېرەك ياكى باشقىچە دېگەندە، ئېتىقادىنى، ياشاۋاتقان رېئاللىقىنى، ئۆزىنى چۈشىنىشى كېرەك.

### تۆتىنچى، نىشانىڭىزغا ئاساسەن تۈزگەن كونكرېت قەدەم باسقۇچلۇق پىلانىڭىز بارمۇ؟

نىشان ۋە ئۇنىڭغا نىسبەتەن قىزغىنلىق بولسىلا كۇپايە ئەمەس، مۇھىمى شۇنىڭغا لايىق ئەمەلىي ھەرىكەت بولۇشى كېرەك. ئەمەلىي ھەرىكەتنىڭ ئۈنۈمى بولۇشى ئۈچۈن، ئۇ چوقۇم مەلۇم پىلاننىڭ ئىچىدە بولۇشى كېرەك. سىز نىشانىڭىزنى قانچىلىك چۈشەنسىڭىز، پىلانىڭىز شۇنچىلىك كونكرېت، ئېنىق بولىدۇ.

پىلاننى ئەتراپلىق تۈزۈش ناھايىتى مۇھىم ئىقتىدار ھېسابلىنىدۇ. نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىش - ئاشماسلىقى پىلاننىڭ تۈزۈلۈشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىنى ئالدىنقى شەرت قىلىدۇ.


پىلان تۈزۈشتىن بۇرۇن سىز نىشانىڭىزنىڭ سىزدىن نېمىلەرنى تەلەپ قىلىدىغانلىقىنى ئوبدان چۈشىنىشىڭىز كېرەك، بۇنى چۈشەنمەي تۇرۇپ، پىلان تۈزۈش مۇمكىن ئەمەس. بىر ئادەمگە نىسبەتەن نىشان، غايىگە ئىگە بولۇش قىيىن ئەمەس، مەسىلە شۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان بىر كونكرېت يول تېپىش. پىلان تۈزۈش دەل شۇ يولنى تاپىدىغان ئىنچىكە، كونكرېت جەرياندۇر. ئادەمنىڭ ئىقتىدارى مۇشۇ جەرياندا سىنىلىدۇ ۋە ئىپادىلىنىدۇ، شۇنداقلا بىز دېگەن مەنە مۇشۇ جەرياندا ھاسىل بولىدۇ. كونكرېت مەسىلىلەرنى ھەل قىلماي تۇرۇپ، نىشاندىن سۆز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم نىشاننىڭ تەلىپىنى چۈشەنسە، نېمە ئىش قىلىش كېرەكلىكىنى بىلگەن بولىدۇ. شۇڭا، بۇ ئىنتايىن مۇھىم.


ئەگەر سىز چەت ئەلدە ئوقۇماقچى بولسىڭىز، چەت ئەل تىلىدىن ئىبارەت ئۆتكەلگە دۇچ كېلىسىز. ئۇنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ئۆگىنىشىڭىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن تىلنى قانداق ۋاقىتتا ئۆگىنىش، قايسى كىتابتىن ئۆگىنىش، كۇرسقا قاتناشسا، قايسىسىغا قاتنىشىش ... سۆزلەش، ئاڭلاش، يېزىش ئىقتىدارىنى قانداق ئۆستۈرۈش ... دېگەندەك كونكرېت مەسىلىلەرگە دۇچ كېلىسىز. دېمەك، مانا بۇلارنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىشىڭىز سىزنىڭ پىلاننى قانداق تۈزۈشىڭىز ۋە ئىجرا قىلىشىڭىزغا باغلىق.

قىسقىسى، بۇ سوئاللار مېنىڭچە ھەربىر ياش ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك سوئاللاردۇر. ئويلىنىش بىلەن ئېرىشىلگەن جاۋاب سىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭىزنى قانداق ئۆتكۈزۈشىڭىزگە ئاز - تولا ئىجابىي تەسىر كۆرسەتمىسە ئەجەب ئەمەس.









«تارىخى رەشىدى» (داۋامى) نىڭ قولىيازمىسى



تۇرسۇنجان مۇھەممەت فوتوسى　　　　　　هۆنەرۋەنلەر


# 源　泉（布拉克）

（维 吾 尔 文）　　总116期

# بۇلاق

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي 116 - سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
新疆漠尔通(MORTOM)印刷有限责任公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر)
شىنجاڭ مورتوم ( MORTOM ) مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号:CN65-1063/I
国际标准连续出版物号:ISSN 1005-0876
国外发行号:Q1118　邮政编码:830001
邮政代号:58-108　定价:6.50元

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى:
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى:
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى:830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 108-58　باھاسى: 6.50 يۈەن